TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

# 新疆社科论坛

2013 4



نوائی
هم سرشته‌مه کونکلنی شیخیمه درزغا بس
هم شیخ اوزنی زاهد هوشیارغا بس
هم پرده‌ده تلنغ منی زارغا بس
هم نغمه‌جه ده کلی جانی بیمارغا بس

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

قوش ئايلىق ئىلمىي ژۇرنال

2013 ـ يىل 4 ـ سان
ئومۇمىي 122 ـ سان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ ئىجتىمائىي
پەنلەر مۇنبىرى

قوش ئايلىق ئىلمىي
ژۇرنال
2013 ـ يىللىق 4 ـ سان
(ئومۇمىي 122 ـ سان)

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرناللىرى نەشرىياتى
تەھرىر ھەيئىتى

مۇدىر
ئابدۇرېھىم خالىق

مۇئاۋىن مۇدىرلار
شى جيەن
قادىلبېك قاخان

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابلەت نۇردۇن
ئادىل سەمخان
ئارسلان ئابدۇللا
ئابدۇكېرىم مۇخامېتسادىق
باتۇ بالجا
جا ئۇچىربات
جامساپ بازىكباي
دەن بى
كامۇنا جانبۇز
گاۋ جيەنلۇڭ
لا دىشىبېك لى ئەيمىن
لېي لىن
ئوسمانجان مۇھەممەت
ئىمىن ئەخمىدى

ئىجرائىيە باش مۇھەررىر
ئوسمانجان مۇھەممەت

بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى
مەرۋىجان مەمتىمىن

تاق ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەشر-دىن چىقىدۇ

# بۇ ساندا

## سىياسىي نەزەرىيە

تور جەمئىيىتى شارائىتىدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك ............ چېن لى (5)
پارتىيەنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ............ روشەنگۈل ئىسمائىل (13)

## ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش

ئېكولوگىيەلىك مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ............ قۇربانجان روزى (15)

## مەدەنىيەت ـ مائارىپ

«ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» غا تولۇقلىما ............ ئىمىر غىياس (18)
يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدە ............ رۇقىيەم ئابدۇللا (31)

## تارىخ ـ ئارخېئولوگىيە

ئەنگلىيەدە ساقلىنىۋاتقان كۇسەن پۈتۈكلىرى ............ تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن (34)
قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ شىنجاڭدىن تېپىلىشى............ گۈلمېھرى ئەلى پاشا (41)

## ئەدەبىيات تەتقىقاتى

زەلىلىنىڭ بىر قىسىم بەدىئىي سەنئەتلىرى توغرىسىدا ......... تۇرسۇن قۇربان تۈركەش (46)
قەلەم ۋە ئەلەم ساھىبى شائىر ئەرشى ............ ھۆرمەتجان فىكرەت (59)
«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى ھۈنەر ـ سەنئەتكە دائىر مەزمۇنلار ............ ئادىل غاپپار كارىزى، بۇمەريەم شېرىپ خۇشتار (65)

## مۇزىكا تەتقىقاتى

ئۇيغۇر دولان مەشرەپلىرى توغرىسىدا يىغىنچە چۈشەنچە ......................... گۈلنار ئوبۇل (73)
مۇزىكا سېزىمى ۋە مۇزىكىدىن زوقلىنىش ھەققىدە ......................... ئابدۇرېھىم ئابلىز (83)

## تىل - يېزىق

«ئابۇشقا» لۇغىتىنىڭ يېڭى نەشرى ھەققىدە ......................... غەيرەتجان ئابدۇراھمان ئۇزغار، مەقسۇد سېلىم (87)
تەرجىمىنىڭ مەدەنىيەت ئامىلى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ......................... گۈلجەننەت ئىسمائىل (92)
ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ سۇبيېكتى توغرىسىدا ......................... دىلنۇر ئېلى (95)

## ئاخبارات - نەشرىيات

تەھرىرلىك ۋە كوررېكتورلۇق توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم......................... خالىدە مامۇت (99)
زامانىۋى نەشرىياتچىلىق توغرىسىدا ......................... گۈلباھار توختى (102)

## قامۇسچاق

ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا......................... غەيرەتجان ئوسمان بىلىكيار (105)
ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ......................... ئامىنە ئەخمەت (107)
كومپيۇتېر ئوقۇتۇشى توغرىسىدا ......................... قۇدرەت رېشىت (110)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

《新疆社科论坛》
（维吾尔文版）

新疆维吾尔自治区社会科学界联合会主办

双月刊
2013年第4期
总第122期

《新疆社科论坛》
杂志社编委会

主任
阿不都热依木·哈力克

副主任
郗健　哈德别克·哈汉

编委成员
（按姓氏笔画排序）
丹碧　巴特　巴理嘉
卡木那·江波孜
加·奥其尔巴特　束迪生
伊明·艾合麦提　李爱民
吾斯曼江·木合麦提
阿不来提·努尔东
阿布都克力木·木哈米提萨德克
阿尔斯兰·阿不都拉
阿迪力·赛米汗
贾木沙甫·巴孜克拜
高建龙　雷琳

执行主编
吾斯曼江·木合麦提

本期责任编辑
买如甫江·买买提明

单月15日出版

# 目　录

## 政治理论

努力提高网络社会条件下的执政能力 ……陈里(5)
浅谈保持党的纯洁性的重要意义……如先古丽·司马义(13)

## 经济建设

生态文明和经济发展 ……库尔班江·肉孜(15)

## 文化教育

关于对《维吾尔新型教育模式从何开始》的补充 ……依米尔·合牙斯(18)
以现代文化为引领、强化农村文化建设 ……茹克娅木·阿不都拉(31)

## 历史考古

英藏龟兹文献的发现与研究 ……台来提·乌布力(34)
《佉卢文文献》在新疆被发掘 ……姑力米热·艾力(41)

## 文学研究

关于再力力部分艺术技巧研究 ……吐尔逊·库尔班(46)
文武双全的主人公——诗人艾尔西 ……吾尔买提江·阿不都热合曼(59)
浅谈《突厥语大词典》中的手工技巧……阿地力·阿帕尔，玛丽娅姆·希热甫(65)

## 音乐研究

论维吾尔刀郎麦西莱甫的新探索……故丽娜尔·吾甫力(73)
关于乐感及其欣赏……阿布都热依木·阿布力孜(83)

## 语言文字

关于《阿布什卡》词典的新版…… 艾来提江·阿布都热合曼，麦苏木·色力木(87)
浅析翻译的文化因素 ……古丽加娜提·司马义(92)
关于文学翻译的主观性 ……迪丽努尔·艾力(95)

## 新闻出版

浅谈文稿校对问题 ……哈力旦·马木提(99)
浅谈现代出版业 ……古丽巴哈尔·托呼提(102)

## 小百科

关于规范社科研究的思考 ……艾热提江·噢斯曼(105)
关于中学语文课教学的几点思考 ……阿米娜·艾合买提(107)
浅谈对计算机课程教学的看法 ……库德来提·热西提(110)

# تور جەمئىيىتى شارائىتىدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك

چېن لى

(شەنشى ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى 710016)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئىنتېرنېت تورىنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇش ھوقۇقى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقى، تاللاش، نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى كېڭەيتىشتە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى، شۇڭا تور جەمئىيىتى تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئەتراپلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن.

**摘要**: 本文全面阐述了人民群众通过网络了解政府工作、对扩大 知情权、参政权、选择权、监督权具有十分重要意义。证明广大人民群众需要积极适应网络发展、有效利用网络等问题。

تور جەمئىيىتى كومپيۇتېر تور بوشلۇقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدىكى «مەۋھۇم تېخنىكا مەيدانى» بولۇپ، ئۇ مەۋھۇم تور سىپېر تېخنىكىسى ئارقىلىق رېئال مەنزىرىگە تەقلىت قىلىنغان ئىجتىمائىي شەكىلدۇر. ھازىرقى زامان جۇڭگو شارائىتىدا Web1.0 دىن Web3.0 غىچە بولغان ئۈچ تور تېخنىكا ئىنقىلابى تېز سۈرئەتتە تامامەن يېڭى قىياپەت بىلەن يەر شارىلاشقان، خاراكتېرلەشكەن، بىلىملەشكەن تور جەمئىيىتىنى بەرپا قىلدى. تور جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ مەۋھۇملۇقى، ئېچىۋېتىشچانلىقى، يۇقىرى ئۈنۈمچانلىقى، كەڭرىلىكى، كوللېكتىپچانلىقى، مەشغۇلاتچانلىقى، ئۆزىنى باشقۇرۇشچانلىقى ۋە دېموكراتىكچانلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر قەدەر مۇكەممەل ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىقتىدارنى شەكىللەندۈردى. ئۇ جۇڭگودىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتى، يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى، سانائەت جەمئىيىتى ۋە ئۈچۈر جەمئىيىتى قاتارلىق رېئال جەمئىيەت بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن ئۆز ئارا سىڭىشىپ، ھازىرقى زامان جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ ياشنىغان، مۇرەككەپ، خېيىم - خەتەر بىلەن تولغان تامامەن يېڭى ماكان - زامانىنى شەكىللەندۈردى. جۇڭگونىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى، پارتىيە ئەھۋالى ۋە ئاۋام ئەھۋالىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، جۇڭگونىڭ سىياسىي ئېكولوگىيەسى بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مۇھىتىنى ياراتتى.

ئەمما بەزى رەھبەرىي كادىرلار تور جەمئىيىتى شارائىتىدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىكى يېڭى ۋەزىيەت بىلەن يېڭى تەلەپلەرگە ماسلىشالمىدى، BBS خەۋەرلەرنى چاپلاش، بىلوگ ۋە شەخسىي تور بېتى، مىكرو بىلوگ، تور جەمئىيىتى، بىلوگ مىكرو قانال قاتارلىق يېڭى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەچكە كىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشنى بىلگىلى بولمىدى. «خاتىرىلەش ئىشكى»، «ئوچۇق ئىشىك»تىن «رەڭلىك ئىشىك» كىچە، «ئىككىنچى ئەۋلاد»، «تۈرۈپنى تەكلىپ قىلىش»تىن «كۆچۈرۈش توقۇنۇشى» غىچە، «كۆلگۈن چىراي ئىدارە باشلىقى»، «نەۋرە ئاكا»، «نەۋرە تاغا»دىن «نۇرغۇن ئۆي» گىچە، «ئىنتېرنېت (مىكرو بىلوگ) چىرىكلىكى» قاتارلىقلاردىن بەزى رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئىنتىزامچان بولۇشىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى، گەپ - سۆزدە دىققەت قىلماسلىق، ھەرىكىتى قېلىپسىز ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولدى. خەۋەرلەر ئىنتېرنېتتىكى مەۋھۇم ماكاندا پارتلاش شەكلىدە يەتكۈزۈلگەچكە بەزىلەرنىڭ يۈزى چۈشۈپ شەرمەندە بولدى، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزدى. پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزدى. تور جەمئىيىتى رېئال جەمئىيەتنىڭ تور ماكانىغىچە كېڭىيىشى بولۇپ، ئۇ توردىكى ئەل رايى رېئال جەمئىيەتتىكى ئەل

سىياسىي نەزەرىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رايىنىڭ مەركەزلىك، دەل ۋاقتىدىكى ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تور جەمئىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش، تور جەمئىيىتى شارائىتىدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئىزچىل ئۆستۈرۈش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، دېموكراتىكلاشتۇرۇش ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. تور جەمئىيىتىنىڭ كەڭ بولۇش، ئاممىۋى تۈس ئېلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش**

ئىنتېرنېت بىلەن يېڭى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتى پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قوش يۆنىلىشلىك ئۆز ئارا ئىلھاملاندۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە قىلىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن خەۋەر تېپىش ھوقۇقى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقى، تاللاش ھوقۇقى، نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى كېڭەيتتى. شۇڭا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تور جەمئىيىتى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ سادا سىغا قۇلاق سالالايدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ رايىنى چۈشىنەلەيدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى بىلەن كۈچ ـ قۇدرىتىنى مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسى پارتىيە رەھبەرلىكىدە پارتىيەنىڭ، دۆلەتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ كۆپ دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك قاتنىشىش، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. شۇنداقلا يەنە تور جەمئىيىتى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ئۈچ تارقىتىدىغان سۇبيېكتقا ئايلاندۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان QQ توپىنىڭ ئۈچۈرىنى ئىپادىلەش، سىياسىيغا قاتنىشىش ئۈچۈن بىر سۇپا ھازىرلاپ بېرىدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان رەھبەرلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ؛ تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە بولغان ئاممىنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىشى بىلەن ئۇنۇملۇك نازارەت قىلىنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە يۇقىرى بىر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تۆۋەن بىر دەرىجىلىك ئاپپاراتلار ئارقىلىق ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپىدۇ. ئۇنىڭ يولى تاق لىنىيەلىك بولۇپ ھەمىشە خۇشاللىقنى يەتكۈزۈپ، قايغۇنى يەتكۈزمەيدۇ؛ تۆھپىنى مەلۇم قىلىپ، سەۋەنلىكنى مەلۇم قىلمايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشكە ئامالسىز قالىدۇ. تور جەمئىيىتى بۇ كەمتۈكلۈكنى تولۇقلىدى. تور جەمئىيىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئالاقىسىنى ئۆز ئارا ھەرىكەتلەندۈرۈشكە، كۆپ يۆنىلىشكە ئايلاندۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەت تەلىپىنى ئىپادىلەش، سىياسىي خاھىشىنى بايان قىلىش، سىياسىي تەبىرنى بەلگىلەشكە قاتنىشىش ئۈچۈن تېخىمۇ قولايلىق يول بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەمما تور جەمئىيىتىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالاقىلىشىشتىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تور جەمئىيىتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، تورنىڭ ئالاقىلىشىشتىكى تەڭ باراۋەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، تور ئارقىلىق ھەربىر تورداشقا تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن، ئۆزلۈكىنى قويۇپ بېرىدىغان ماكان بىلەن تەمىنلەش، تور جەمئىيىتىنى ھەقىقىي تەڭ باراۋەر پىكىر بازىرىغا ئايلاندۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، تورنىڭ قانۇنلۇق ئىسىم شەرىپىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تور ئىسمى تورداشلارغا مۇئەييەن دەرىجىدە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بىلەن كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ چىن ئارمانلىرىنى بايان قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ تورداشلارنىڭ رايىنى دېموكراتىيە بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشكە، ئەل رايى ئارقىلىق دېموكراتىيەنى ئۈنۈملۈك بايان قىلىشقا پايدىلىق بولىدۇ. ئەمما دېموكراتىيەنى يۈكسەلدۈرۈش ئەل رايىنى راۋان ئىپادىلەشكە پايدىلىق بولۇشى شەرت؛ ئۈچىنچىدىن، تورنىڭ ئېچىۋېتىشچانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئەنئەنىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ تارقىتىش شەكلىدە گەپ قىلىش ھوقۇقىنى ئاساسەن گەپ قىلغۇچى كونترول قىلىدۇ. ئەمما ئاۋام ـ پۇقرالار پەقەت پاسسىپ ھالدا قوبۇل قىلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ گەپ قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە گەپ قىلىش ھوقۇقىنى كونترول قىلىدىغان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئاممىنىڭ پىكىرنى ۋە جامائەت پىكرىنىڭ ئۈنۈمىنى تولىمۇ تەستە چۈشىنىدۇ. تور جەمئىيىتى كىشىلەرگە بىر خىللا ئاخبارات خەۋەر مەنبەسىگە تايىنىش ھاجەتسىز بولۇش ئىمكانىيىتىنى ئېلىپ كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۈچۈرنىڭ تايىنىش دەرىجىسى تۆۋەنلەيدۇ، ئاددىي ئامما گەپ قىلىش ھوقۇقىغا

ئىگە بولىدۇ. ئېچىۋېتىلگەن تورمۇشتا ئىجتىمائىي ھاياتتا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئىشلار تور دۇنياسىغا يەتكۈزۈلىدۇ، نەتىجىدە خەلق ئاممىسى تۈرلۈك ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ياكى تەلەپلىرىنى ئەركىن، ھەقىقىي ھالدا بايان قىلالايدۇ. ئاددىي ئاۋام - پۇقرالار قاتلاممۇ قاتلام ھالقىلاردىن ئۆتۈپ، ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى يۇقىرى قاتلام ئورگانلىرىغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇچۇرنىڭ چىن، مۇكەممەللىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تور ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تورمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى ھەقىقىي ئەھۋال بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پىكىرلىرىنى تولۇق چۈشىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمەت تور ئارقىلىق ئاممىغا ئالاقىدار سىياسەت ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىپ، ئامما بىلەن كەڭ ئالاقىلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتى تېخىمۇ ئاشكارا، ئوچۇق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، ئاۋام - پۇقرالار تور ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى دەل ۋاقتىدا چۈشىنىدۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئۆز ۋاقتىدا ھەقىقىي باھا بېرىدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بۇنداق باھالار ئارقىلىق ئۆز خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، خىزمەت ھالقىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق ياخشى سۈپەتلىك كېڭىيىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى تور جەمئىيىتىدە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىا بىلەن بولغان ياخشى سۈپەتلىك ئۆز ئارا رىغبەتلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر قانچە تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش شەرت. بىرىنچىدىن، تورداشلار بىلەن توردا ئالاقىلىشىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. نۇرغۇن يەرلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ «بىرىنچى قول» باشلىقلىرى ئەمەلىيەت جەريانىدا ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى تور ئارقىلىق سۈرۈشتە قىلىشنى ئۆزى تۇتۇپ، تورداشلار ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى بىجىرىشكە تەستىق سالدى. 2008 - يىل 6 - ئايدا يولداش خۇ جىنتاۋ خەلق تورىنىڭ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش مۇنبىرى ئارقىلىق تورغا چىققان تورداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر تورداشلار بىلەن توردا پىكىر ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كەيپىياتى ئارقا - ئارقىدىن كۆتۈرۈلدى. بۇ جەھەتتە تەجرىبىلەرنى يەنىمۇ يەكۈنلەشكە توغرا كېلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، زور سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت مەسىلىلىرىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئوقۇمۇشلۇق تورداشلار بولۇپمۇ پىكىردە باشلامچى بولالايدىغانلار بىلەن سۆھبەت شەكلىدە بىۋاسىتە سۆھبەتلىشىپ، پۇقرالارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىشى، پۇقرالارنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىنى بىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، بىلوگ ۋە مىكرو بىلوگ ئېچىپ، رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئاممىا ئارىسىدىكى ئالاقىلىشىشنى تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇش، ئاممىنىڭ قاتنىشىش كۆلىمىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، بولۇپمۇ ئاممىا ئەڭ مۈشكۈل، ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان چاغلاردا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى ئىزدەپ، پارتىيە - ھۆكۈمەتنى ئۆزىنىڭ شەپقەتچىسى دەپ بىلىش تۇيغۇسىغا كەلتۈرۈش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، توردا يەنە ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى، دېموكراتىك سۆھبەت يىغىنىنى قانات يايدۇرۇپ، تورداشلارنىڭ «بىلجىرلاشلىرى»، «دەرت - ئەلەملىرى»، ھەتتا تىللىغان گەپ - سۆزلىرىدىن ئەل رايىنى ئىگىلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بەرگەن پىكىر - تەكلىپلىرىگە كەمتەرلىك بىلەن قۇلاق سېلىش؛ «تور ئەرزىيەت زالى» ھاسىل قىلىپ، «رەھبەرلەر توردا ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى» تەسىس قىلىپ، ئاممىنى ئۆيدىن چىقمايلا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن «يۈزتۇرانە» پىكىر ئالماشتۇرۇش، دەرت - ھالىنى ئىنكاس قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

**2. تور جەمئىيىتىنىڭ ئېچىۋېتىلىشىنى، يۇقىرى ئۈنۈم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىر بەلگىلىشىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ۋە دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنى يۈكسەلدۈرۈش**

ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىۋى ھەل قىلغۇچ تەدبىرى ئاممىۋى سىياسەت بېكىتىش جەريانى بولۇپ، بۇنداق ئاممىۋى سىياسەتلەر ھەمىشە خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى جەريانىغا خەلق ئاممىسى قاتناشمىسا، خەلق ئاممىسىغا ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلغىلى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى نامايان قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاممىۋى ھەل قىلغۇچ تەدبىرنىڭ قانۇنلۇقى بىلەن ئەقلىيلىكىگە تەسىر يېتىدۇ، شۇنداقلا ئاممىۋى سىياسەتنىڭ ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈلۈشىگىمۇ تەسىر يېتىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان بىزنىڭ دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلىشىمىزنىڭ ئاساسلىق يوللىرى سىياسەت بەلگىلەيدىغانلارنى ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىپ، سۆھبەت

يىغىنى ئېچىش، كىشىلەرنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئاڭلاش، شۇنداقلا مۇھاكىمە، مۇزاكىرە يىغىنلىرىنى ئېچىپ ماقۇللاشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۇسۇل قارىماققا ئاممىۋى لۇشىيەندە ماڭغاندەك، دېموكراتىك تەدبىرلەرنىڭ تەلەپلىرىنى نامايان قىلغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق پىكىر ئېلىشنىڭ دائىرىسى تار بولىدۇ، يەنە كېلىپ ھەقىقىي پىكىرنى ئاڭلاش ناتايىن بولۇپ قالىدۇ. بۇرۇنقى نۇرغۇن ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەردىكى خاتالىق مانا مۇشۇنداق پەيدا بولغان. ئىجابىي ـ سەلبىي جەھەتلەردىكى نۇرغۇن مىساللار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۈگۈنكى زامان جەمئىيىتىدە يەنىلا بۇرۇنقى ئاز سانلىق كىشىلەردىن پىكىر ئېلىش، مۇھاكىمە قىلىش تەدبىر بەلگىلەشنىڭ خېيىم ـ خەتىرى ناھايىتى زور. ھازىرقى ئىنتېرنېت دەۋرىدە تور جەمئىيىتى ئارقىلىق مىدىيە بىلەن تورنىڭ ياردىمى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئاممىۋى تەدبىر بەلگىلەشنىڭ تەدبىرگە قاتنىشىشقا جەلپ قىلغىلى بولىدۇ، بۇ خىل ئاممىۋى تەدبىر بەلگىلەشنىڭ تەدبىرنى دېموكراتىكلاشتۇرۇشنى، ئىلمىيلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەلق ئاممىسىنىڭ ئاممىۋى تەدبىرگە قاتنىشىش جەريانى بىر قانچە جەھەتكە چېتىلىدۇ: بىرىنچىدىن، ئەل رايىنى چۈشىنىش؛ ئىككىنچىدىن، خەلق ئاممىسىنى ئاممىۋى تەدبىر بەلگىلەش جەريانىغا قاتناشتۇرۇش؛ ئۈچىنچىدىن، خەلق ئاممىسىنى ئاممىۋى تەدبىر بەلگىلەشنىڭ تەدبىرنى بەلگىلەش جەريانىغا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىش، تور جەمئىيىتى ئارقىلىق ئەل رايىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت. ھازىر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلىي قوللىنىدىغىنى كۆپ بولغاندا ئەل رايىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۈگۈنكى جەمئىيەتتە تور جەمئىيىتى ئارقىلىق ئەل رايىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ياردىمىدە ئەل رايىنى تەكشۈرۈشنىڭ بايقاش ھەم ۋە چۈشىنىشنىڭ ياخشى ۋاسىتىسى ئاممىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك تەدبىر بەلگىلەشكە قاتنىشىشنىڭ مۇھىم شەكلى، شۇنداقلا دېموكراتىك، ئەمەلىي تەدبىر بەلگىلەشنىڭ ئاساسىي يولى ۋە ئۇسۇلى. بىر جەھەتتىن، توردىكى ئەل رايى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى نىسبەتەن ئەتراپلىق، ھەقىقىي، ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ، تەدبىر بەلگىلەشنىڭ ئىلمىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق؛ يەنە بىر جەھەتتىن، توردىكى ئەل رايى ھۆكۈمەت بىلەن پۇقرالارنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىدىكى ئۆزئارا رىغبەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۈنۈملۈك پىكىر ئالماشتۇرۇپ، تەدبىر بەلگىلەشنىڭ دېموكراتىيىلىكىنى كۈچەيتىدۇ. توردىكى ئەل رايى رولى شارائىتىدا ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ئەندىزىسى تەدرىجىي ھالدا تاق يۆنىلىشتىن قوش يۆنىلىشكە ئۆتىدىغان ئۆزئارا رىغبەتلەندۈرىدىغان ئەندىزىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە بولغان ئەل رايىنىڭ قاتنىشىشىنى تېخىمۇ ئۆزگىچە جەلپ قىلىدۇ. شۇنداقلا يەنە تور كۈچلۈك ئەل رايىنىڭ «جۇغلىنىش» ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، بۇ دەل پۇقرالارنىڭ نامى يوقنىڭ گېپى ئۆتمەسلىكتەك يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلايدۇ. تور ماكانىدا ئەنئەنىۋى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى كەم بولغان «ئادەمنى تىزگىنلەش» مېخانىزمى پۇقرالارنىڭ مەنپەئەت تەلىپىنى ئەڭ زور چەكتە ئىپادىلەپ، ئەڭ ئاخىرى سىياسىي سىستېمىغا كىرىپ، تەدبىر بەلگىلەش مۇھاكىمە تېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن، شەنشىدىكى «قارا خۇمدان ۋەقەسى» ئاساسلىقى توردىكى ئەل رايىنىڭ ئارىلىشىشى ۋە تۈرتكە بولۇشى تۈپەيلىدىن ھۆكۈمەتنىڭ مۇھاكىمە تېمىسىغا ئايلاندى ۋە تەكشۈرۈلدى.

ئەلۋەتتە، تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى شۇكى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتمۇ ئەل رايىنى تەكشۈرۈش مۇھاكىمە تەرتىپىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەسىس قىلدى. بۇ ھەم ئەل رايىنى كەڭ چۈشىنىش جەريانى بولىدۇ ھەم ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاخبارات مۇھاكىمە تەرتىپىنى تۇرغۇزۇش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلەشنى كېڭەيتىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تور جەمئىيىتىدە قانات يايدۇرۇلغان جامائەت پىكرى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىغىچە كىرىپ، كەڭ پۇقرالارغا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قانات يايدۇرۇۋاتقان خىزمەتلەرنى، قايسى مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى، قانداق پايدىلىق تەرەپلەر، قانداق ئىللەتلەر بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى خەۋەر قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغايدۇ ھەمدە بۇنداق مۇھاكىمە تېمىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا نىسپىي مەركەزلەشكەن جامائەت پىكرىنى قانات يايدۇرىدۇ. مۇشۇ ئاساستا پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى بىلىشكە، تەن ئېلىشىغا ۋە مەدەت بېرىشىگە يېتەكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بۇمۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاشكارا، ئوچۇق قانات يايدۇرىدىغان تەدبىرى بولىدۇ، ئاممىنىڭ

تولۇق رازى بولۇش رايىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەريانى بولىدۇ.

پۇقرالارنى ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە قاتنىشىشقا جەلپ قىلىش جەريانى ۋە تەدبىرنى تۈزىتىش ئەنئەنىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئىگە بولمىغان ئارتۇقچىلىقتۇر. مەسىلەن، خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى سىياسەتنىڭ مۇھاكىمە تېمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېتىراپ قىلىش باسقۇچى بولىدۇ، شۇڭا ئىجتىمائىي جامائەتچىلىك تور جەمئىيىتى ئارقىلىق بىۋاسىتە قاتناشسا ۋە پىكىر بايان قىلسا بولىدۇ ھەمدە ئۇنى خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىنىڭ سىياسەت مۇھاكىمە تېمىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىنغان سۇبيېكتىپىغا ئايلاندۇرسا بولىدۇ. قانداق مەسىلىنىڭ خەلق ئاممىسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ جىددىي، تەخىرسىز ھەل قىلىدىغان خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى خەلق ئاممىسى ئۆزى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئارقىلىق ئىپادىلىسە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت تور جەمئىيىتى ئارقىلىق ئېچىۋېتىلگەن شەكىلدىكى تەدبىر بەلگىلەشنى قانات يايدۇرسا، تورداشلارنى سىياسەت جەريانىغا قاتناشتۇرسا بولىدۇ. سىياسەتنى تاللاش لايىھەسىنىڭ يىرىك پىلانى بىلەن ئۇنىڭغا باھا بېرىش باسقۇچىدا ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيەلىك تارماقلىرى بىلەن كەسپىي ئەربابلار مەسىلىنىڭ تېخنىكىلىق شەرتى، قانۇنىي بەلگىلىمىلەر ۋە كەسپىي مالىيە ئەھۋالى، شۇنداقلا ئوخشاش بىر مەسىلىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق سىياسەت ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن ئۈنۈمىنى تېخىمۇ چۈشىنىدۇ ھەمدە يېڭى سىياسەت ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن كەلگۈسى تەرەققىياتقا ۋە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەر كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقى بولغان تەسىرنى ئالدىن كۆرەلەيدۇ. شۇڭا ئۇ سىياسەتنىڭ يىرىك پىلانى بىلەن سىياسەتنىڭ يىرىك پىلانىغا باھا بېرىش سۇبيېكتى بولسىمۇ، پۇقرالار ئىزھار قىلغان ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن ئېھتىياج تەلەپلىرى يەنىلا سىياسەت يىرىك پىلانى بىلەن سىياسەت يىرىك پىلانىغا باھا بېرىشنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولىدۇ، ئەمما بۇنداق ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن تەلەپ - ئېھتىياجنى قاندۇرۇش — بۇ سىياسەتنىڭ يىرىك پىلانىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىشنىڭ ئاياغلىشىش نۇقتىسى بولىدۇ. ئاممىۋى سىياسەتنى بېكىتىش باسقۇچىدا تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسكارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە خەلق ئاممىسىنى پائال قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە تەشكىللەش پرىنسىپىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئاخىرقى سىياسەتكە باھا بېرىش باسقۇچىدا سىياسەت مۇھاكىمە تېمىسىنى ئېتىراپ قىلغاندەك خەلق ئاممىسىنىڭ باھا پىكرىنى مۇھىم ئاساس قىلىشقا بولىدۇ.

**3. تور جەمئىيىتىنىڭ مەۋھۇم، دېموكراتىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇق نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش**

ھوقۇق نازارەتچىلىكى دېموكراتىك سىياسىي شەيئى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۇقرالارنىڭ قانۇن بويىچە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇق سۇبيېكتىنىڭ قانۇنلۇقىنى، ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش جەريانى، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى بولىدۇ. ئەمما پۇقرالار ھوقۇق نازارەتچىلىكىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىككى ئاساسىي شەرتنى ھازىرلىشى، يەنى بىرىنچىدىن، ھوقۇقىنى ئىجرا قىلىش جەريانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى ياكى ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش ھەرىكىتىنى پاش قىلىش ئەركىنلىكى بولۇشى؛ ئىككىنچىدىن، پۇقرالارنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئەھۋالغا نىسبەتەن پىكىر قىلىش ماكانى بولۇشى، شۇ ئارقىلىق جامائەت پىكرى ھاسىل قىلىپ، جامائەت پىكرى ئارقىلىق ھوقۇقتا نازارەتچىلىك قىلىشى كېرەك. شۇڭا تور جەمئىيىتى ھوقۇقتا نازارەتچىلىك قىلىش قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ رولىمۇ يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە جەھەتتە نامايان بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇچۇر مەنبەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۇقرالارنىڭ ئەھۋالنى بىلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، تور ئارقىلىق جامائەت پىكرىگە نازارەتچىلىك قىلىپ، پۇقرالارنىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بىلەن نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، تور جامائەت پىكرى ھوقۇقتا نازارەتچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئاممىۋى سىياسەت مۇھاكىمە تەرتىپىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سىياسەت لايىھەسىنىڭ تاللاش ماكانىنى كېڭەيتىپ، سىياسەتنى بېكىتىشنى تېخىمۇ ئىلمىيلاشتۇرىدۇ ھەمدە ئاممىۋى سىياسەتنى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەپ، ئاممىۋى سىياسەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرىدۇ.

تور جەمئىيىتىنىڭ نازارەتچىلىك ئىقتىدارى پۈتۈنلۈك خاراكتېرىگە ئىگە. نازارەتچىلىك سۇبيېكتىنىڭ كەڭلىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ مۇشۇنداق ھوقۇق سۇبيېكتىنى ھەر ۋاقىت نازارەت ئاستىغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تورداشلار بىلەن مەۋھۇم تور جەمئىيىتى مەۋجۇت بولغانلىكى يەردە نەزەرىيە جەھەتتىن نازارەت قىلىنىش

ئېھتىماللىقى بولىدۇ. نازارەت قىلىش شەكلىنىڭ يوشۇرۇنلۇقى نازارەتچىلىكنىڭ خېيىم ـ خەتىرىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدۇ، نازارەتچىلىك سۇبيېكتىغا نىسبەتەن ئۈنۈملۈك قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. نازارەت قىلىنغۇچىنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈنمۇ زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. نازارەت قىلىش ماكانى بىلەن تەپسىلاتلار چەكسىز بولغاچقا نازارەت قىلىنغۇچىغا كۈچلۈك بېسىم پەيدا قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ توردىكى ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتى بەزى چاغلاردا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تۈرلۈك گەپ ـ سۆزلەر، ھەر خىل نامۇۋاپىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرى كەڭ تورداشلارنىڭ پۈتۈن كۈنلۈك نازارەتچىلىكى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. «نەۋرە ئاكا»، «نەۋرە تاغا»، «ئىدارە باشلىقى تيەن جيايىن» دەل بۇنىڭ مىسالىدۇر.

مەۋھۇم جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئالاھىدىلىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتتىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۈزلۈك نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولىدۇ، تور نازارەتچىلىكنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈنۈملۈك، ئومۇميۈزلۈك قاپلىنىشچانلىق بولۇشىدىن پايدىلىنىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كاللىسىدىكى پاسسىپ تەركىبلەرنى تۈگىتىپ، ئۇنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە تور جەمئىيىتىنىڭ نامسىز خاراكتېرى كەڭ تورداشلارنىڭ رەھبىرىي كادىرلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ پىكىرىنى ۋە كۆزقاراشلىرىنى بايان قىلىشىدىكى تۈرلۈك خەتەر بىلەن ئەندىشىسىنى تۈگىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسى ھەرقانداق بىر تورغا ئەركىن قاتنىشىش ۋە پىكىر بايان قىلىش ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچى ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، رەھبىرىي كادىرلارنى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ نەتىجە ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈش، كادىرلارنى يىل ئاخىرىدا تەڭ باھالاش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىغا توردا بېلەت تاشلاش، ئامما رازى بولغان دۆلەت مەمۇرىي خادىملىرىنى باھالاش پائالىيىتى قاتارلىقلار رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى ھەرقانداق جايدا ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، يېتەرسىزلىكنى تونۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تور نازارەتچىلىكىدە يا ئۇنداق يا مۇنداق مەسىلە ساقلانسىمۇ، ئۇنىڭ ئىجابىي رولى سەلبىي رولىدىن كۆپ بولىدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى تور نازارەتچىلىكىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، تور نازارەتچىلىكى جەريانىدىكى ئاكتىپ، توغرا، پايدىلىق پىكىر ـ تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىشتا ماھىر بولۇپ، تور نازارەتچىلىكىنىڭ ئىجابىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمۇ تور نازارەتچىلىكىنى توغرا تونۇپ، تور تېخنىكا ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ياخشى ئۆگەنگەندىلا ئاندىن تور جامائەت پىكرىنى مۇۋاپىق يېتەكلىگىلى، تور نازارەتچىلىك ئىقتىدارىنى ماس قەدەمدە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بىلەن ئىجتىمائىي نازارەتچىلىكنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساداسىنى تولۇق ئاڭلاپ، ئەل رايىغا، ئەلنىڭ تەلەپلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر بىلەن گۇمانىي مەسىلىلەرنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ جاۋاب بېرىش ئۈچۈن تور نازارەتچىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىشكە بولىدۇكى، ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ.

توردا كۆرۈلىدىغان تاسادىپىي زور ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. تور ۋەقەسى كۆرۈلگەندىن كېيىن دەل ۋاقتىدا ئۇچۇر ئېلان قىلىپ، جامائەت پىكرىنى ئالدىن ئىگىلەپ، جامائەت پىكرىنىڭ تەشەببۇسكار بولۇش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈش، پۇقرالارنىڭ ئۇچۇر ئېھتىياجىنى ئۆز ۋاقتىدا چۈشىنىپ، پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىش ھوقۇقىنى ئەڭ زور چەكتە قاندۇرۇپ، تولۇق، ھەقىقىي ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ، پۇقرالارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش كېرەك. مەسىلىلەرنى توردا بېسىپ قويماسلىققا ماھىر بولۇش كېرەك. خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ ئوچۇق مۇئامىلە قىلىش، تور يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، توردا پاش قىلىنغان نۇرغۇن ناچار ھادىسىلەر — ئاممىنىڭ يوللۇق مەنپەئەتىنى قوغداش مۇمكىن بولمىغان چاغلاردىكى بىر خىل ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ۋاستىسى بولۇپ، بۇنداق چاغدا تور نازارەتچىلىكنىڭ ياردىمىگە تايانماي بولمايدۇ. بۇ مەسىلىلەر ئانچە توغرا بولماسلىقى، كەيپىياتقا ئايلىنىپ قالغان ئامىللار بولۇش ئېھتىماللىقى بولسىمۇ، بۇ ئۇچۇرلارنى ئەستايىدىل ئانالىز قىلىش، تەتقىق قىلىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ باستۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. باسقانسېرى، پىچەتلىگەنسېرى ئۇچۇر شۇنچە تېز تارقىلىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سەلبىي ھادىسە كۆرۈلگەندە پىچەتلىۋەتكەندىن ئاشكارا بولغان؛ پاسسىپ بولغاندىن تەشەببۇسكار بولغان؛ كېيىن

سۆزلىگەندىن بالدۇر سۆزلىگەن؛ باشقىلار سۆزلىگەندىن ئۆزى سۆزلىگەن تۈزۈك. تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن ئۇسۇل ئارقىلىق تور جامائەت پىكرىنى يېتەكلەش، تور سۆپىسەدىن ياخشى پايدىلىنىش ئۈچۈن مەسىلىنى بېسىپ قويماي راۋانلاشتۇرۇش كېرەك؛ تېخىمۇ مۇكەممەل تۈزۈم ئارقىلىق تور نازارەتچىلىكىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تورنىڭ تەسىرىنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن تورنى مەيلىگە قويۇۋەتمەي قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك.

**4. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تور پىكىر داھىيلىرىنى (باشلامچىلىرى) يېتىلدۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تور جەمئىيىتىدىكى ئۇيۇشۇش كۈچى بىلەن چاقىرىق كۈچىنى ئاشۇرۇش**

پىكىر داھىيلىرى ھەممىشە ھەرقايسى ساھەلەردىكى يادرولۇق ئەربابلار بولۇپ، ئۇلار نوپۇزلۇق گەپ ـ سۆزلەرگە ۋە بىرقەدەر كۈچلۈك ئىجتىمائىي كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇلار ئۆتكۈر تەپەككۇرى ۋە مەنتىقىلىق پىكىرلىرى بىلەن ئاممىۋى ۋەقەلەرگە نىسبەتەن ئۆزگىچە قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ئانالىز قىلىشى ۋە باھاسى جەمئىيەت، ئاممىۋى جامائەت پىكرى دىققەت قىلىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىدۇ. پىكىر داھىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن ئېشىپ چۈشىدىغان قاتنىشىش، زارلىنىش، مۇداخىلە قىلىش ئىقتىدارى بىلەن تور جەمئىيىتىنىڭ ئاممىۋى جامائەت پىكرىنى رېئال جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرىدۇ ھەمدە ئاممىۋى جامائەت پىكرىنىڭ شەكىللىنىشىنى، ئاممىۋى جامائەت پىكرىنى تىزگىنلەش يۆنىلىشىنى يېتەكلەپ، تور جەمئىيىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىدا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. شۇڭا پىكىر داھىيلىرىنىڭ قاتنىشىشى تور جەمئىيىتىنىڭ جامائەت پىكرىنى قانات يايدۇرۇش ۋە پۈتكۈل يۈرۈش قىلىش جەريانىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان ئۇچۇر تارقىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، تور جامائەت پىكرىدە بەزى ساختا ئۇچۇرلارنىڭ ياكى ھەق ـ ناھەقنى ئايرىش قىيىن بولغان ئۇچۇرلارنىڭ كۆرۈلۈشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. بۇنداق چاغلاردا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلەپ ياكى مەسىلىگە توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان پىكىر داھىيلىرىنىڭ ئۇچۇرنى پەرقلەندۈرۈپ بېرىشىگە مۇراجىئەت قىلىپ، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ، جامائەت پىكرىنى توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ئەربابلىرى ئۆزلىرىنىڭ تور سۆپىسىنىڭ ۋە پىكىر داھىيلىرىنىڭ رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن، ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇدىرىيەت يىغىنىنىڭ رەئىسى فەن پېيلوڭ ئىككى يۈز ئادىمى بار بىر ئەترەتنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىكرو بىلوگىنى تەرتىپكە سالغان. ئۇ مىكرو بىلوگ ئارقىلىق ئۇچۇر تارقىتىش، ئۆزئارا ئىلھام بېرىش، سىياسىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، ئوبراز يارىتىش، ئىئانە توپلاش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان، ئۇ تورداشلار بىلەن ئۆزئارا رىغبەتلەندۈرۈپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپلا قالماي يەنە باشقا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەنمۇ ئالاقىلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇشقان. شۇڭا «پىكىر داھىيلىرى» نى يېتىلدۈرۈش تور جامائەت پىكرىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك يېتەكلەپ، ئۇنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە پىكىر داھىيلىرىنىڭ ئاخبارات مۇھاكىمە تېمىسىنى تەسىس قىلىش رولى بولىدۇ. ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مۇھاكىمە تەرتىپىنى تۇرغۇزۇش ئىقتىدارى بار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ نېمىنى ئويلاش ۋە قانداق ئويلاش جەھەتلىرىدە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم رولى بولىدۇ. تور جەمئىيىتى داھىيلىرىغا ئەگىشىدىغانلارنىڭ سانى ئاز بولغاندا نەچچە يۈز مىڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ سانى گېزىت، ئاخباراتنىڭ تارقىلىش مىقدارىدىن كەم بولمايدۇ. مەسىلەن، خەلق تورى، ئادالەت تورى تەرىپىدىن باھالانغان 2012 ـ يىللىق ئون ياخشى ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلوگىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى يازغۇچىلىرىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئالتە مىليوندىن كۆپرەككە يەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە پىكىر داھىيلىرىنىڭ ئۆز نامىمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىنىڭ ئۆزى ئاخبارات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تور جەمئىيىتىنىڭ پىكىر داھىيلىرىمۇ مۇھاكىمە تەرتىپىنى تۇرغۇزۇش رولىغا ئىگە بولۇپ، ئايلاندۇرۇپ تارقىتىش ۋە باھا بېرىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر مەسىلىگە بولغان مۇھاكىمىسىنى قانات يايدۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى تور جەمئىيىتىدىكى پىكىر داھىيلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تولۇق تونۇپ ۋە ئۇلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، پىكىر داھىيلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى پائال بايقاپ، ئۇلار تورۇۋاتقان ساھەلەرنى چۈشىنىپ، خەلق ئاممىسىغا تەسىر كۆرسىتىش، ئۇلار بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش كېرەك. بىرىنچى، پىكىر داھىيلىرىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلار ئارقىلىق جامائەت پىكىرىنىڭ يۆنىلىشىنى ئىگىلەپ، پىكىر داھىيلىرى بىلەن پائال، ئۈنۈملۈك ئالاقىلىشىش ئارقىلىق جامائەت پىكىرىنى توغرا يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەپ، مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىنى ئىلگىرىلىتىش كېرەك؛ ئىككىنچى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تور سۇپا قۇرۇلۇشىنى، جۈملىدىن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ شەخسىي ئىشلىتىلىدىغان ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مىكرو بىلوگى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. تور جەمئىيىتىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش، خۇسۇسىي تۇرمۇشقا ئايلاندۇرۇش، پارچىلاش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن پۇقرالار بىلەن ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك ھاسىل قىلىپ، شۇ ئارقىلىق پۇقرالار ئارىسىدا پۇقرالارغا مۇھەببەت باغلايدىغان ئوبراز يارىتىش كېرەك. دىققەت - ئېتىبارنى قوزغاش ۋە ئۆزىگە ئەگەشكۈچىلەرنى جەلپ قىلىش بىلەن بىرگە تورداشلار ئارىسىدا ياخشى ئاممىۋى ئىشەنچ يېتىلدۈرۈش ھەمدە پىتنە - پاسات پەيدا بولغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تور جەمئىيىتىنىڭ توغرا يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچى، پىكىر داھىيلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سۆز ھوقۇقىنى قەدىرلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مەۋھۇم تور جەمئىيىتىنىڭ سۈپىتى ھەم شەخسلەر شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىدىغان سۇپا ھەم ئاممىۋىلىققا يۈزلەنگەن ئومۇم بوشلۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا پىكىر داھىيلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى پەقەت شەخسىي ئارمان بىلەن دېيىلگەن گەپلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ، ئۇ ئاممىۋى بوشلۇققا، ماكانغا كىرگەندىن كېيىن، ئاممىۋى ساھەدە پىكىر قىلىش بۇرچىنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. يالغان، ساختا ئۇچۇرلارنى تارقىتىشتىن ۋە سۆز ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىشتىن ساقلىنىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى، نۇقتىئىنەزەرىنى بايان قىلغاندا ۋە ئايلاندۇرۇپ تارقاتقاندا، بولۇپمۇ سەزگۈر مەسىلىلەرگە چېتىلغاندا ھەممە يەردە ئېھتىياتچان بولۇش، ھەممە ئىشنى ئېھتىيات بىلەن قىلىش، شۇ ئارقىلىق پىكىر داھىيلىرىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، تور جەمئىيىتى دەل ئۆزىنىڭ قۇدرىتى، تەڭداشسىز سۈرئىتى بىلەن ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممە ساھەسىنى ئۆزگەرتمەكتە ھەمدە ئېلىمىزنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە. تور بوشلۇقىنىڭ مەۋھۇم سىياسىيسىنى رېئال سىياسىينىڭ ئورنىغا دەسسىتىش قىيىن بولسىمۇ، تورنىڭ سىياسىي توقۇنۇشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىياسىينىڭ يادرولۇق مەسىلىسى، سىياسىينىڭ سۇبيېكتىپ ئورنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. لېكىن تور جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىزنى تور جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىشىمىزنى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، رېئال ئىجتىمائىي سىياسىينىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەقەززا قىلماقتا. تور جەمئىيىتى بىلەن مەۋھۇم سىياسىينىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى سىياسىي تەرەققىيات ئۈچۈن يېڭى شەرت ۋە يارىدەمچى ھەرىكەتلەندۈرۈش رولى بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇڭا رېئال سىياسىي يېڭى ئىجتىمائىي تېخنىكا تەلىپىگە ئاساسەن، ئىجتىمائىي تېخنىكىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ ۋە ئىسلاھ قىلىپ، تور تېخنىكىسى بىلەن تور سىياسىيسىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، رېئال سىياسىينىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مانا بۇ بىزدىن تور سىياسىيسىنىڭ ئۈنۈمى ئېلىپ كەلگەن سىياسىي مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، سىياسىي ھۆكۈمرانلىق قىلىش بىلەن تۈزەش ئۇسۇلىنى پائال تەڭشەپ، يېڭى تېخنىكا ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي خىرىسقا ۋە يېڭى تېخنىكا ئىلگىرى سۈرگەن سىياسىي تەرەققىياتنىڭ ئىجتىمائىي يۆنىلىشكە ماسلىشىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل سىياسىي تەڭشەش سىياسىي سۇبيېكتچانلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. دېمەك، تور سىياسىيسىنىڭ بارلىققا كېلىشى پەقەت سىياسىي خىرىسلا بولۇپ قالماي، ئەكسىچە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ بىر مۇھىم پۇرسىتىدۇر.

---

خەنزۇچە «شىنخۇا تەرمىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2013 - يىللىق 6 - سانىدىن ئوسمانجان مۇھەممەت تەرجىمىسى

(تەرجىمان: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

**تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپجان مەمتىمىن**

# پارتىيەنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە

روشەنگۈل ئىسمائىل

(غۇلجا ناھىيەلىك پارتىيە مەكتەپ 835100)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** پارتىيەنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش — ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەنىڭ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئورنىنى مۇستەھكەملەشتە دۇچ كېلىدىغان بىر قاتار مەسىلىلەرنى دۇرۇس ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماقالىدە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە پارتىيەنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىنغان.

**摘要：** 保持党的纯洁性是巩固执政党的地位、解决执政过程中遇到的各种困难的关键。本文阐述了当前保持党的纯洁性的重要性和深刻意义。

پارتىيەنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش — جۇڭگو كومپارتىيەسى تارىخىدا، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئورنىنى مۇستەھكەملەش، زىممىسىگە ئالغان تارىخىي بۇرۇچلىرىنى ئادا قىلىش ۋە ئىلغارلىقىنى ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشتىكى مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە نامايان بولۇپ كەلدى. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش، دېموكراتىك تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئەل رايىغا بېقىش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش تەكىتلىنىۋاتقان ھازىرقى ۋەزىيەتتە، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى تەكىتلەشنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن مۇھىم.

پارتىيەنىڭ پاكلىقى دېگىنىمىز پارتىيەلىك كادىرلار ۋە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىدىيەدە، سىياسىي، تەشكىلىي، ئىستىل، ھەرىكەت قاتارلىق تەرەپلەردە پارتىيەنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسلىق پرىنسىپلىرى بىلەن بىردەكلىكىنى ساقلاپ، پارتىيەنىڭ ئىشچى - دېھقانلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت خاراكتېرىگە ۋە كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىگە مۇناسىپلىشىشتىن دېرەك بېرىدۇ. پارتىيەنىڭ پاكلىقى ئادەتتە پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشتىن - ئاخىر پارتىيەنىڭ غايە - ئېتىقادى، خاراكتېر - پرىنسىپلىرى، تەشكىلىي پرىنسىپلىرى ۋە تەشكىلىي ئىنتىزاملىرىدا چىڭ تۇرالىغانلىقىدا، پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە بىردەكلىكىنى ساقلىيالىغانلىقىدا، چىرىكلىككە ۋە نامۇۋاپىق ئىستىللارغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي خاراكتېرىنى ساقلاشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ئورنىدا كۆرەلىگەنلىكىدە نامايان بولىدۇ.

پارتىيەنىڭ پاكلىقى — پارتىيەلىك كادىرلىرىمىزنىڭ ئىدىيەسىدە، سىياسىي قاراشلىرىدا، تەشكىللىچانلىقىدا ۋە خىزمەت ئىستىلى قاتارلىق تەرەپلىرىدە نامايان بولىدۇ. ئىدىيە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە ئۇتۇقلىرىنى يېتەكچى ئىدىيەسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتا؛ سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم ئۇچۇن كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتا؛ ماركسىزمغا قارشى ھەر خىل نەزەرىيەلەرگە دادىللىق بىلەن قارشى تۇرۇپ، ھەر خىل ناتوغرا نەزەرىيەلەرگە دەل ۋاقتىدا زەربە بېرىشتا ئىپادىلىنىدۇ. سىياسىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبەرىي كادىرلارنىڭ چوقۇم پارتىيە پىروگراممىسى، پارتىيە نىزامنامىسىدىكى ئالاقىدار پرىنسىپ بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىش قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇش ھەمدە پارتىيەنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىغا مۇخالىپ كېلىدىغان بارلىق سىياسىي قىلمىشلارغا دادىللىق بىلەن قارشى تۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. تەشكىلىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبەرىي كادىرلارنىڭ جەزمەن دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرۈشنى، پارتىيەنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاپ، پارتىيە ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە گورۇھۋازلىق قىلمىشلىرىغا شۇنداقلا پارتىيەنىڭ ئاساسلىق پىروگراممىلىرىغا خىلاپ قىلمىشلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قەتئىي قارشى تۇرۇشتا، پارتىيەنىڭ ئىشلىرىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغان، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سالاھىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە نامايان بولىدۇ. ئىستىل جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلاردا چوقۇم پارتىيەنىڭ «نەزەرىيەنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش»، «كەڭ ئامما بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلاش»، «كەمتەر بولۇش»، «ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش»، «ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق» ۋە «جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش» قاتارلىق ئېسىل ئىستىللارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەنلىكىدە شۇنداقلا «ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇش»، «شەكىلۋازلىق قىلماسلىق»، «بىيۇكراتلىق ئىدىيەلەرگە قارشى تۇرۇش» قاتارلىق پارتىيەنىڭ خىزمەت پرىنسىپىدا چىڭ تۇرالىغانلىقىدا نامايان بولىدۇ.

بىرىنچى، باشتىن - ئاخىر پارتىيەنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش ماركسىزملىق سىياسىي پارتىيەنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىدۇر. ماركس بىلەن ئېنگېلسمۇ كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قويغان. لېنىنمۇ چارروسىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي پارتىيەسىنى قۇرغاندا، پارتىيەنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ھەمدە «بىزنىڭ ۋەزىپىمىز پارتىيەمىزنىڭ يىمىرىلمەسلىكىنى، ئۇزۇل - كېسىللىكىنى ۋە پاكلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت. بىز چوقۇم كوممۇنىستلارنىڭ نام - شەرىپىنى ۋە رولىنى تېخىمۇ ئۈستۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم»① دەپ كۆرسەتكەن. ماركسىزمچىلار پارتىيەنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشنى پارتىيەنىڭ سىياسىي خاراكتېرىنى ۋە ھاياتى كۈچىنى ساقلاش بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان، مۇشۇنداق تارىخىي مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنى كومپارتىيەنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، دەپ بىلگەن.

ئىككىنچى، باشتىن - ئاخىر پارتىيەنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشتەك تارىخىي بۇرچنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئومۇمىي پرىنسىپلىرى بەلگىلىگەن. جۇڭگو كومپارتىيەسى ئىشچى - دېھقانلار سىنىپىنىڭ، شۇنداقلا جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاۋانگارتى. ئۇنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىدىن باشقا ئالاھىدە مەنپەئەتى يوق. پارتىيە ھەرقانداق ۋاقىتتا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ، پۈتۈن نىيىتى بىلەن خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپى.

ئۈچىنچى، پارتىيەنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمەت تارىخىدىكى ئېسىل ئەنئەنىسىدۇر. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ماركسىزملىق پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات دەۋرلىرىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا پارتىيەنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، دەپ بىلگەن ھەم ئۇنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن. ماۋزېدۇڭ: «بىزنىڭ قۇرۇپ چىقماقچى بولۇۋاتقىنىمىز ئىنتىزامچانلىققا ئىگە، ئىدىيەدە پاك، تۈزۈلمىسى ساپ بولغان بىردەك ئۆلچەمگە مۇناسىپ كېلىدىغان پارتىيەدۇر»، دەپ كۆرسەتكەن ②. شۇنىڭدەك كېيىنكى ھەرقايسى دەۋرلەردە نەچچە قېتىملىق ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى يولغا قويغان. ھازىرقى يېڭى تارىخىي شارائىتتىمۇ بۇنداق ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن مۇھىم.

تۆتىنچى، ھازىرقى شارائىتتا، پارتىيەنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش پارتىيەنىڭ ئۆز زىممىسىگە ئالغان تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ، دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەر خىل سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشنىڭ ۋە ئۆزىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجىدۇر. ھازىر پارتىيە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ تارىخى بۇرچى، دەپ بېكىتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيەنىڭ ئىجادچانلىقىنى، ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ۋە كۈرەش قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشكە ھەتتا دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىشتىكى نېگىزلىك مەسىلە يەنىلا پارتىيەنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت.

دېمەك، پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن چوقۇم تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئىزچىل تۈردە ئۆزىنى پاك تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بۇنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشلارنىڭ ئوتتۇقلۇق بولۇشىدا ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن مۇھىم.

---

**ئىزاھلار:**

① لېنىن: «لېنىن ئەسەرلىرى توپلىمى»، 7 - توم، خەنزۇچە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل، 3 - بەت

② ماۋ زېدۇڭ: «ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرى توپلىمى»، 3 - توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1996 - يىل

تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپجان مەمتىمىن

# ئېكولوگىيەلىك مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات

قۇربانجان روزى

(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دۆلەت زېمىن بايلىقلىرىنى پىلانلاش ئورنى 845351)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ھەممە ئادەم تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەممە ئادەم قاتنىشىپ مۇھىت ئاسراش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش، تېجەشلىك بولۇش، مۇھىت ئاسراش ئېڭى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئېڭىنى تۇرغۇزۇش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاسرايدىغان ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى بايان قىلىنغان.

**摘要:** 本文阐述了要处理好生态环境和发展之间的关系、人人行动、人人参与、加强环保宣传、建立节约型社会、树立环保意识、生态意识、以形成环保气氛、促进经济社会发展。

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: «ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھەسىگە كىرگۈزۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ئورنى بىلەن رولىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۇلۇغۋار پىلانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ بىزدىن ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەشنى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقى بىلەن تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈشنى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ يىرىك ئومۇمىي پىلانىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىپ، مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنلاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مەلۇمكى، ئېلىمىز ئاھالىسى كۆپ، بايلىق مەنبەسى ئاز، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت. ئىنسانلار جەمئىيىتى ئىپتىدائىي مەدەنىيەت، يېزا ئىگىلىكى مەدەنىيىتى ۋە سانائەت مەدەنىيىتىنى بېشىدىن كەچۈردى. ئىپتىدائىي مەدەنىيەت دەۋرىدە ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ، تەبىئەت بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتتە بولغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا تەبىئەتكە زىيان ئاز ئىدى؛ يېزا ئىگىلىكى مەدەنىيىتىگە ئۆتكەندە، تەبىئەت توغرىسىدا ئىزدىنىپ، تەبىئەتكە بەزى زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى. ئەمما زىيان ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە يەنە تەبىئەتنىڭ نابۇت بولغان جايلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تۇردى؛ سانائەت مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغاندا تەبىئەت بويسۇندۇرۇلۇپ، تەبىئەت ئۆزگەرتىلىپ تەبىئەت ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. تەبىئەتنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى تۈزەش مۇمكىن بولمايدىغان، تۈزەش مۇمكىن بولسىمۇ تۈزەش دەرىجىسى ئىنتايىن تەس بولىدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلدى. مەسىلەن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈپەيلىدىن تەبىئىي ئورمانلارنى كېسىپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرگە ئوت قويۇش، تەبىئىي يايلاقلارنى بۇزۇش قاتارلىقلار. كونكرېت ئېيتقاندا، تارىم دەريا ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى تۈزەش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن دۆلەت نەچچە يىل ئىلگىرى نۇرغۇن مەبلەغ ئاجراتتى، مەخسۇس ھېساب تۈرى تەسىس قىلىپ، نەچچە باسقۇچلۇق تۈزەش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى. بۇ يىل تۈزەش قۇرۇلۇشىدا نەتىجە كۆرۈلگەچكە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا 14 قېتىم سۇ قويۇپ بېرىش ئىشى ئەمەلگە ئاشتى.

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى سانائەت مەدەنىيلىكىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچقا يېتىپ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى سانائەت مەدەنىيلىكىنى ئوڭشۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن چوڭقۇر ئويلاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە پۈتكۈل جەمئىيەت ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق،

گارمونىك ئىجتىمائىي فورماتسىيە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. سانائەت ئىنقىلابى مىسلىسىز ئىقتىسادىي پايدا ئېلىپ كەلگەن، غايەت زور بايلىق ياراتقان بولسىمۇ، تەبىئەت دۇنياسىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ھازىرقى دۇنيادا سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئېنېرگىيە مەنبەسى يېتىشمەسلىك، بايلىق مەنبەسى ئاز بولۇش، ئېكولوگىيە چېكىنىش، مۇھىت ناچارلىشىش، ھاۋا رايىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئاپەت ئەھۋاللىرى كۆپ كۆرۈلۈشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلدى. بىز زامانىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئېلىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇنىڭ ئاچچىق، قىرتاق مېۋىلىرىنى تېتىشقا مەجبۇر بولدۇق. بۇنداق ئويلىنىش رايونىمىز ۋە مەملىكىتىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى زور مەسىلىگە ئايلاندى.

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىسادنىڭ سىجىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنىڭ ۋە خەلق تۇرمۇشى سۈپىتىنى ياخشىلاشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ھازىر پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئارقىسىدا نۇرغۇن ئېغىر مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇۋاتىدۇ. سۇ، توك كەمچىل بولۇش ۋەزىيىتى ھېلىھەم مەۋجۇت. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا بۇلغىنىش ئېغىر، دەريا ـ ئۆستەڭلەر تېزگىنلەنمىگەچكە، ھەمىشە تېرىلغۇ يەرلەرنى، ئولتۇراق ئۆيلەرنى سۇ ئېقىتىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ ئەھۋاللار بىزدىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە يەنە تەرەققىيات ئۇسۇلىدا بۇرۇلۇش ياساشنى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشنى تۈپ ئاساسىدىن تۇتۇپ، نېگىزىدىن تۈزەشنى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھازىر ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرگە كۆپرەك ئەمەل قىلىسىمۇ، تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ئانچە يېتەرلىك ئېتىبار بەرمىدى، بويسۇنمىدى. مەسىلەن، بەزى جايلار بايلىق مەنبەسىنىڭ ئىقتىدارىنى نەزەردە تۇتماي تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەپ خالىغانچە بوز يەر ئېچىش، تەبىئىي ئورمانلارنى كېسىش، ئوتلاقلارنى بۇزۇش بەدىلىگە شۇ جاينىڭ ئېكولوگىيەسىگە زىيان سالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق ئەھۋاللار سىجىل تەرەققىيات ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ تەڭ ـ باراۋەر ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنىڭ قولى ئەمەسلىكىنى ھەمدە ئىنسانلارنىڭمۇ تەبىئەتنىڭ خوجايىنى ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز، ھەرىكىتىمىزنىڭ جەزمەن تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەكلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. بىز ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى مۇۋاپىق، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، چوڭ تۈرلەردە، مەسىلەن، كان قېزىش، زاۋۇت قۇرۇش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، سۇ قۇرۇلۇشى قىلىش، نېفىت ئېچىش قاتارلىق يېرىك تۈرلەرنى يولغا قويۇشتا ئالدى بىلەن ئىلمىي دەلىللىشىمىز، شۇ جاينىڭ ئىقتىدارىنى، شارائىتىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز تولىمۇ مۇھىم.

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش، ئۇنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە تولۇق سىڭدۈرۈش ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ماھىيىتى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەلىپى. ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن ياشاش شەكلىنى ياخشىلاشنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى. شۇڭا ھەربىر پۇقرا پەقەت بايلىق مەنبەسىگە ئېتىبار بېرىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بىلەن كارى بولمىسا ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدە، ياشاش شەكلىدە بۇرۇلۇش ياسىغىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە، شۇنداقلا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى ئىش ـ ھەرىكىتىمىزگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزغىمۇ پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش يېشىل تەرەققىيات، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلى. شۇنداقلا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى بۇراشنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىسى ھەم مەزمۇنى. شۇڭا ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا بايلىق مەنبەسىنى ئىسراپ قىلىشنى، بۇلغىما قويۇپ بېرىشنى، تاشلاندۇق، بىراك نەرسىلەرنى ئىمكانقەدەر ئازايتىپ، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان كەسىپلەرنى

يولغا قويۇپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئاشۇرۇشىمىزغا، تاشلاندۇق بۇيۇملاردىن قايتا پايدىلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ھازىر دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېۋەز، قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرگە سولياۋ يوپۇق يېپىلىدۇ. ئۇنى بىر قېتىملا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئىككىنچى قېتىم ئىشلىتىشكە بولمىغاچقا، تاشلاندۇق نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇنى يىغىۋېلىپ، قايتا ئىش قوشۇش ئارقىلىق يەنە يېڭى مەھسۇلات ئىشلەشكە بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھەم مۇھىت ئاسرىغىلى ھەم قايتا بايلىق يارىتىش ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلغىلى، زەنجىرسىمان ئىقتىسادنى پائال تەرەققىي قىلدۇرغىلى، ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت، جەريانىدا قايتا پايدىلىنىش، قايتا بايلىق يارىتىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. يېشىل ئىستېمال، تۆۋەن كاربونلۇق ئىستېمال، مۇۋاپىق ئىستېمالدىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ. مۇھىتنىڭ ناچارلىشىش ئەھۋالىنى بۇرىغىلى، ياخشى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇھىتى ياراتقىلى، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇپ چىققىلى، رايونىمىزنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى، مۇھىت ئاسراشقا تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ. بۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجى، ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش، ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ، كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى.

1. زېمىننىڭ قىممەتلىكلىكىنى تونۇپ يېتىش كېرەك. زېمىن قىممەتلىك بايلىق مەنبەسى، ئىنسانلارنىڭ ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش ماكانى. رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ئېلىمىزنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانلار ياشاشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان بوستانلىق ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇملىشىش، قۇرغاقلىشىش، شورلىشىش ھادىسىلىرى ئېغىر، بۇ ھال رايونىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىگىلەپ كېتىش، ئېكولوگىيەلىك سىستېما ئىقتىدارى ئاجىزلاش، يەر بايلىقى ئىسراپ بولۇش ھادىسىلىرى ئېغىر. بۇنداق ئەھۋاللارنى ئازايتىپ ۋە تۈگىتىپ، يەر بايلىقىنى قوغداش ئۈچۈن دۆلەت زېمىنىنى ئېچىش ۋەزىيىتىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، يەر ئېچىش بىلەن نوپۇسنىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئېكولوگىيەنىڭ ئىناق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، تەبىئەتكە، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىغا، كېيىنكى ئەۋلادلارغا گۈزەل ماكان قالدۇرۇش كېرەك.

2. بايلىق مەنبەسىنى ئومۇميۈزلۈك تېجەش كېرەك. بىر دۆلەت ئۈچۈن بايلىق مەنبەسى ناھايىتى مۇھىم. بۇ خۇددى يانچۇقى توم ئادەمنىڭ يۈرىكى توق تۇرغاندەكلا بىر ئىش. شۇڭا بايلىق مەنبەسىنى تېجەپ باشقۇرۇش، بايلىق مەنبەسى، ئېنېرگىيە، سۇ، يەرنىڭ ئىسراپ بولۇشىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشىمىز ۋە تۈگىتىشىمىز، تۆۋەن كاربونلۇق كەسىپلەرنى قوللاپ، قايتا بايلىق يارىتىشنى قۇۋۋەتلەپ، رايونىمىزنىڭ ئېنېرگىيە، مەنبە بىخەتەرلىكىنى قوغدىشىمىز كېرەك. چەكلىك بوستانلىقلار، سۇ بايلىقىدىن، تېرىلغۇ يەرلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، جانلىق ئىجرا قىلىپ، مۇھىت ئاسراش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، ئېچىشنى رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇش، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇپ چىقىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

3. تەبىئىي ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى بىلەن مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك. ھازىر رايونىمىزدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قوغلىشىپ قارىغۇلارچە، زىيادە، تەرتىپسىز، تارقاق ھالدا بوز يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش، تەبىئىي ئورمانلارنى كېسىش، تەبىئىي يايلاقلارنى بۇزۇش ھادىسىلىرى بىرئاز ئېغىر، تىزگىنلەشكە تېگىشلىك دەريا، ئۆستەڭلەر تىزگىنلەنمەي يار ئېلىپ كېتىش، سۇ ئىسراپ بولۇش، تېرىلغۇ يەرلەرنى بۇزۇۋېتىش ئەھۋالى كۆرۈلمەكتە. شۇڭا زۆرۈر بولغان تەدبىرلەرنى كۈچەيتىپ، ناتوغرا ئەھۋاللارنى چەكلەپ، تەبىئىي مۇھىتنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

4. تەبىئىي مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللارغا قارىتا جەزمەن ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي بۇيرۇقلىرىنى قاتتىق يۈرگۈزۈش، زۆرۈر تېپىلغاندا قانۇنىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ مۇكەممەللىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت

# «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» غا تولۇقلىما

ئۆمەر غىياس

(«شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى 830043)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە ئاپتور ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى تارىخىغا ئائىت يېزىلغان ماقالىلارنى ئەستايىدىل ئوقۇش، تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش ۋە بۇلارنى ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات يۆنىلىشى بويىچە بىرلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە ئۆزى بايقىغان بىر قىسىم ئېنىقسىز، مۇجمەل جايلارنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، يەنە ھەرقايسى ئاپتورلار، يازارمەنلەر ۋە شۇنداقلا مۇھەررىرلەرنىڭ مۇشۇنىڭغا ئائىت ئەسەرلەرنى يېزىش، ئىپادىلەش، تەرجىمە قىلىش، شۇنداقلا تەھرىرلەش جەريانىدا كەتكۈزۈپ قويۇۋاتقان تەرەپلەرنى كونكرېت مەسىلىلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان.

**摘要:** 本文通过分析和比较维吾尔新型教育模式的有关文章、与本人的研究相结合、纠正了一些模糊问题、指出了作者和编辑在实际工作中的失误之处。

مەن يېقىندا مەلۇم سەۋەب بىلەن ئۆزۈم ساقلاۋاتقان ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى قايتىدىن بىر - بىرلەپ ئوقۇپ چىقتىم ۋە ئىنچىكە مۇتالىئە قىلدىم. نەتىجىدە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ ناملىرى، ئۇلارنىڭ ئېكسكىلىق مەنىلىرى، قاتلاملىرى، كېلىپ چىقىشى، ئۆزگىرىشلىرى، ئىملاسى ۋە بۇ مەكتەپلەر بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار مۇھىم شەخسلەرنىڭ ئىسمى، قورۇلمىسى، ئىملاسى قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى مۇجمەل مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقىدىم ھەمدە ئەسلىمىچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى زىددىيەتلىك قاراشلىرىنى تارىخىي چىنلىقتا ۋە يەر ناملىرى ئىلمىگە ئۇيغۇن ھالدا جىددىي ئويغىتىش ياكى بۇ ھەقتە مەخسۇس بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاكا - ئۇكا مۇسابايېفلار تەرىپىدىن ئىكىساقتا قۇرۇلغان جەدىدچە مەكتەپلەر ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم نامايەندىلەردىن بىرى. بۇ مۇھىم نامايەندىلەر ھەققىدە يالغۇز ئۇيغۇر تىلىدىلا ئەمەس، بەلكى خەنزۇ تىلى ۋە چەت ئەل تىللىرىدىمۇ نۇرغۇن ماقالىلەر، ئەسلىمىلەر، كىتابلار يېزىلدى، نەشر قىلىندى ۋە يېزىلماقتا. بۇ مۇھىم نامايەندە ھەققىدىكى ھېس قىلغانلىرى ۋە بىلگەنلىرىنى داۋاملىق ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى تەتقىقاتىنىڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بارلىق ئىلىمخۇمار ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىدۇر.

لېكىن مۇساباي جەمەتى تەسىس قىلغان جەدىدچە، يەنى يېڭىچە مەكتەپلەر ھەققىدە ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى ئەڭ بالدۇر، ئەڭ قىزغىن، ئەڭ كۆپ قەلەم تەۋرەتكەن بولسىمۇ، يەنە شۇ ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ خاتالىقنى ئەڭ كۆپ سادىر قىلغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى سادىر قىلغان خاتالىقلار ھەتتا بۇ ھەقتە ئىزدىنىۋاتقان ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان چەت ئەللىك قەلەمكەشلەرنىمۇ شۈبھىلەندۈرۈپ قويدى. ھەقىقەتەن ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى سادىر قىلغان خاتالىقنىڭ كۆپلۈكى ئادەمنى بەكمۇ خىجىل قىلىپ قويىدۇ ۋە ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى مەسئۇلىيەتچان تەتقىقاتچى يالقۇن روزى ئەپەندى ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم ماھىيەتلىك خاتالىقنى ئەستايىدىل تۈزىتىش بىلەن بىللە بەزىبىر «ھېسسىيات تىپىدىكى» ئالدىراڭغۇ ۋە بىپەرۋا قەلەمكەشلەرنىڭ نېمە قىلىپ قويغانلىقى ۋە قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى ۋاقتىدا كۆرسىتىپ قويدى. بولمىسا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ قاچان ۋە قانداق قۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى ئېغىر خاتالىقنى پەرقلەندۈرمەي يۈرۈۋېرەركەنمىز. شۇنداق، يالقۇن روزى ئەپەندى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىسىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قانداق ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىدە، قايسى مەزگىلدە، قانداق رەۋىشتە، قانچىلىك كۆلەمدە بارلىققا كەلگەن

دېگەن مەسىلىلەرنى ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەرگە باغلىغان ھالدا نەق ماددىي پاكىتلار ئاساسىدا قايىل قىلارلىق يورۇتۇپ بەرگەن ھەمدە ئىسمائىل غاسپىرالىچە تۇنجى جەدىدچە مەكتەپنىڭ دىيارىمىزدا ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار تەرىپىدىن 1899 ـ يىلى كۈزدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى مۇنتىزىم جەدىدچە مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىن (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دارىلمۇئەللىمىن» مۇ دېيىلىدۇ) نىڭ 1914 ـ يىلى قۇرۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ئەمما، ئۇ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى شانلىق نەتىجە بولغان بۇ ئىككى مەكتەپنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى، ئېتىمولوگىيەسى، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە كىشىلەرنىڭ ئىسىم قويۇش ئېڭى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەمدە بۇ مەكتەپلەرنىڭ نامىنى يېزىش، ئاتاش جەھەتتىكى بىپەرۋالىق، ئېلىشمانلىق ۋە زىددىيەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە تۈزۈك بىر نېمە دېمىگەن. دەرۋەقە، يالقۇن روزى ئەپەندى بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامىغا دائىر ئىلگىرى مەتبۇئاتلىرىمىزدا دېيىلمىگەن ئىنتايىن قىممەتلىك پاكىتلارنى ئاشكارىلىغان بولسىمۇ، يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ ناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ ئىنچىكە مەسىلىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمىگەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى جەدىدچە مەكتەپلەر ئۆزىنىڭ خىزمەت فۇنكسىيەسىنى قايسى نام بىلەن قانداق رەۋىشتە يۈرگۈزگەن؟ زادى قايسى دەۋردە قايسى سۆزنى نام قىلىپ قوللانغان؟ دېگەن مەسىلە ئايدىڭلاشماي قالغان. بۇ سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرمەي تۇرۇپ يالقۇن روزى ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچان ۋە قانداق بارلىققا كەلگەن دېگەن مەسىلىنى تېخىمۇ مۇكەممەل يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ مەسىلە ئەشۇ مائارىپنى بارلىققا كەلتۈرگەن مەكتەپلەرنىڭ قانداق نامنى قوللانغانلىقى، قانداق كىملىك ۋە سالاھىيەتنى ئىپادىلىگەنلىكى، بۇ ناملارنىڭ قانداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغانلىقى ۋە قانداق لېكسىكىلىق مەنىلەرنى بىلدۈرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلە ئىدى. مېنىڭچە يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ مۇنداق ئىنچىكە مەسىلە ھەققىدە توختالمىغىنى ئۇنىڭ بۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى ئەتەي قاچۇرۇۋاتقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» دېگەن ماقالىسىدە نۇقتىلىق ھەل قىلماقچى بولغىنى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى زادى قاچان ھەم قانداق باشلانغانلىقىنى تۈزىتىش ۋە ھەل قىلىش بولغانلىقتىن، بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق ئەھۋالدا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ ناملىرىنى ئاتاش جەھەتتىكى باشباشتاقلىق، مەنمەنلىك، ئېنىقسىزلىق ۋە ئېلىشمانلىقنى مەخسۇس بىر تېما سۈپىتىدە كۆتۈرۈپ چىقىپ مۇلاھىزە قىلىش خۇددى يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچان ھەم قانداق باشلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىش ۋە ئىلگىرىكىلەرنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىش جەريانىغا ئوخشاش ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بولغانلىقتىن، ئەگەر يالقۇن روزى ئەپەندى 1914 ـ يىلى قۇرۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان دارىلمۇئەللىمىننىڭ ناملىرىدا يۈز بەرگەن ئېنىقسىزلىق ۋە زىددىيەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتمىسەم، يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، ئۇنىڭ قاراشلىرىغا ھەقىقىي قايىل بولغان، ئۇنى قىزغىن قوللاۋاتقان، ئۇنىڭغا يېقىندىن مەدەت بېرىۋاتقان مەن پېقىرغا نىسبەتەن زادى ئاقىلانىلىك بولمايدىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، مەتبۇئات ساھەسىدىكى ھەق ـ ناھەق مەسىلىلەردە ئىلمىي بەس ـ مۇنازىرىگە ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتىدىغان يالقۇن روزى ئەپەندىنى سەمىمىي قوللىغانلىق بولماي قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىسىنىڭ داۋامى ياكى تولۇقلىمىسى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ بۇ ماقالەمنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇندۇم.

بۇ قېتىم ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ ئۆتمۈشىگە دائىر ماقالىلەرنى قايتىدىن ئوقۇپ كۆرگىنىمدە ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە مەيدانغا كەلگەن يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ ناملىرىدىكى ئېنىقسىزلىق ۋە مۇجمەللىك، پاكىتسىزلىق ۋە بىنورماللىق مېنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمنى قوزغىدى. مېنىڭ دىققىتىمنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولغان ماقالىلەر ئالدى بىلەن ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 13 ـ سانىغا بېسىلغان «ئاتۇش ناھىيە ئىكساق كەنتىدە يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپنىڭ دۇنياغا كېلىشى» ناملىق ماقالىسى؛ ئاندىن ج ك پ ئاتۇش ناھىيەلىك كومىتېتى بىلەن ئاتۇش ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىكساق مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ـ تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» غا ئاساسەن «ئاتۇش ئىكساق باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرلەشكە تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسى» 1985 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۈزگەن ۋە نەشر قىلغان «مەشئەل» ناملىق ژۇرنال ۋە ئۇنىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر؛ ئاندىن ياپونىيەلىك قەلەمكەش ئۇئىشى شىنچىرۇ ئەپەندىنىڭ ياپونچە «شەرقىيەت (تويو) ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 78 ـ توپلام 1 ـ سان 1996 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى نەشرىدە ئېلان قىلىنغان، ئۆمەرجان نۇرى

www.uyghurkitap.com

ئەپەندى تەرىپىدىن ياپونچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «قەشقەردىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى ــ مۇساباي جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ» ناملىق ماقالىسى؛ ئاندىن يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىلدىن بۇيانقى ئالاقىدار سانلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، 2012 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ــ لاي قەلئەنىڭ سىرى» ناملىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن بىر يۈرۈش ئوخشاش تېمىدىكى ماقالىلىرىدىن ئىبارەت. باشقا ئاپتورلارنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىغا دائىر ماقالىلىرىدە مېنىڭ بۇ ماقالەمنىڭ مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك قىممىتى بار ئۇچۇر ۋە پاكىت تېپىلمىغانلىقتىن ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم. مانا مۇشۇ ئەھۋالدا مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىغان يۇقىرىقى ماقالىلەردىن بولۇپمۇ «مەشئەل» نىڭ ماقالىلىرىدىكى مۇجمەللىك، ئېلىشمانلىق مېنى قانچە ئەپسۇسلاندۇرغان، ئۇ ئىشى شىنچىرۇ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىكى غۇۋالىق، چولتىلىق، بىتەرەپلىمىلىك مېنى قانچە ئويلاندۇرۇپ ۋە تەئەججۇپلەندۈرۈپ قويغان بولسا، يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرىدىكى قىممەتلىك يېڭى ئۇچۇرلار مېنى شۇنچە سۆيۈندۈردى ۋە مېنى شۇنچە ئىلھاملاندۇردى، شۇنداقلا يەنە يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرىدىكى ئىكىساقتا قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ نەق تارىخىي نامىغا دائىر يەنە بەزىبىر مەسىلىلەر مېنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشىمغا تۈيۈقسىز تۈرتكە بولدى.

مەن قارىسام ئىكىساقتا قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ نامىنى ھازىرغىچە ھەر كىم ھەر خىل يېزىپ كەپتۇ، ئۇ ئۇنداق يازسا، بۇ مۇنداق يېزىپتۇ، ھەتتا بىر ئاپتورمۇ ھېلى ئۇنداق يازسا، ھېلى مۇنداق يېزىپتۇ، قەلەمنى خۇددى بىرسى مەجبۇرىي تۇتقۇزۇپ قويغاندەك بولۇشىغا يېزىپ كەپتۇ. مۇھەررىرلىرىمىزمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىرەر «قىسىنچىلىقى» باردەك ئۇلارغا قاتتىقراق تەلەپ قويۇپ بۇ ئېلىشمانلىقنى تۈزەي دېمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ مەتبۇئاتلىرىمىزدا «قايىسى مەكتەپ»، «نېمە مەكتەپ»، «قاچانقى مەكتەپ» دېگەن مۇھىم ئۇقۇملار ئارىلىشىپ، ئېلىشىپ كېتىپ «بىر قورۇ» دا ئوخشاش تىپ ۋە ئوخشاش دەرىجىدىكى بىرقانچە مەكتەپ تەڭلا قۇرۇلغاندەك غەلىتە ئۇقۇم ـ مەنە شەكىللىنىپ قاپتۇ. مەسىلەن، ئىبراھىم نىياز ئەپەندى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىدە ئىكىساقتا قۇرۇلغان تۇنجى يېڭىچە مەكتەپنى «ئاتۇش دارىلمۇئەللىمىن»، «ئاتۇش ـ ئىكىساق باشلانغۇچ مەكتىپى»، «ئىكىساق مەكتەپى» قاتارلىق ئۈچ خىل نام بىلەن ئاتىغان بولۇپ، بۇلاردىن ئاخىرقىسىنىڭ قايسى ۋە قاچانقى مەكتەپنى بىلدۈرۈشتە، ئۇنىڭ باشتىكى ئىككىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە مۇجمەللىك كېلىپ چىققان. ماقالىدە بۇ ئۈچ خىل نامنىڭ تارىخىي ئېتىمولوگىيەلىك ئاساسى ۋە لېكسىكىلىق مەنىسى ئېنىق پەرقلەندۈرۈلمىگەنلىكتىن، بىرى، ئىدارە (مەكتەپ) نامىنى خالىغانچە يېزىش؛ يەنە بىرى، ئۇقۇم ـ مەنىنى ئارىلاشتۇرۇپ، مۇجمەللەشتۈرۈپ قويۇش نۇقسانى يۈز بەرگەن، گويا بىر جاي ـ بىر ئورۇندا ئوخشاش تىپلىق ئۈچ مەكتەپ بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلغاندەك غەلىتە ئۇقۇم ـ چۈشەنچە شەكىللەندۈرۈپ قويۇلغان. ناۋادا، ئوچىلىسى ئايرىم ـ ئايرىم ئۈچ مەكتەپنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا، ئۇلار قايسى ۋاقىت، قايسى ئورۇندىكى نېمە ۋە قانداق مەكتەپنى بىلدۈرىدۇ؟ بۇناملار قانداق تارىخىي ۋە ئېتىمولوگىيەلىك ئاساسقا ئىگە؟ قانداق كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ ماقالىدىكى باياندىن بۇ سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ. ئادەتتە مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ «كىچىك سىستېما» ئادەم، مالىيە، بۇيۇم، زامان، ماكان، ئىش قاتارلىق ئالتە ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ، يەنى مۇشۇ ئالتە خىل ئامىل بىر ـ بىرىنى شەرت قىلغان ۋە ئۆزئارا بىرىكىپ كەتكەن ھالدا بىر مەكتەپنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ نامى ــ ۋۇجۇسكىسى بولسا ئۇنىڭ قۇرۇلغان جايى، ۋاقتى، تامغىسى، خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى، داۋاملىشىش جەريانى، خادىملىرى قاتارلىق ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ھالدا كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بولىدۇ، مۇشۇ ئامىللار ئۆزئارا ئېنىقلىق شەرت قىلىنمىغان، ئوخشاش ماكان ۋە ئوخشاش دەۋردىكى باشقا مەكتەپلەردىن ئېنىق پەرقلەندۈرۈلمىگەن ئەھۋالدا ھېچقانداق مەكتەپنىڭ كىملىك تارىخىنى سۈپىتى ۋە قىممىتى بار تارىخىي ئۇچۇرغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر مەكتەپنىڭ كىملىك تارىخىنى پەقەت ئۇنىڭ تارىختىكى ھەقىقىي نامىنى قوللىنىش، ئۇنىڭ ھەرقايسى ئامىللىرىنى لوگىكىغا ئۇيغۇن ھالدا ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىقلا ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغان تارىخىي ئاساسقا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر، ئۇنداق بولماي كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەسلىمىچىلەر ۋە قەلەمكەشلەر تەرىپىدىن قويۇلغان پاكىتسىز، خىيالىي نام بىلەن بايان قىلغاندا ئۇنىڭ مەزمۇنىغا كېيىنكى دەۋرنىڭ نەرسىلىرى ئارىلىشىپ كېتىپ ئۇنىڭ ئەسلىي تارىخى خۇنۇكلىشىپ قالىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەن يۇقىرىقى ئۈچ خىل نامنى ئىكىساقتا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدا تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان جەدىدچە باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئىسمىنى

ئاپتورنىڭ پاكىتسىز ھالدا ئۈچ خىل ئاتىشىدىن ۋە ئىككى
مەكتەپنى ئۈچ مەكتەپكە ئايلاندۇرۇپ قويۇشىدىن ئىبارەت
دەپ قارايمەن.

ئىكىساقتا قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ نامى «مەش ـ
ئەل» ژۇرنىلىدا تېخىمۇ كۆپ خىل، تېخىمۇ قالايمىقان،
تېخىمۇ ئېلىشمان يېزىلغان. مەسىلەن، ئىكىساقتا يېڭىچە
مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە
تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسىنىڭ قوش تىرناق ئىچىگە ئې ـ
لىنغان يۇقىرىقى نامىدىنمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى،
«مەشئەل» ژۇرنىلىدا ئاتالمىش «1885 ـ يىلى» ۋە
«1907 ـ يىل» لىرى ئىكىساقتا قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپ ـ
لەرنىڭ نامى «ئاتۇش ئىكىساق باشلانغۇچ مەكتىپى» (مۇقا ـ
ۋىدا)، «ئاتۇش ئىكىساق ھۆسەينىيە مەكتىپى» (كىرىش
سۆزدە)، «ئىكىساق يېڭى مەكتىپى» (كىرىش سۆزدە)، «ئا ـ
تۇش ئىكىساق يېڭى مەكتىپى» (كىرىش سۆزدە)، «ئىكى ـ
ساق مەكتىپى» (1 ـ بەت)، «ئىكىساق باشلانغۇچ مەكتى ـ
پى» (3 ـ بەت)، «ئۇيغۇر يېڭى مەكتىپى» (7 ـ بەت)،
«ھۆسەينىيە مەكتىپى» 20 ـ بەت)، «ئىكىساق ھۆسەينىيە
مەكتىپى» (38 ـ بەت)، «ئاتۇش ئىكىساق يېڭى مەكتىپى»
(61 ـ بەت)؛ «ھۆسەينىيە مەكتىپى» (11 ـ بەت)، «مەكتى ـ
پى ھۆسەينىيە» (11 ـ بەت)، «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن»
(14 ـ بەت)، «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى»
(14 ـ بەت)، «ئىكىساق يېڭى مەكتىپى» (15 ـ بەت)، «ئى ـ
كىساق يېڭى پەننىي مەكتىپى» (36 ـ بەت)، «ئىكىساق
پەننىي مەكتىپى» (38 ـ بەت)، «ئىكىساق مەكتىپى»
(38 ـ بەت) قاتارلىق 18 خىل يېزىلغان. بۇ 18 خىل «نام»
دىن باشتىكى ئۈچ خىلى ئاتالمىش «1885 ـ يىل» قۇرۇل ـ
غان تۇنجى جەدىدچە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ كىملىكىنى ئى ـ
پادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان بولسا، كېيىنكى سەككىز
خىلى ئاتالمىش «1907 ـ يىل» ئىكىساقتىكى مەھبۇددىن
ئەجەمى دېيىلىدىغان شۆھرەتلىك بىر زات دەپنە قىلىنغان
گۈمبەزنىڭ يېنى (ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم مازىرىنىڭ ئال ـ
دى؟) غا سېلىنغان تۇنجى جەدىدچە دارىلمۇئەللىمىننىڭ
كىملىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان. ئەڭ ئەجەل ـ
لىك يېرى شۇكى، بۇ 18 خىل «نام» نىڭ، بولۇپمۇ ئاۋۋالقى
ئۈن خىلىنىڭ بەزىلىرىنىڭ كونتېكىست ئىچىدە قايسى
زامان ۋە قايسى ماكاننى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنىمۇ، قانداق
كونكرېت لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭقى ـ
رىغىلى بولمايدۇ. ئاپتورلار قولىغا قەلەمنى ئېلىپلا بۇ
ئىككى خىل ھادىسە ۋە شەيئىنىڭ نامىنى ئۇنى تەركىب
ئېتىدىغان شەرتلىك ئامىللارغا تەدبىقلىمايلا خىيالىغا
كەلگەنچە يېزىۋەرگەن بولغاچقا، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ
مۇكەممەل بىرلىكى، مەزمۇننىڭ كونكرېتلىقى ۋە چىنلىقى
ئەمەلگە ئاشمىغان؛ ئىدارە ـ ئورگان (مەكتەپ) ناملىرىنى
ئىگىسى قويغان ئىسىم بىلەن ئاتاش، بىر خىل بولۇش،
ئۆلچەملىك بولۇش پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىنمىغان؛
مۇھەررىرلەر بىلەن كوررېكتورلارمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى
ئەستايىدىل ئادا قىلمىغان. نەتىجىدە بىر خىل شەيئىنىڭ
كۆپ خىل نامى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭ كىملىكىدە
غۇۋالىق، چولتىلىق، زىتلىق يۈز بەرگەن. بىز مەسىلىنى
مۇشۇنداق چۇشەندۈرۈۋاتقان ۋاقتىمىزدا يالقۇن روزى ئە ـ
پەندى ئىسپاتلاپ چىققان، تۇنجى جەدىدچە دارىلمۇئەللىمىن
قۇرۇلغان «1914 ـ يىل» دىن ئىلگىرىمۇ ئىكىساقتا ۋە ئۇ ـ
نىڭغا قاراشلىق كەنتلەردە يەنە باشقا جەدىدچە مەكتەپنىڭ
قۇرۇلغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈردۇر. چۈن ـ
كى، بۇ مەسىلىنى ئەسكەرتىپ قويمىساق يۇقىرىقى 18 خىل
«نام» نىڭ يېتەرسىزلىكىنى قايىل قىلارلىق كۆرسىتىپ
بېرەلمىگەننىڭ سىرتىدا ئۆزىمىزمۇ تەتقىقاتتا قىزىققاز ـ
لىق، بىپەرۋالىق خاھىشىنى سادىر قىلىپ قويۇشىمىز
مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا بىز 1914 ـ يىلدىن ئىلگىرىلا
چاقماق دەريا ۋادىسىدا، ئۈستۈن ـ ئاستىن ئىككى ئاتۇش ـ
نىڭ ئوتتۇرىسىدا يالتىراپ تۇرغان گۆھەر يۇرت — ئىكى ـ
ساقتا ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئارا مەھەللە كەنتىدىمۇ ئاكا ـ
ئۇكا مۇساباييېفلار تەرىپىدىن قېرىنداش جەدىدچە مەكتەپ ـ
لەرنىڭ ئاللىبۇرۇن قۇرۇلغانلىقىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئې ـ
سىگە سېلىشىمىز كېرەك. بۇ ھەقتە «مەشئەل» ژۇرنىلىغا
بېرىلگەن پەخىردىن ئەپەندىم ئىسىملىك شاھىدنىڭ «ئى ـ
لىم ـپەن بۇلىقىنى قېزىش — شەرەپ» ناملىق ئەسلىمى ـ
سىدە: «مەن 1911 ـ يىلى سەككىز يېشىمدا ئىكىساق ئارا
مەھەللە باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردىم. بۇ مەكتەپ
... شۇ دەۋرنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بولغان باھاۋۇدۇن مۇسابا ـ
يېف تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىكىساق مەكتىپىنىڭ تارمىقى
ئىدى» دېيىلگەن بولسا؛ سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ
«ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 1 ـ قىسىم
143 ـ 146 ـ بەتلىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتى ـ
دىغان بايان يېزىلغان. شۇڭا بىزنىڭ بۇ شاھىدلارنىڭ بۇ با ـ
يانىغا ئىشەنمەسلىككە باھانىمىز يوق. چۈنكى، ئۇلار ئاشۇ
ۋەقەلىكنىڭ ھەقىقىي شاھىدى تۇرسا. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە
ياپونىيەلىك قەلەمكەش ئۆئىشى شىنچىرۇ ئەپەندىمۇ مۇسا ـ
باي جەمەتىنىڭ 1907 ـ يىلدىن بۇرۇنمۇ ئىشقىلىپ مائا ـ
رىپ پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدىكى ئېھ ـ
تىماللىقنى ئىنكار قىلىشقا تەكلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىت ـ
لىسە؛ ئوخشاشلا يالقۇن روزى ئەپەندىمۇ ئىشەنچلىك تارى ـ
خىي پاكىتلار ئاساسىدا 1899 ـ يىلى ئىكىساقتا ئۇيغۇر
يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى ئىسمائىل غاسپىرالىچە
(يېڭىچە) مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما، بۇ

www.uyghurkitap.com

ئەسلىمىچىلىرىمىز ۋە قەلەمكەشلىرىمىزمۇ بۇ مەكتەپلەرنىڭ نەق ۋىۋىسكا نامىنى ئەسلەپ بېرىشكە ۋە ئىسپاتلاپ چىقىشقا ئامالسىز قالغان. بۇ ئەھۋالدا ئۇلار بۇ مەكتەپلەرنىڭ كىملىكىنى «مەكتەپ» سۆزىدىن ئىبارەت بىر ئومۇمىي ئۇقۇم بىلەن «ئىكساق» تىن ئىبارەت بىر كونكرېت ئۇقۇم — يۇرت نامىنى بىرىكتۈرۈپ، ئاندىن ئۇلارنى زامان ۋە ماكانغا تەدبىقلاپ، ماسلاشتۇرۇپ ۋە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ قوللىنىش ئارقىلىق بىزگە بىلدۈرمەكچى بولغان. يۇقىرىدىقى باشتىكى ئۈچ خىل «نام» مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئوتتۇرىغا چىققاچقا 1914 - يىلدىن بۇرۇن ئىكساقتا مەيدانغا كەلگەن بۇ يېڭى ھادىسە — جەدىدچە مەكتەپنىڭ نامى ئۈچ خىل ۋارىيانتقا كۆپىيىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «مەكتەپى ھۇسەينىيە» بىلەن «ھۇسەينىيە مەكتەپى» دىن باشقىلىرى ھەرگىزمۇ تارىخىي نام ئەمەس، ئۇلار پەقەت بۇ يېڭى ھادىسىنىڭ تەقلىدىي ناملا بولالايدۇ. «تەقلىدىي نام» ھەقىقىي تارىخىي نامغا قارىتا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئادەتتە تارىختا مەلۇم بىر نام بىلەن مەيدانغا كەلگەن مەلۇم بىر ھادىسە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنتۇلۇشقا ئايلىنىپ قېلىپ ئۇنىڭ نەق ۋىۋىسكا نامى ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن؛ پەقەت ئورنى، ۋاقتى ۋە جەريانىلا كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالغان، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىش ۋە ئۇنى ئەسلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان ئەھۋالدا ئەشۇ ھادىسىنى چۈشەندۈرۈشكە ئەڭ مۇۋاپىق بولغان سۆزلەرنى تاللاپ نام قىلىپ قوللىنىش يۈزىسىدىن بارلىققا كېلىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇ قىممەت جەھەتتىن نەق تارىخىي نامنىڭ ئورنىنى باسالمىسىمۇ، تارىختا يۈز بەرگەن، نامى ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن ھادىسىنىڭ جەريانى ۋە نەتىجىسىدىن بىزگە مەلۇم ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئەپسۇسكى، تەقلىدىي نام «ئۇچىسى» غا ئارۋاڭ - سارۋاڭ، جالدۇر - جۇلدۇر «كىيىم» لەرنى كىيىپ ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق غەلىتە «ياسىنىپ» سەھنىگە چىققاندا ئۇنى جەزمەن سەھنىدىن چۈشۈرۈۋېتىش كېرەك. چۈنكى، ئەلمىساقتىن بېرى ھېچقانداق بىر مەكتەپ كۆپ ۋارىيانتلىق ياكى كۆپ ئىسىملىك ئاتالمىغان، ئۇنىڭ نامىنىڭ مۇنداق كۆپ ۋارىيانتلىق ياكى كۆپ ئىسىملىك ئاتىلىشى ئامالسىزلىق ۋە بىپەرۋالىقنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى رەڭلەشتۈرۈپ ۋە چاكىنىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەسلىمىچىلەر ۋە قەلەمكەشلەر شۇنچە قىزغىنلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىقى 18 خىل «نام» نىڭ ئىچىدە پەقەت «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن»، «مەكتەپى ھۇسەينىيە» («ھۇسەينىيە مەكتەپى») نىڭلا بەلگىلىك تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممىتى بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنى ساقلاپ قېلىپ، قالغانلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل ئىنكار قىلىۋېتىش كېرەك. ئەمما، بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ «مەشئەل» ژۇرنىلىنىڭ تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممىتىنى تامامەن ئىنكار قىلىۋېتىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. بۇ ژۇرنالدىمۇ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنى تەتقىق قىلىشتا سەل قارىغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلار بار، ئەلۋەتتە. تېخىمۇ قىزىق يېرى شۇكى، ئىكساقتا قۇرۇلغان جەدىدچە مەكتەپنىڭ نامى خەنزۇچىدىمۇ ئوخشاشلا ھەر خىل يېزىلغان ۋە شۇ سەۋەبلىك لېكسىكىلىق، لوگىكىلىق ۋە تارىخىي، ئىلمىي خاتالىق كېلىپ چىققان. مەسىلەن، «مەشئەل» ژۇرنىلىغا ليۇجېنجياڭ ئەپەندى تەرىپىدىن بېرىلگەن بېغىشلىمىدا 衣克沙克学校 (ئىكساق مەكتەپى) دەپ يېزىلغان بولسا، فۇ بىن ئەپەندى تەرىپىدىن بېرىلگەن بېغىشلىمىدا 衣克沙克小学 (ئىكساق باشلانغۇچ مەكتەپى) دەپ يېزىلغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، تامامەن بىر خىل ۋە ئۆلچەملىك يېزىش شەرت قىلىنغان بىر خىل ھادىسىنىڭ نامى خەنزۇچىدىمۇ ئارىلىشىپ ۋە مۇجمەللىشىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. چۈنكى، «مەكتەپ» ئۇقۇمىنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچمۇ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرىمۇ، تېخنىكومىمۇ، ھەتتا ئىنستىتۇت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارمۇ بار، ئۇ لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، «باشلانغۇچ مەكتەپ» بولسا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىپتىدائىي مەكتەپنىلا بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى «مەكتەپ» كە قارىغاندا خېلىلا تار، ئاۋۋالقىسى كەڭ ئۇقۇم، كېيىنكىسى تار ئۇقۇمدۇر. تىل ئىستېمالىدا بۇ پەرققە سەل قارىغاندا ئەنە شۇنداق لېكسىكىلىق ۋە لوگىكىلىق خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئەينى چاغدا ئىكساقتا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك بىرنەچچە جەدىدچە باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەيدىغان بىرلا جەدىدچە دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلغان بولسىمۇ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ شۇ مەزگىلدە «ئىكساق مەكتەپى» ياكى «ئىكساق باشلانغۇچ مەكتەپى» دەپ ئاتالمىغانلىقىدەك ئەمەلىيەتنى ئويلاشقاندىمۇ، بۇ مەكتەپنىڭ خەنزۇچە «ئىكساق مەكتەپى» ۋە «ئىكساق باشلانغۇچ مەكتەپى» دېگەن ئۇقۇمدا يېزىلىشى تارىخىي ۋە ئىلمىي جەھەتتىن خاتا بولغان.

شۇ نەرسە ئېنىقكى ئىكساقتا 1914 - يىلدىن ئىلگىرى قۇرۇلغان جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ قانداق ۋىۋىسكىلارنى ئاسقانلىقى، قانداق ناملارنى قوللانغانلىقى مەلۇم ئەمەس؛ 1914 - يىلى قۇرۇلغان جەدىدچە دارىلمۇئەللىمىنىنىڭمۇ قانداق ۋىۋىسكىنى ئاسقانلىقى، قانداق تامغىنى ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس (ئەلۋەتتە ۋىۋىسكا ۋە تامغا قانداق بولسا نامىمۇ شۇنداق بولىدۇ). بۇ ھەقتە ھېچقانداق يازما پاكىت قالدۇرۇلمىغان. بۇنداق بولۇشى بەلكىم بۇ مەكتەپلەر قۇ-

رولغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش خىزمىتىنى جىددىي يولغا قويغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن ئۆمەر بايغا ئوخشاش نوپۇزلۇق شەخسلەرنىڭ ئارىلىشىشى، قارشى چىقىشى، كاشىلا پەيدا قىلىشى، بۇزغۇنچىلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچراش، تەقىپ قىلىنىش، توختاپ قېلىش قىسمىتىگە دۇچ كەلگەنلىكى؛ ھەتتا 1917 — 1919 - يىللىرى ئارىلىقىدا يالڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىنىڭ 2 - قېتىم ئىكىساقتىكى بارلىق مەكتەپلەرنى تاقاتقۇزۇۋەتكەنلىكى ۋە ۋىۋىسكا بىلەن تامغىلارنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا توغرا كەلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىكىساقتىكى جەدىدچە مەكتەپلەر ئەنە شۇنداق جاپالىق قۇرۇلۇش، توختاپ قېلىش، يەنە ئەسلىگە كېلىش جەريانىدا ۋىۋىسكىلىرى ۋە تامغىلىرىنىمۇ ئالماشتۇرۇش شەرتىگە دۇچ كەلگەن، ئەسلىگە كەلگەندە يەنە باشقا ۋىۋىسكا ۋە تامغا ئىشلىتىلگەن بولسا، بەلكىم قىسقا ۋاقىت «لەپلەدەپ» تۇرغان ۋىۋىسكىلار كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن ئاسانلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەمدى ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى ئۇئىشى شىنچىرو ئەپەندىنىڭ «قەشقەردىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى — مۇسابايى جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ» ناملىق ماقالىسى مەخسۇس ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تارىخىغا بېغىشلانغان بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيەلىك ماقالە بولسىمۇ، بۇ ماقالىدىمۇ ئوخشاشلا ئىكىساقتا قۇرۇلغان جەدىدچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان. ئۇنىڭ بۇ ماقالىسىدە پەقەت 1914 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەھمەد كامال مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھاد» نىڭ قۇرۇلغان چاغدىكى نامىلا بىر قېتىم تىلغا ئېلىنغاندىن سىرت بۇ نام بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا بىرەر قىممىتى بار ئۇچۇر بېرىلمىگەن. ماقالە تېمىسىنىڭ مەخسۇس «مۇسابايى جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ» قا بېغىشلانغانلىقىنى ئويلاشقاندا بۇ ماقالىدە ئىكىساق يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەن جەدىدچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ نامى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر بېرىلمىگەنلىكى، ھەتتا 1914 - يىلى قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىننىڭ ۋىۋىسكىسى، تامغىسى، قوللىنىلىش جەريانى ھەققىدىمۇ ھېچنېمە دېيىلمىگەنلىكى، بولۇپمۇ ماقالە تېمىسىنىڭ مۇشۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ نەق كىملىك نامى ئاستىدا ئېنىق تاپشۇرۇلماسلىقى، يەنى ماقالە تېمىسىنىڭ مۇشۇنى جەزمەن شەرت قىلىدىغانلىقى ھېسابقا ئېلىنمىغانلىقى بۇ ماقالىدىكى يادرولۇق مەزمۇننىڭ غۇۋالىقى ۋە چولتىلىقىنى بەلگىلەپ قويغان. بۇنداق بولۇشى بەلكىم ئۇئىشى شىنچىرو ئەپەندىنىڭمۇ ئۆزى پايدىلانغان «ۋاقىت» گېزىتى (بۇ ئورېنبۇرگدا تارقىتىلغان روسىيە جەدىدچىلىرىنىڭ ۋەكىللىك نەشر ئەپكارى بولمىش تاتار تىلىدىكى گېزىت) نىڭ 1906 - يىللىق 2 - سانىدىن 26 - سانىغىچە، 1918 - يىللىق 1 - سانىدىن 26 - سانىغىچە بولغان سانلىرى بىلەن تاتارچە «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1908 - يىللىق 1 - سانىدىن 1918 - يىللىق 1 - سانىغىچە بولغان سانلىرىدىن، جۈملىدىن باشقا مەتبۇئاتلاردىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن ئىكىساقتا قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ نەق نامىغا دائىر بىرەر ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بۇنى ئۇنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىگە بېرىلگەن 22 - ئىزاھاتتىكى «لېكىن مۇسابايى جەمەتىنىڭ 1907 — 1908 - يىللىرىدىن بۇرۇنمۇ ئىشقىلىپ مائارىپ پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدىكى ئېھتىماللىقنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ» دېگەن جۈملىسىدىن ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر «ۋاقىت» گېزىتى بىلەن «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ يۇقىرىقى سانلىرىدا 1914 - يىلدىن ئىلگىرى ئىكىساقتا قۇرۇلغان جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ نامىغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر خەۋەر بېرىلگەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا، ئۇئىشى شىنچىرو ئەپەندىنىڭمۇ بىزنى بۇ ھەقتىكى قىممىتى بار ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆز ماقالىسىنى تۈگۈل مۇسابايى جەمەتىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە يېڭىچە مائارىپنىڭ شەكىللىنىش تارىخىغا بېغىشلىغان تۈرۈقلۇق ھېچبولمىغاندا 1914 - يىلى قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامى توغرىسىدا تۈزۈك بىر نېمە دېمىگەنلىكى، مۇلاھىزىسىنى شۇ نام ئاستىدا قانات يايدۇرمىغانلىقى ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدىغان چولتىلىقى ۋە ئاجىزلىقى بولۇپ قالغان. بەلكىم ئۇئىشى شىنچىرو ئەپەندى بۇ ھەقتىمۇ ئىشەنچلىك ئۇچۇر - پاكىتقا ئېرىشەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا ئۇ ئەجەبا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ھادىسىنىڭ نامىنى تەرك ئېتىپ تۇرۇپ ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىنى قايىل قىلارلىق يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى بىر ئەجەللىك بوشلۇق ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان مۇھىم ئامىلنىڭ بىرىنى تەرك ئېتىپ تۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، شۇ ۋەجىدىن بۇنىڭغا ئەسكەرتىش بېرىپ قويۇشنىڭ زۆرۈر بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلىمىغانمىدۇر!؟

ئەمدى بىز يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ 1914 - يىلى ئىكىساقتا باھاۋۇدۇنباي تەرىپىدىن قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامى ھەققىدىكى ئۇچۇرلىرىنى كۆرۈپ باقايلى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىپ، كېيىن «لاي قەلئەنىڭ سىرى» ناملىق توپلىمىغا كىرگۈزگەن «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىسىدە مەلۇمات بېرىپ: ئەھمەد كامالنىڭ «تولۇق ئىسمى ھەبىبزادە ئەھمەد كامال بولغاچقا، ئۇستۇنئاتۇش خەلقى ئۇ باشقۇرۇۋاتقان بۇ مەكتەپنى ‹ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن› دەپ ئاتاشقان. ئەھمەد كامال ئۆز كىتابىدا بولسا بۇ مەكتەپنى ‹ئىتتاھاتى دارىلمۇئەللىمىن› دەپ ئاتىغان. باھاۋۇدۇنباي 1915 - يىلى ئورېنبۇرگدا باستۇرغان ‹ئېلىپبەيى تۈركى› ناملىق ئېلىپبە كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىدا بولسا ‹قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن› دەپ يېزىلغان. ‹ھۇسەينىيە مەكتىپى› دەپ ئاتاش ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىش» دەپ يازغان بولسا؛ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «20 - ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى» ناملىق يەنە بىر ماقالىسىنىڭ 25 - ئىزاھاتىدا: «بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامى ئەھمەد كامالنىڭ ئەسىرىدە ‹ئىتتىھات ۋە تەرەققى دارىلمۇئەللىمىن› دەپ يېزىلغان» دەپ يازغان. يالقۇن روزى ئەپەندى يەنە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2011 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلغان «ئاكا - ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ توققۇز چوڭ تۆھپىسى» ناملىق يەنە بىر ماقالىسىدە: «ئەھمەد كامال ئۆز ئەسلىمىسىدە ‹ئاتۇش دارىلمۇئەللىمىن› دەپ ئاتىغان» دەپ يازغان.

دېمەك، يالقۇن روزى ئەپەندى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى شانلىق سەھىپە — 1914 - يىلى ئىكىساقتا قۇرۇلغان جەدىدچە دارىلمۇئەللىمىننىڭ نەق نامى توغرىسىدا بىزنى ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇيغۇر تىلىدىكى مەتبۇئاتلاردا شۇ چاغقىچە ئۇئىشى شىنچىرۇ ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى مىكرو مەلۇماتىدىن باشقا بۇنىڭغا دائىر ھېچقانداق يازما پاكىت بېرىلمىگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەلەمكەشلەر ئىكىساقتا قۇرۇلغان جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ شۇ چاغدا قانداق ۋىۋىسكا نامىنى قوللانغانلىقىغا دائىر بىرەر يازما پاكىتقا ئېرىشەلمەي ئارماندا يۈرگەنىدى. ئارىدىن 100 يىلچە ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە يالقۇن روزى ئەپەندى بەرگەن بايىقى ئۇچۇر ئۇيغۇر جامائىتىنى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان ئىكىساقتا مەيدانغا كەلگەن جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ شۇ چاغدا قويۇلغان نەق نامىنى پەرەز قىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يالقۇن روزى ئەپەندى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تەتقىقاتى ساھەسىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشتىن بىرنى قىلدى. ئەمما، يالقۇن روزى ئەپەندى تەمىنلىگەن بۇ ئۇچۇردىمۇ تارىختىكى ئىدارە - ئورگان (مەكتەپ) ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىلمىيلىكىگە مۇخالىپ مەزمۇننىڭ بارلىقىمۇ سېزىلىپ قالدى. مەسىلەن، يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئۈچ پارچە ماقالىسىدىن ئەينەن ئۈزۈپ ئېلىنغان، ئوخشاش بىر خىل ھادىسىنىڭ تارىخىي نامىغا بېغىشلانغان يۇقىرىقى ئۈچ كەلىمە نەقىلدە كۆرسىتىلگەن ئالتە خىل نامدىن «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» بىلەن «ھۇسەينىيە مەكتىپى» نامەلۇم ئاتۇشلۇق ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ قەلىمىگە، «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» باھاۋۇدۇنباينىڭ قەلىمىگە، «ئىتتاھتى دارىلمۇئەللىمىن»، «ئىتتىھات ۋە تەرەققى دارىلمۇئەللىمىن»، «ئاتۇش دارىلمۇئەللىمىن» قاتارلىقلار بولسا ئەھمەد كامالنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇپ، ھەممىسى لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن 1914 - يىلى ئىكىساقتا قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىننىڭ كىملىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان. ھالبۇكى، بۇ ئالتە خىل نامنىڭ ھېچقايسىسى بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئۇ قۇرۇلغان چاغدا قويۇلغان ۋىۋىسكا نامى ئەمەس. بولۇپمۇ، بۇ ئالتە خىل نام ئىچىدە ئىدارە - ئورگان (مەكتەپ) ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىلمىيلىكىگە مۇخالىپ مەزمۇن دەل ئەھمەد كامالنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ ئۈچ خىل نامدا ئېغىر يۈز بەرگەن. بىز بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىمىزنى ئۆز نۆۋىتىگە قالدۇرۇپ، ئەمدىكى دىققىتىمىزنى يالقۇن روزى ئەپەندى كۆرسەتكەن ئالتە خىل نامغا ئاغدۇرۇپ، ئاددىن بۇ ئالتە خىل نامغا 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى تەرىپىدىن خىيالەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۇقىرىقى سەككىز خىل نام بىلەن ئۇئىشى شىنچىرۇ ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھاد» دېگەن نامنى قوشساق، ئۇ ھالدا 1914 - يىلى قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامى ئون نەچچە خىلغا بارىدۇ (ئەلۋەتتە باشقا مەتبۇئاتلاردىكىنى دېمىگەندە). قۇرۇلمىسى - تۈزۈلۈشى بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان بۇ ئون نەچچە خىل نامنىڭ ھەممىسى لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن پەقەت مۇشۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭلا كىملىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان. بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ 1914 - يىللىرى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىكىساقنىڭ باشقا مەھەللىلىرىدە قۇرۇلغان جەدىدچە مەكتەپلەر بىلەن ھېچقانداق ئېتىمولوگىيەلىك مۇناسىۋىتى يوق. خوش، ئۇنداقتا، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى ياراتقان بۇ مەشھۇر دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامى نېمىشقا مۇشۇنداق كۆپ خىل ئاتىلىپ قالىدۇ؟ ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە شەكلىدە نېمىشقا مۇنچىۋالا كۆپ خىللىق، پاكىتسىزلىق ۋە ئېلىشمانلىق يۈز بېرىدۇ؟ يەنە كېلىپ يالقۇن روزى ئەپەندى كۆرسەتكەن «ئىتتاھاتى دارىلمۇئەللىمىن» دېگەن نام بىلەن

«ئىتتىهات ۋە تەرەققى دارىلمۇئەللىمىن» دېگەن نامنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىملاسى ئوخشىمىغانلىقى سىرتىدا يەنە بۇ ئىككى نام بىلەن قۇرۇلما ۋە ئىملا جەھەتتىن تامامەن بىردەك بولۇش شەرت بولغان ئۇئىشى شىنچىرۇ ئەپەندى كۆرسەتكەن «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىهاد» دېگەن نامنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىملاسى ئوتتۇرىسىدىمۇ نېمىشقا مۇنداق پەرق يۈز بېرىدۇ؟ مانا بۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدىغان ۋە جاۋاب بەرمىسە بولمايدىغان مەسىلىدۇر.

ئەلۋەزەر، قۇرۇلمىسى، شەكلى ۋە ئىملاسى تامامەن ئوخشاش بولۇشى شەرت قىلىنغان بىر مەكتەپنىڭ نامىنىڭ بۇ ئاپتورنىڭ قولىدا مۇنداق، ئۇ ئاپتورنىڭ قولىدا ئۇنداق، ھەتتا بىر ئاپتورنىڭ قولىدىمۇ ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق، بىرىنچى ئابزاستا بىر خىل، ئىككىنچى - ئۈچىنچى ئابزاسلاردا يەنە بىر خىل يېزىلىشى ئىنتايىن بىنورمال ئەھۋال. بۇ ماھىيەتتە بىپەرۋالىق ۋە ھاماقەتلىك قىلىپ بىر خىل ھادىسە ۋە شەيئىنىڭ نامىنى بىرقانچە خىل يېزىشنىڭ ۋە بىر خىل ھادىسە — شەيئىنى بىرقانچە خىل ھادىسە ۋە شەيئىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

دېمەك، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى بۇ داڭلىق دارىلمۇئەللىمىننىڭ يۇقىرىقىدەك ئون نەچچە خىل يېزىلىشى ۋە ئاتىلىشى يالقۇن روزى ئەپەندى ئىسپاتلاپ چىققان ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ قاچان، قانداق ۋە نېمە مەقسەتتە قۇرۇلغانلىقى مەسىلىسىگە بىۋاسىتە چېتىلىدىغان ۋە بۇ مەسىلىنىڭ جەريانى، چىنلىقىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويىدىغان، زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ناچار ئادەت. مېنىڭ مۇنداق دېيىشىمنىڭ ئىلمىي زاكونى شۇكى، بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ قۇرۇلغان چاغدىلا بىراقلا بىرقانچە خىل نام بىلەن ئاتىلىشى، يېزىلىشى، خىزمەتلىرىنىمۇ شۇنداق كۆپ خىل نام ئاستىدا قانات يايدۇرۇشى زادى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. بۇ ئەقىلغىمۇ سىغمايدۇ. چۈنكى، ئىدارە - ئورگان ناملىرى تارىخدا بىر ئورۇن، يەنى بىر مەكتەپ بىرلا ۋاقىتتا ئەزەلدىن مۇنداق كۆپ خىل نام بىلەن ئاتالمىغان، پەقەت بىرلا خىل نام بىلەن ئاتالغان، يەنە كېلىپ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تارىخىي ھادىسە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن تارىخىي نام تېخىمۇ شۇنداق بولغان. بۇنداق تارىخىي نام تارىخنىڭ مەھسۇلى ۋە ئىسپاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن قۇرۇلما، شەكىل ۋە ئىملا جەھەتتىن مۇتلەق بىر خىل ۋە مۇقىم بولىدۇ. مەسىلەن، «ھۇسەينىيە مەكتىپى»نى «ھۇسەينىيەنىڭ مەكتىپى»، «ئىكىساقتىكى ھۇسەينىيەنىڭ مەكتىپى» دەپ يېزىشقا بولمىغاندەك تۇراقلىق بولىدۇ. ئۇ شۇ مەكتەپنىڭ ۋۇجۇسكىسى ۋە تامغىسىلىق رولىنى ئويناپ مۇقەددەس كىملىك سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. بىز ئىكىساقتا قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئون نەچچە خىل يېزىلىشىدىن شۇنى روشەن ھېس قىلىپ يەتتۇقكى، تارىختىكى بىر مەكتەپنىڭ ئۆزىنىڭ نەق ۋۇجۇسكا نامى بىلەن ئاتالماي ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق ئاتىلىپ ئۇنىڭ نامىنىڭ كۆپ خىل ۋارىيانتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىرى قەلەمكەشلەرنىڭ ئۇنى ئۆزىنىڭ غايىسى بويىچە يەنە باشقىدىن نام بېرىپ ئاتىشىدىن؛ يەنە بىرى، بىپەرۋالىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ ئۇنى خىيالىغا كەلگەن سۆز بىلەن يېزىشىدىن بولىدۇ.

بىز ئاكا - ئۇكا مۇساباييېفلار تەرىپىدىن 1899 - يىلى قۇرۇلغان تۇنجى جەدىدچە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئون خىل نام بىلەن، 1914 - يىلى قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئون نەچچە خىل نام بىلەن ئاتىلىشى ماھىيەتتە مۇشۇ يېڭى شەيئى — جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ تارىختىكى ھەقىقىي كىملىك نامىنى ھەر كىم ھەر خىل ئاتاش خاھىشىنىڭ، يەنى بىپەرۋالىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ ئىگىسى قويغان ئىسىم بىلەن ئاتىماسلىقنىڭ، ئىزدىنىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلمىغانلىقنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بىر مەسىلە سۈپىتىدە كۆتۈرۈپ چىققىنىمىزدا ئەلۋەتتە يالقۇن روزى ئەپەندى بىلەن ئۇئىشى شىنچىرۇ ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەن يۇقىرىقى بىرقانچە خىل نامنىمۇ مۇشۇ خىل خاھىشنىڭ تېخىمۇ تىپىك نەتىجىسى دەپ قارايمىز. ئەمىسە 1914 - يىلى ئېچىلغان دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئۇلارنىڭ ئۇزۇندىلىرىدە يەتتە خىل يېزىلغانلىقىنى نېمە دەپ چۈشەندۈرگۈلۈك!؟ ئەمما، يالقۇن روزى ئەپەندىمۇ، ئۇئىشى شىنچىرۇ ئەپەندىمۇ بۇ ناملارنى ئەھمەد كامالنىڭ ئەسلىمىسىدىن ئۈزۈپ ئالغان بولۇپ، ھەر ئىككىلا ئاپتور ئەھمەد كامالنىڭ ئەسلىمىسىدىكى ناملارنىڭ سەۋەنلىكى ۋە يېتەرسىزلىكىگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلمىغان، بولۇپمۇ يالقۇن روزى ئەپەندى ئەھمەد كامالنىڭ قەلىمىدە مەسىلە بارمۇ - يوق دېگەن مەسىلىنى زادى ئويلاشمىغان. يالقۇن روزى ئەپەندى «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن»، «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن»، «ھۇسەينىيە مەكتىپى» دېگەن ناملاردىن باشقىلىرىنى ئەھمەد كامالنىڭ ئەسلىمىسىدىن ئۈزۈپ ئالغان بولسا، ئۇئىشى شىنچىرۇ ئەپەندىمۇ «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىهاد» دېگەن نامنى ئوخشاشلا ئەھمەد كامالنىڭ ئەسلىمىسىدىن ئۈزۈپ ئالغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەھمەد كامالنىڭ ئۆزى مۇدىر بولغان دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامىنى ئۈچ خىل يېزىشى تامامەن خاتا بولغان. چۈنكى، ئىدارە - ئورگان (مەكتەپ) ناملىرىمۇ كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىغا ئوخشاش تۇراقلىق بولىدۇ. مەكتەپ بىر ئاممىۋى ياكى كوللېكتىپ ئورگان بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەتتە ئۇنىڭ خىزمەت فۇنكسىيەسى ئۇنىڭ ئىگىسى قويغان ئىسمى —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ۋىۋىسكىسى ۋە تامغىسىدىكى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن نامى ئارقىلىق جارى قىلىنىدۇ، كىشىلەرنىڭمۇ شۇ بويىچە ئاتىشى ۋە ئىش بېجىرىشى شەرت قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ تارىخىنى يېزىشتىمۇ مۇشۇ شەرت پرىنسىپ قىلىنىدۇ. نامشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مەكتەپ ناملىرىمۇ بىر تىلنىڭ تۇراقلىق تەركىبلىرى كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ ئىنتېقلاش — ئىنتېقلىنىش ياكى بېقىنىش — بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە زىچ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان، تەركىبىدىكى سۆزلەرنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا، ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشقا، باشقىدىن بىرەر سۆزنى قوشۇپ قويۇشقا بولمايدىغان، يەنى بىرىكمە شەكلىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە يول قويۇلمايدىغان، نۇتۇق ۋە ماقالىلەردە بىر سۆزگە ئوخشاش ئىشلىتىش تەلەپ قىلىنىدىغان سۆزلەردۇر. مېنىڭچە باھاۋۇدۇنباينىڭ ئەستايىدىل پىلانلىشى ۋە سالدۇرۇشى نەتىجىسىدە ئىكساقتا قۇرۇلغان جەدىدچە دارىلمۇئەللىمىننىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش جەريانىنى، بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئۈستىگە قانداق ۋىۋىسكا ئېسىلغانلىقىنى، ئىجتىمائىي ئالاقىدە قانداق تامغا ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ھەتتا بۇ دارىلمۇئەللىمىنگە مۇدىر بولغان ئەھمەد كامالنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ نامىنى ئۈچ خىل يېزىشى ئادەتتىكى مەسىلە ئەمەس. ئەگەر، ئەھمەد كامال ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان، مەردانە، يىراقنى كۆرەر قەلەمكەش بولغان بولسا، ئۆزى باشقۇرۇپ تۇرغان مەكتەپنىڭ نامىنى نامشۇناسلىق ئىلمىگە مۇخالىپ ھالدا ئۈچ خىل يازمايتتى. ئۇ بىر مەكتەپنىڭ نامىنى خىيالىغا كەلگەنچە ئۈچ خىل يازغان بولغاچقا بۇ ئۈچ خىل نامدىن زادى قايسىسىنىڭ بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ بىردىنبىر تارىخىي نامى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولماسلىق مەسىلىسى كېلىپ چىققان. ئادەتتە مۇنداق مەسىلە تەتقىقات ياكى ئىجادىيەتتە تەجرىبىسىز، بىپەرۋا، قىزىققان، پوچى قەلەمكەشلەردە كۆپرەك يۈز بېرىدۇ. ئەھمەد كامالنىڭ ئۆزى مۇدىر بولغان دارىلمۇئەللىمىننىڭ پەقەت بىرلا ۋىۋىسكىسى ۋە نامى بارلىقىنى بەش قولدەك بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى يەنە يەر نامى ئىلمىگە مۇخالىپ ھالدا ئۈچ خىل يېزىشى بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ تارىختىكى نامىنى غۇۋالاشتۇرۇۋەتكەن. بىز بۇنىڭدىن شۈبھىلەنمەي ۋە ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىز. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقى ۋە تەنتەكلىكىنى ئۇئىشى شىنچىرو ئەپەندىنىڭ «قەشقەردىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى — مۇساباي جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ» ناملىق ماقالىسىنىڭ 31 — ئىزاھاتىدىكى ئەھمەد كامالنىڭ ئەسىرىگە باھا بېرىپ يازغان: بۇ ئەسەر «ئەسلىمە بولغاچقا، ئەمەلىيەتنىڭ بۇرمىلانغان ياكى كۆپتۈرۈلگەنلىك ئېھتىماللىقى بارلىقىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار» دېگەن جۈملىسىگە تەدبىقلاپ چۈشەنسەك، ئەھمەد كامالنىڭ مەكتەپ نامىنى ئاتاش ۋە يېزىشتا ھەقىقەتەن تەجرىبىسىز، بىپەرۋا، پوچى قەلەمكەش ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوچۇق بىلىۋالالايمىز. ئۇنىڭ بىر دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامىنى خالىغانچە ئۈچ خىل يازغانلىقى ئۇنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئېيتقاندا بەكمۇ ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغان، ئەمما بىز ئۈچۈن ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. شۇڭا ئەھمەد كامالنىڭ بىزنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىمىزدىكى شانلىق سەھىپە بولغان دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامىنى ئۈچ خىل يازغانلىقىنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايمىز. شۇنداق بولغاندا بىز ئۇئىشى شىنچىرو ئەپەندىنىڭ بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامىنى «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھاد» دەپ ئاتىغانلىقىنىمۇ ئوخشاشلا قوبۇل قىلالمايمىز. چۈنكى، ئەھمەد كامالنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ يۇقىرىقى ئۈچ خىل نامنىڭ قۇرۇلمىسىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھاد» ئەمەلىيەتتە «ئىتتىھاتى دارىلمۇئەللىمىن» نىڭ يەنە بىر بۇزۇلغان ۋارىيانتى، يەنى ئۇ «ئىتتىھاتى دارىلمۇئەللىمىن» بىلەن «ئىتتىھات ۋە تەرەققى دارىلمۇئەللىمىن» دىن قايسىسىنىڭ ئىلمىي نام ئىكەنلىكى پەرقلەندۈرۈلمەيلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نام. لوگىكىلىق ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئېيتقاندىمۇ، ئۇئىشى شىنچىرو ئەپەندى بۇ نامنى ئەھمەد كامالنىڭ ئەسىرىدىن ئۈزۈپ ئالغان ئەھۋال ئاستىدا ئەھمەد كامالنىڭ قەلىمىدە مەسىلەر بار بولىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ مەسىلە بار قەلىمىدىن پايدىلانغان ئۇئىشى شىنچىرو ئەپەندىنىڭ قەلىمىدىمۇ مۇقەررەر ھالدا مەسىلە يۈز بەرگەن بولىدۇ.

ئەمدى «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» دېگەن نامغا كەلسەك، ئۇ ئەھمەد كامالنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۈستۈنئاشتۇش خەلقى 1914 — يىلى ئىكساقتا قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامىنى ئاتاشتا قوللانغان نام بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ مەكتەپ قۇرۇلغان چاغدىلا ۋىۋىسكا ۋە تامغا سۈپىتىدە قويۇلغان نام ئەمەسلىكى بارغانسېرى ئايدىڭلاشماقتا. مەسىلەن، ئۇئىشى شىنچىرو ئەپەندى بىلەن يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ ئىجادىيىتىگە مەنبە بولغان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تارىخىي مەنبەلەردە «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» دېگەن نامنىڭ قوللىنىلغانلىقى مەلۇم بولمىغان. بۇنداق ئەھۋالدا بىز «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» دېگەن نامنىمۇ نەق تارىخىي نام دەپ قارىيالمايمىز. بۇ نامنى بەلكىم 1917 — يىلى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئەھمەد كامالنى كۇچاغا سۈرگۈن قىلىۋەتكەن ياكى 1919 — يىلى ئۇنى ۋەتىنىگە قايتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئۈستۈنئاتۇش خەلقى ئۇنىڭ ئىكساق يېڭى مائارىپىغا قوشقان تۆھپىسىنى ئەسلەش ۋە

ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدارلىقى ـ ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن سەل كېيىنرەك قوللانغان بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئويلاشقاندا، بىز «ھەببىزادە دارىلمۇئەللىمىن» دېگەن نامنى بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ نەق تارىخىي نامى ئەمەس، بەلكى بىر ئادەتتىكى ھۆرمەت نامى دەپ قارايمىز.

ئەمدى «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» دېگەن نامغا كەلسەك، بۇمۇ ئىكساقتا قۇرۇلغان جەدىدچە دارىلمۇئەللىمىننىڭ نەق ۋىۋىسكا نامى ئەمەس. لېكىن، بۇ نام بۇ دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلۇپ كېيىنكى يىلى — 1915 ـ يىلى باھاۋۇدۇنباي ئورېنبۇرگدا باستۇرغان ئېلىپبە كىتابىدا قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ «ئورۇنباسار» نامى دەپ قارايمىز ۋە بۇ نامنىڭ يازما پاكىتقا ئىگە بولغانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈنۈش ھېس قىلىمىز، بۇ نامنىڭ تارىخىي قىممىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. باھاۋۇدۇنباي تەجرىبىسى مول، غايىسى يۈكسەك، جۈرئىتى كۈچلۈك، تەدبىرلىك ئادەم بولغاچقا ئىناقلىق ۋە ئۈملۈكنى، ئومۇملۇق ۋە پۈتۈنلۈكنى نەزەردە تۇتۇپ، شۇ چاغدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەدەب قېلىۋاتقان تەرەپبازلىق ۋە يۇرتۋازلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى، بولۇپمۇ شۇ مەزگىللەردە قەشقەرلىك قېرىنداشلار بىلەن ئاتۇشلۇق قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۆزئارا ئىشەنمەسلىك ۋە كېلىشمەسلىك زىددىيىتىنى يۇمشىتىش ۋە پەسەيتىشنى، يېڭى مائارىپ ئۈچۈن بىرىنىڭ كەڭ قورساق، بىرىنىڭ ئەپچان بولۇش خىسلىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ بۇ دارىلمۇئەللىمىننى يەنە شۇنداق ئاتاشنىمۇ مۇناسىپ كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەمدى «ھۇسەينىيە مەكتىپى» دېگەن نامغا كەلسەك، ئۇمۇ ئوخشاشلا بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ ۋىۋىسكا نامى ئەمەس، بۇ ھەقتە ھېچقانداق يازما خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. بۇ نام بەلكىم بۇ دارىلمۇئەللىمىننى 1917 — 1919 ـ يىللىرى ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى 2 ـ قېتىم بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تاقاتقۇزۇۋەتكەن ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي باھاۋۇدۇنباينىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن (كونكرېت ۋاقتى ئېنىق ئەمەس) قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ دارىلمۇئەللىمىن 1914 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئېچىلىپ تۆت ـ بەش يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قۇرۇلۇش، تەقىپ قىلىنىش، توختاپ قېلىش، يەنە ئەسلىگە كېلىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. مۇشۇ جەرياندا بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئۇستىگە ئېسىلغان ۋىۋىسكىمۇ ئالمىشىش، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نامىمۇ ئۆزگىرىش قىسمىتىگە دۇچ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى نامى ئاسانلا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئەھۋال ئۇنداق بولمىغان بولسا بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ قۇرۇلغان دەۋرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن قەلەمكەشلەر تەرىپىدىن يېزىلغان خاتىرىلەردە بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ ۋىۋىسكا نامى خاتىرىلىنىپ قالغان بولاتتى. دېمەك، «ھۇسەينىيە مەكتىپى» دېگەن نام مۇشۇنداق جەريانلاردىن كېيىن بۇ دارىلمۇئەللىمىنگە ئۇستۇنئاتۇش خەلقى تەرىپىدىن قويۇلغان نامدۇر. كېيىنچە بۇ نام لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن ئىكساقتا 1899 ـ يىلى قۇرۇلغان تۇنجى جەدىدچە باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ، 1914 ـ يىل 4 ـ ئايدا قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىننىمۇ، ئومۇمەن ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار تەرىپىدىن ئاتۇشتا قۇرۇلغان باشقا بارلىق مەكتەپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتكەن.

لېكىن، بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتماي بولمايدۇكى، «ھۇسەينىيە مەكتىپى» دېگەن نامنىڭ يەنە «مەكتىپى ھۇسەينىيە» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بار بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئىككى نام گەرچە بىر مەكتەپ نامىنىڭ ئىككى خىل ۋارىيانتى بولسىمۇ، پەيدا بولۇش ۋاقتى ۋە لېكسىكىلىق مەنىسى جەھەتتىن خېلى روشەن پەرققە ئىگە. ئەمەلىيەتتە كېيىنكىسى ئاۋۋالقىسىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەنئەنىسىنى ئەكس ئەتتۈرسە، ئاۋۋالقىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بىزگە مەلۇم، تۇنجى جەدىدچە دارىلمۇئەللىمىن 2 ـ قېتىم قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي يېڭىچە مائارىپنىڭ ساداسى ئۆي ـ ئۆيلەرگە ئاڭلىنىپ كەتكەن، بولۇپمۇ مەھمۇد مۇھىتى دەۋرى (1934 — 1937) گە كەلگەندە شىنجاڭدا ئىلغارلىقنى، يېڭىلىقنى، يېڭى مائارىپنى، تەرەققىياتنى بايراق قىلغان مىسلىسىز كۆلەمدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى قانات يېيىپ كەتكەن. بۇ ھەرىكەتنىڭ دېموكراتىيەلىشىش، ئاقارتىش، يېڭىلاش خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا ئەينى دەۋردە چۈشكۈنلىشىپ، بېچارىلىشىپ كەتكەن خەلق بىردىنلا جانلىنىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن قىسقىغىنا بىرقانچە يىل ئىچىدە 7 — 8 يۈز يىللىق تەرەققىياتنى بېسىپ ئۆتكەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇنىڭ روشەن بىر بەلگىسى مەكتەپ ناملىرىنى ئاتاشتا ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، بۇرۇنقى خەۋەر ـ ئىگە قۇرۇلمىلىق مەكتەپ ناملىرىنىڭ شەكلى ئىگە ـ خەۋەر قۇرۇلمىلىق مەكتەپ ناملىرىنىڭ شەكلىگە، يەنى «مەكتىپى ھۇسەينىيە» دەپ ئاتاش «ھۇسەينىيە مەكتىپى» دەپ ئاتاشقا ئۆزگەرگەن. بۇنداق ئاتاشتا جۈملە ئىچىدە «ئىگىسى» نى ئالدىغا ـ تۆرگە قويۇش، «خەۋىرى» نى كەينىگە — پەگاھقا

www.uyghurkitap.com

قويۇش ئارقىلىق ئىگىدارلىق ۋە كىملىكنى تېخىمۇ كۈچەيـ
لۇك ئىپادىلەش، مەكتەپ نامىنىڭ دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيـ
غۇنلىشىش، جەلپ قىلىش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى يەنىـ
مۇ ئاشۇرۇش، بولۇپمۇ مەكتەپنىڭ تەۋەلىكى، مەنسۇبىيىتى
ۋە مۇلۇك ھوقۇقىنى ئۇنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ نامىدا ئىپلان
قىلىش ئارقىلىق ئۇنى سىر خىل ماركا ھالىتىگە ئەكېلىش
مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى. شۇڭا ئۇستۇنئاتۇش خەلقى،
بولۇپمۇ ئىكساقلىقلار دەۋرنىڭ ساداسىغا يېقىندىن جۆر
بولۇپ، جاسارەتلىك ۋە تۆھپىكار ھۇسەنبايىنىڭ ئىسمىنى
ماركا ۋە تۇغ سۈپىتىدە نامايان قىلىش، تونۇتۇش مەقسىـ
تىدە «ھۇسەينىيە مەكتىپى» نى بارا ـ بارا «مەكتىپى ھۇـ
سەينىيە» نىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن. «ھۇسەينىيە مەكتىپى»
«مەكتىپى ھۇسەينىيە» نىڭ ۋارىيانتى بولسىمۇ، ئۇ «مەكـ
تىپى ھۇسەينىيە» نىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ئۇلار پەيدا بوـ
لۇش ۋاقتى ۋە ئاتاش ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ.
«مەكتىپى ھۇسەينىيە» چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىسىنىڭ
يېزىق تىلى ئۇسلۇبىنى ئىپادىلىسە، «ھۇسەينىيە مەكتىـ
پى» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ جانلىق تىل ئۇسلۇـ
بىنى ئىپادىلەيدۇ. پەيدا بولۇش ۋاقتى جەھەتتىمۇ «ھۇسەيـ
نىيە مەكتىپى» دەپ ئاتاش «مەكتىپى ھۇسەينىيە» دەپ ئاـ
تاشتىن مەلۇم مەزگىل كېيىن مەيدانغا كەلگەن. ئەلۋەتتە،
چەت ئەللەرنى زىيارەت قىلىپ ئۇ ئەللەردىكى يېڭىلىقلارنى
بالدۇرراق كۆرگەن، دۆلەت ئىچىدە خەنزۇ بايلىرى ۋە زىياـ
لىيلىرى بىلەن قويۇق ئۇچرىشىپ تۇرغان زىيالىيلار
20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا مەكتەپ نامىنى ئاتاشتا چاغاـ
تاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېزىق تىل ئەنئەنىسىنى تەرك ئېتىپ
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ جانلىق تىل ئۇسلۇبىنى
ئاللىقاچان قوللانغان بولۇش ئېھتىمالى بولغاچقا، بەلكىم
«ھۇسەينىيە مەكتىپى» دەپ ئاتاش «مەكتىپى ھۇسەينىيە»
دەپ ئاتاش بىلەن بىر دەۋردە مەيدانغا كەلگەن بولۇشىمۇ
مۇمكىن. ئەمما، بۇ ھەقتە شۇ دەۋردە يېزىلغان يازما پاكىت
بولمىغانلىقتىن كەسكىن ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ.
شۇنداقتىمۇ تۇنجى جەدىدچە دارىلمۇئەللىمىن 2 ـ قېتىم
توختاپ قېلىپ قايتىدىن قۇرۇلغاندا ئۇنىڭ «ھۇسەينىيە
مەكتىپى» (ياكى «مەكتىپى ھۇسەينىيە») نامىدا يۇقىرىقىـ
دەك جەريانغا ئىگە بولغانلىقى بىر ئەمەلىيەت.

بۇ يەردە شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، «مەشـ
ئەل» ژۇرنىلىغا مەخسۇس «يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى» تەرـ
پىدىن بېرىلگەن ماقالىدە ئەھمەد كامالنىڭ مۇدىرلىق ۋەـ
زىپىسى «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھات مۇدىرى»
دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى يېزىلغان. ئەھمەد كاـ
مالمۇ ئۆز ئەسلىمىسىدە ئىكساقتا ئېچىلغان تۇنجى
دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامى تەركىبىدە «ئىتتىھات» (ئىتتاـ
ھات) سۆزىنى ئىشلەتكەن. بىز مۇشۇ نۇقتىدا يېزىقچىلىق
گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن ئەھمەد كامالنىڭ بۇ دارىلمۇئەلـ
لىمىننىڭ نامىنى قايسى سۆز بىلەن يېزىش ھەققىدە ئۆزـ
ئارا كېلىشىۋېلىش، كۆچۈرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقـ
لۇقىنى، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ بىۋاسىتە شاھىدلاردىن بوـ
لۇش سۈپىتىدە ئوخشاش بىر ھادىسە ھەققىدىكى ئەسلىمىـ
سىدە ئارىلىقى يىراق ئەلدە تۇرۇپ ئۆزئارا كېلىشىۋالغاندـ
ەك «ئىتتىھات» سۆزىنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئويلاشقىنىـ
مىزدا بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامىغا «ئىتتىھات» سۆزىنىڭ
قوللىنىلغانلىقىنى سۆزسىز مۇقىملاشتۇرالايمىز. ئەمما،
«ئىتتىھات» سۆزىنىڭ بۇ دارىلمۇئەللىمىنگە نام قىلىپ
تاللانغاندا ئۇنىڭ يەنە قايسى سۆز بىلەن قانداق بىرىكتۈرۈپ
قوللىنىلغانلىقىنى، بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ نامىنىڭ قاىـ
چە سۆزدىن تەركىب تاپقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىگە ـ خەۋەر
قۇرۇلمىلىق ياكى خەۋەر ـ ئىگە قۇرۇلمىلىق تۈزۈلگەنلىـ
كىنى كەسكىن مۇقىملاشتۇرالمايمىز. چۈنكى، ھەر ئىكـ
كىلا تەرەپ شاھىد بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوخشاش بىر ھاـ
دىسىنىڭ نامىنى ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە يازغان تۇرـ
سا، يەنە كېلىپ ئەھمەد كامالمۇ بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ
نامىنى بىردەم ئۇنداق، بىردەم مۇنداق يازغان تۇرسا، بۇ
تۇراقلىق بىرىكمىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى
قائىدىگە خىلاپ ھالدا يۆتكىگەن ۋە ئۆزگەرتكەن تۇرسا، بۇ
ھالدا بىزقايسى پاكىتقا ئاساسلىنىپ بۇ دارىلمۇئەللىمىنـ
نىڭ ۋىۋىسكا نامىنى قانداق ئىسپاتلاپ چىقالايمىز؟!
شۇنداقتىمۇ بىز بۇ دارىلمۇئەللىمىنگە «ئىتتىھات» سۆزىـ
نىڭ نام قىلىپ تاللانغانلىقىدىن ئىبارەت يىپ ئۇچىغا ئاـ
ساسەن، ئەينى چاغدىكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق
سۆزلەرنىڭ ئېنىقلىنىش ـ ئېنىقلاش ياكى بېقىندۇرۇش ـ
بېقىنىش مۇناسىۋىتىدە بىرىكتۈرۈلگەن مەكتەپ ناملىرىـ
نىڭ ئەلۋەتتە ئىگە ـ خەۋەر قۇرۇلمىلىق ئەمەس، بەلكى
خەۋەر ـ ئىگە قۇرۇلمىلىق تۈزۈلىدىغانلىقىنى ئويلاشقىنىـ
مىزدا ئەھمەد كامال ئوتتۇرىغا قويغان «ئىتتاھاتى دارىلمۇـ
ئەللىمىن» دېگەن جۈپ تەركىبلىك ئىبارىنى مۇشۇ دارىلـ
مۇئەللىمىننىڭ بىردىنبىر ۋىۋىسكا نامى بولۇشى مۇمكىن
دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويالايمىز. ۋاھالەنكى، بۇ
دارىلمۇئەللىمىن ئېچىلغان چاغدا ئۇنىڭ ۋىۋىسكا نامى
پەقەت «ئىتتىھات» (ياكى «ئىتتاھات») دېگەن بىرلا سۆزدىن
تۈزۈلگەن بولسىچۇ!

ئەمدى بىز تۆۋەندىكى پاكىتنىمۇ كۆرۈپ باقايلى، يالقۇن
روزى ئەپەندى «ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ توققۇز چوڭ
تۆھپىسى» ناملىق ماقالىسىدە يەنە ئەھمەد كامالنىڭ ئەسـ
لىمىسىدىكى ئۇچۇرلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «1915 ـ يىل
11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ... قەشقەر ياشلىرىنىڭ غەيرەت ـ

شىجائىتى نەتىجىسىدە «ھىلالىيە»، «رەشادىيە» دېگەن ۋۇ-
ۋۇسكىلار مەكتەپلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە ئېسىلدى» دەپ
يازغان. بۇ نەقىلدىكى «ھىلالىيە»، «رەشادىيە» سۆزلىرىنى
لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن ئەگەر 1914 ـ يىل 4 ـ ئايدا
ئىكساقتا قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىن بىلەن ئىكساقنىڭ
باشقا كەنتلىرىدە قۇرۇلغان جەدىدچە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ
نامىنى بىلدۈرىدۇ دېسەك، ئۇنداقتا بۇ ئىككى سۆز مۇشۇ
مەكتەپلەرنىڭ بىردىنبىر ۋۇۋسكا نامى ـــ نەق تارىخىي
نامى بولۇپ چىقىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ نەقىلدىكى مەزمۇن
زادى ئىكساقتىكى جەدىدچە مەكتەپلەر ئۈستىدە كېتىپ
بارامدۇ ياكى قەشقەردە قۇرۇلغان جەدىدچە مەكتەپلەر ئۈس-
تىدە كېتىپ بارامدۇ، بۇنىسى تازا ئېنىق ئەمەس. چۈنكى،
يالقۇن روزى ئەپەندى بۇ نەقىلنىڭ ئورۇن ـ يۇرت تەۋەلـ-
كىنى ئېنىق يازمىغان. شۇنداقتىمۇ بىز بۇ نەقىلنىڭ
ئالدى ـ كەينىدىكى مەزمۇنلارنى ئەستايىدىل مۇتالىئە
قىلساق، ئۇنىڭدىكى مەزمۇننىڭ 1915 ـ يىللىرى قەشقەر-
دە قۇرۇلغان، باھاۋۇدۇنباينىڭ شاپائىتى ۋە ئەجرى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك بولغان جەدىدچە مەكتەپلەر ئۈستىدە كېتىپ
بارغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. شۇنداق بولغاندا، بۇ نەقىل-
دىكى «ھىلالىيە»، «رەشادىيە» دېگەن سۆزلەرنى 1915 ـ يى-
لى قەشقەردە ئېچىلغان ئايرىم ئىككى جەدىدچە
مەكتەپنىڭ ۋۇۋسكا نامى دەپ ئېيتساق خاتالاشقان بولماي-
مىز. بۇ قارىشىمىزنى رۇسىيەلىك ساياھەتچى نوشىرۋان
يائۇشېفنىڭ 1914 ـ يىلدىن 1917 ـ يىلغىچە كۇچا، ئاق-
سۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق يۇرتلارغا قىلغان زى-
يارىتى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيا-
رەت» ناملىق زىيارەت خاتىرىسى (بۇ زىيارەت خاتىرىسى
«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق سانلىرىدا ئابلىز
ئورخۇننىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن ئېلان قىلىنغان)
دىكى مەزمۇنلار ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلاپ چىقالايمىز. مەسى-
لەن، نوشىرۋان يائۇشېف ئۆزىنىڭ بۇ زىيارەتنامىسىدە
1915 ـ يىل 8 ـ ئايدىن بۇرۇن قەشقەردە قۇرۇلغان جە-
دىدچە مەكتەپلەر ۋە بۇ مەكتەپلەرگە ئاتۇشتىن ئەكەلدۇ-
رۇلگەن ئوقۇتقۇچىلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ: «ھىجرىيە
1334 ـ يىلى بۇ ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىككىسىنى قەشقەرگە
ئەكېلىپ يۇقىرىدا ئېيتىلغان جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تە-
شەببۇسى بىلەن ئىككى مەكتەپ ئاچتى. بۇ چاغدا مەنمۇ
قەشقەردە ئىدىم» دەپ يازىدۇ. يۇقىرىقى «ھىلالىيە»، «رەشا-
دىيە» سۆزلىرى دەل مۇشۇ ئىككى جەدىدچە مەكتەپنىڭ ۋۇ-
ۋسكا نامى بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. ئەمما ناھايىتى
ئەپسۇس، ئەھمەد كامالنىڭ «ھىلالىيە»، «رەشادىيە» نامىدى-
كى مەكتەپلەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ياكى يۇرت ـ مە-
ھەللە تەۋەلىكى ھەققىدە ھېچنېمە دېمىگىنىگە ئوخشاش
نوشىرۋان يائۇشېفمۇ قەشقەردە ئېچىلغان بايىقى ئىككى
مەكتەپنىڭ كونكرېت ئورنى ۋە نامى ھەققىدە ھېچقانداق
مەلۇمات بەرمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئەھمەد كامال تەرىپىدىن
بېرىلگەن يۇقىرىقى مەلۇمات 1914 ـ يىللىرى ۋە ئۇنىڭدىن
ئىلگىرى ئاتۇش ۋە قەشقەرلەردە ئېچىلغان مەكتەپلەر ئۆز-
لىرىنىڭ تام ۋە دەرۋازىلىرىنىڭ ئۈستىگە ۋۇۋسكىلىرىنى
ئېسىپ شۇ زامانغا لايىق مەدەنىي ۋە زامانىۋى بىر رەۋىشتە
ئىش باشلىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. «ھىلالىيە»،
«رەشادىيە» نامىدىكى ۋۇۋسكىلار دەل مۇشۇ خىل مەدەنىي
پائالىيەتنىڭ يىغىنچە نامايەندىلىرىدىن ئىدى. بۇنىڭدىن سەل
ئىلگىرى، يەنى تاتارچە «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1909 ـ يىل
6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان خەۋەرنىڭ
مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۇئىشى شىنجىرۇ ئەپەندىنىڭ يۇقىرى-
قى ماقالىسىدە بېرىلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، كې-
چىككەندىمۇ 1907 ـــ 1908 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا مۇسا-
باي جەمەتى تەرىپىدىن غۇلجىدا قۇرۇلغان، ساراخانىم ئى-
سىملىك مۇئەللىمە ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە
ئالغان، ۋۇۋسكىسى ۋە تامغىسى «دارىلشەففەت» (دارىلشەپ-
قەت؟) دەپ ئاتىلىدىغان دارىلئاجىزمۇ ئەنە شۇنداق مەدەنىي
مائارىپ پائالىيىتىنىڭ پارلاق نامايەندىلىرىدىن ئىدى. مانا
بۇ پاكىتلار ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ نامايەندى-
لىرىدىن بولغان جەدىدچە مەكتەپلەر ۋۇۋسكا ئېسىپ، تام-
غا ئويۇپ ۋە مەكتەپنى شۇ نامدا ئاتاپ مائارىپ پائالىيىتى
بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار تەرىپىدىن ئىكساقتا قۇرۇل-
غان جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ بىردىنبىر ۋۇۋسكا ناملىرى
ھازىرغىچە مەلۇم بولمىسىمۇ، «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللى-
مىن»، «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن»، «ھۈسەينىيە مەكتىپى»
(«مەكتىپى ھۈسەينىيە») قاتارلىقلار 1914 ـ يىلى قۇرۇل-
غان دارىلمۇئەللىمىننىڭ ۋاستىلىك تارىخىي نامى؛ بۇلار-
دىن «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» ئەھمەد كامال 1919 ـ
يىلى ۋەتىنىگە قايتۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئۈستۈنئاتۇش
خەلقى ئۇنىڭ تۆھپىسى ۋە ھۆرمىتى ئۈچۈن كېيىنچەرەك
قويغان نام؛ «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» باھاۋۇدۇنباي تەرى-
پىدىن 1915 ـ يىلى قويۇلغان نام؛ «ھۈسەينىيە مەكتىپى»
ئىكساق خەلقى مۇساباي جەمەتىنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق
جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ نامىنى ماركا ۋە تۇغ ھالىتىگە ئە-
كېلىش مەقسىتىدە قويغان ۋاستىلىك تارىخىي نام؛ «ئىت-
تىھاتى دارىمۇئەللىمىن» بولسا بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ
بىردىنبىر ۋۇۋسكا نامى بولۇشى مۇمكىن. ئەھمەد كامال
كۆتۈرۈپ چىققان «ئىتتاھاتى دارىلمۇئەللىمىن»، «ئىتتىھات
ۋە تەرەققى دارىلمۇئەللىمىن»، «ئاتۇش دارىلمۇئەللىمىن»
قاتارلىق ئىبارىلەر بىلەن ئۇئىشى شىنجىرۇ ئەپەندى كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ چىققان «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھاد» دېگەن ئىبارىنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق. شۇڭا مەن بۇندىن كېيىنكى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تەتقىقاتىدا يالقۇن روزى ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىقى ئالتە خىل نامدىن «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن»، «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن»، «ھۇسەيىنىيە مەكتىپى» لەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ يازساق؛ ئەھمەد كامالنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئۈچ خىل ئىبارە بىلەن ئۇئىشى شىنچىرۇ ئەپەندىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان يۇقىرىقى مەجرۇھ ئىبارىنى نام سۈپىتىدە قوللىنىپ يۈرمىسەك؛ ئىلگىرى مەتبۇئاتلىرىمىزدا ئىملاسى خاتا تۇراقلىشىپ قالغان «ھۇسەيىنىيە» دېگەن ئىسىمنى ئەسلىدىكى توغرا ھالىتىگە ئەكېلىپ «ھۇسەيىنىيە» دەپ يازساق؛ «ھۇسەيىنىيە مەكتىپى» دېگەن تۇراقلىق بىرىكمىنىڭ تەركىبىگە يەنە باشقا سۆزنى قوشۇپ قويمىساق، تەركىبىدىكى بىرەر سۆزنى چۈشۈرۈپ قويمىساق، سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويمىساق؛ تارىخقا ھۆرمەت قىلىپ ئىزچىللىق ۋە بىر خىللىقتا ئەھمىيەت بەرسەك، ئەينەن يېزىش ۋە ئىپادىلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرسەك دېگەن تەكلىپنى بېرىمەن. مۇنداق بولغاندا، بىرى، «ھۇسەيىنىيە مەكتىپى» دېگەن نام بىلەن مۇندىن 1000 يىلچە ئىلگىرى مەھمۇد كاشغەرى ئوپالدا مۇدەررىسلىك قىلغان «مەھمۇدىيە» ناملىق مەدرىسەنىڭ نامىنى، جۈملىدىن يەنە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى مەزگىلىدە مۇھىتلار جەمەتى تەرىپىدىن تۇرپاندا قۇرۇلغان «مەقسۇدىيە مەكتىپى»، «مەقسۇدىيە قىزلار مەكتىپى»، «مەھمۇدىيە ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى»، گۇلەندەم ئابىستاي تەرىپىدىن چۆچەك شەھىرىدە قۇرۇلغان «گۇلەندەمىيە مەكتىپى» قاتارلىق جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ ناملىرىنى پار كەلتۈرۈپ ئۆلچەملەشتۈرۈش؛ يەنە بىرى، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى مەكتەپلەرگە نام بېرىش ئادىتىدىكى ئىزچىللىقتا ۋارىسلىق قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ۋىۋىسكا نامى — تارىخىي نام بىلەن ئاتالماي يۇقىرىقىدەك كۆپ خىل يېزىلىشى ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتلاردا «شەخسىي ئىملا ئادىتى» بىلەن «شەخسىي نام بېرىش خاھىشى» نىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پولاتتەك پاكىتتۇر. ئەگەر، بۇ خىل خاھىش پاش قىلىنمايدىكەن، ئۇ بىر خىل يامان سۈپەتلىك ئۆسمىدەك مەتبۇئات ساھەسىدە توسالغۇسىز يامراپ كېتىدۇ. ئادەتتە بۇنداق خاھىش قەلەمكەشلەر «قورساقنى تويغۇزمايلا ئاتاقىغا ئۆتكەندە» ياكى كۆڭۈللىرىگە مەلۇم بىر يامان غەرەز-نى پۈككەندە، مۇھەررىرلەر كۆزىتىش ۋە پەرقلەندۈرۈشتە ئامالسىز قالغاندا يۈز بېرىدۇ. مەن بۇ قېتىم ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ نامىنى ئېنىقلاش جەريانىدا يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى ئەسەرلىرىنى قايتىدىن ئوقۇپ چىقتىم ۋە ئىنچىكە مۇتالىئە قىلدىم. مۇتالىئە قىلىشىم چوڭقۇرلاشقانسېرى مېنىڭ يالقۇن روزى ئەپەندىگە بولغان قايىللىقىم ۋە ھۆرمىتىم شۇنچە ئېشىپ باردى. يالقۇن روزى ئەپەندى بىر تالەپچان مۇھەررىر، غۇرۇرلۇق تەتقىقاتچى. بۇ قېتىم يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىگە دائىر بىر يۈرۈش ماقالىلىرىنى ئوقۇۋېتىپ مىننەتدارلىقىم ۋۇجۇدۇمنى توختاۋسىز لەرزىگە سالدى. بۇندىن كېيىن يالقۇن روزى ئەپەندى قەلىمىنى توختىتىپ قويمايدىغانلا بولسا «ھېسسىيات تىپىدىكى» رومانتىك، مەجنۇن تەتقىقاتچىلارنىڭ قالپاقنى چوڭ ـ چوڭ كىيىۋېلىپ پاكىت ئىزدىمەي، ساختا نەرسىلەرنى ھاماقەتلەرچە بازارغا سالالمايدىغانلىقىنى، «شەخسىي ئىملا ئادىتى» بىلەن «شەخسىي نام بېرىش خاھىشى» نىڭ مەتبۇئاتلىرىمىزنى خالىغانچە بوزەك ئېتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ قولىدا بىز كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللار ساقلىنىپ تۇرماقتا. بۇ ماتېرىياللاردىن مېنىڭ بۇ ماقالەمدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاشقا، تۈزىتىشكە، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ ناملىرىغا دائىر باشقا ئۇچۇرلارنىمۇ ئاشكارىلاشقا يېتەرلىك ئاساسلارنى تاپقىلى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمەن. مەن يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ مۇشۇ ھەقتىمۇ ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى، مېنىڭ ماقالەمدە يېتەرسىزلىكلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

**پايدىلانمىلار:**

1. ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2. مۇستاپا مۇھەممەت (باش تۈزگۈچى): «چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى گۆھەر زېمىن»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

3. مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىنىڭ قەشقەر ئوپالدا ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىقلىنىش جەريانى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2009 ـ يىل 1 ـ سان

تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت

# يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدە

رۇقىيەم ئابدۇللا

(قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى 839000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەدەنىيەت مىللەتنىڭ جان تومۇرى، خەلقنىڭ روھىي ئوزۇقى. يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئۈزۈكسىز قاندۇرۇش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ماقالىدا يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى بايان قىلىنغان.

**摘要**: 文化是一个民族的命脉、是人民大众的精神食粮。强化农村文化建设、不断满足广大人民群众的精神需求具有重要的现实意义。本文阐述了加强农村文化建设的重要性、提出了在农村文化建设中存在的问题及其解决方法。

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتايي دوكلاتىدا: سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتتە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشتا، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت تەرەققىياتى يولىدا مېڭىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا، ئاممىغا يېقىنلىشىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ ۋە ماددىي مەدەنىيلىكنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن، مىللىي، ئىلمىي، ئاممىۋى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، دۆلىتىمىزنى مەدەنىيەتتە كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش دېگەنلىك — ئىلغار مەدەنىيەتنى نىشان قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، زامانىۋى مەدەنىيەت ئارقىلىق، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى يېتەكلەشكە، ئىجادىي ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشقا، مەدەنىيلىك ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەپ، ئىلمىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت. يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولۇپ، ئەگەر بۇ ھالقا كەم بولسا سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەسكە توختايدۇ. ھازىر مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم قىيىن نۇقتىسى يېزىلاردا، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، خەلقنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزۈكسىز قاندۇرۇش مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى.

## 1. يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى

بىرىنچى، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشقا پايدىلىق بولۇپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يېزىلارغا مەدەنىيەت تارقىتىش ئارقىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، يېزىلاردىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئۈزۈكسىز كۈچەيتىش لازىم.

ئىككىنچى، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىنى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىپ، يېزا تەرەققىياتىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، ئىنتىلىش كۈچى ۋە ئىجادىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىلمىي ئىدراكى تەپەككۇر بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، تۈرلۈك قالاق مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ چىرىتىشى ۋە تارقىلىشىغا قارشى تۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتىكى مەنىۋى كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. دېھقانلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، زامانىۋى جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ماس كېلىدىغان ئىدراكى مەدەنىيەت تەپەككۇرى ئارقىلىق، ئەنئەنىۋى جەمەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت قارىشى ۋە كونىلىقتا ئىسلىشۋالىدىغان قاتمال ئىدىيەلەرنى تۈگىتىش؛ دېھقانلارنى باشقىلار بىلەن ئاكتىپ پىكىر ئالماشتۇرۇشقا، كوللېكتىپ مەنپەئەتكە كۆڭۈل بۆلۈشكە سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق، ئىتتىپاقلىق بىرلىك ئاساسىدىكى بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ئورتاق ھەمكارلىشىپ كۈرەش قىلىش كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش؛ دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قاتنىشىش قىزغىنلىقىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشتىكى ئىجادچانلىق روھىنى شەكىللەندۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزىلار تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزۈكسىز ئاشۇرۇش لازىم.

ئۈچىنچى، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلمىي پەن - تېخنىكا بىلىمى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. يېزىلارنىڭ مائارىپ سەۋىيەسى بىرقەدەر تۆۋەن بولۇپ، پەن - تېخنىكا بىلىمى نىسپىي ئارقىدا. يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، يېزىلارنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى پەن - تېخنىكا بىلىمى، باشقۇرۇش بىلىمى، بازار ئىگىلىكى، ئىقتىسادىي بىلىملىرىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، زامانىۋى تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىدىغان يېڭى تىپتىكى دېھقانلارنى تەربىيەلەپ چىقىش كېرەك؛ ھەممە ئىلغار ئىلمىي بىلىملەرنى يېتەكچى قىلىپ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېزىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ ئاممىنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۈزۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

**2. نۆۋەتتە يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر**

بىرىنچى، ھازىرقى ۋەزىيەتتە مەدەنىيەت تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، نۆۋەتتە يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ شەكلى كۆپ خىللىقتا ئىگە ئەمەس، مەزمۇنى كونا، شەكلى رەڭدارلىقتا ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەبلەغ قىس بولۇش مەسىلىسى ساقلانغانلىقى ئۈچۈن، ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە ھەۋەسكارلىرىنى ئۆز قەرەلىدە تەشكىللەش، ئۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرۈش يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن ئارتىسلارنىڭ كەسپىي ماھارەت جەھەتتىن تەربىيەلىنىشى كەمچىل بولغانلىقتىن، كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئىلغار مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىنى يەتكۈزۈش كۆپ خىللىقتا ۋە جەلپكارلىقتا ئىگە بولمايۋاتىدۇ.

ئىككىنچى، مەدەنىيەت جەھەتتە ئىختىساسلىقلار قوشۇنى بىرقەدەر كەمچىل. يېزىلارنىڭ ئاساسىي شارائىتى بىر قەدەر ئاجىز بولغاچقا، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەسكە توختاۋاتىدۇ. نۇرغۇن مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى شارائىتى ناچار، تەمىناتى تۆۋەن جايدا تۇرغۇسى كەلمەي، ھەدېسىلا يۇقىرىغا يامىشىۋاتىدۇ. يەنى يەرلىك خەلق سەنئەتكارلىرىمۇ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قوغلىشىپ، كەسىپ ئۆزگەرتمەكتە. شۇنىڭ بىلەن ئىختىساسلىقلار قوشۇنى ئېقىپ كېتىش، تايانچ ئىزباسار ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل بولۇش مەسىلىسى گەۋدىلىك بولماقتا.

ئۈچىنچى، مەبلەغ ئاجرىتىش كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. مەبلەغ يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن نورمال بولغان مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش تەسكە توختاۋاتىدۇ. نۆۋەتتە يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى يېزا - بازارلارنىڭ مەبلەغ ئاجرىتىشىغىلا قاراشلىق بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا - بازارلارنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قەرەللىك قانات يايدۇرۇش بەلگىلىك قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەكتە. ھازىر نۇرغۇن كەنتلەردە «يېزا قىرائەتخانىلىرى» قۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال تۈرلىرى ئاز، پەقەت يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ قوللىشى ۋە بەزى ئىدارە - ئورگانلارنىڭ ئاساسىي قاتلامغا كىتاب تەقدىم قىلىشى بىلەنلا چەكلىنىپ، قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەي، بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىراجەت ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش مۇئەييەن تەسىرگە ئۇچراپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتىنىڭ فۇنكسىيەسى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمايۋاتىدۇ.

**3. يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى تەدبىرلەر**

بىرىنچى، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قارىشىدا يېڭىلىق يارىتىپ، توغرا تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئالدى بىلەن يېزا كادىرلىرى ۋە ئامما ئارىسىدا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ،

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى دېھقانلارنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا، مالىيە چىقىم ھېساباتىغا، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش پىلانىغا، كادىرلارنىڭ يىللىق خۇلاسە كۆرسەتكۈچىگە كىرگۈزۈپ، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلۈك نىشان ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ئىككىنچى، مەركەزنىڭ شەھەر ـ يېزىلارنى بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش تەلىپىگە ئاساسەن، دۆلەتنىڭ مۇھىم مالىيە تۈرلىرىنى يېزىلارغا يۆتكەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ جۇغلاش سالمىقىنى زورايتىپ، مەدەنىيەتنىڭ ئاممىغا نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، رادىيو ـ تېلېۋىزىيەنىڭ ھەممە كەنتلەردە ئومۇملىشىشىنى، مەدەنىيەت ئۆچۈرلىرى مەبلىغىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىدا زور ئۆزگىرىش بولۇشنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئاساسىي قاتلامغا، دېھقانلارغا مۇلازىمەت قىلىش فاڭجېنىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم قىيىن نۇقتىسى يېزىلاردا. يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، يېزىلارغا، دېھقانلار تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت تەلىپى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. داۋاملىق تۈردە مەزمۇن، شەكىل، ۋاستە قاتارلىقلاردا يېڭىلىق يارىتىپ، دېھقانلار ئاممىسىنى كۆرۈپ بىلەلەيدىغان، ئاڭلاپ چوڭقۇر ھېس قىلالايدىغان مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەپ، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، دېھقانلار تۇرمۇشىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، دېھقانلارنىڭ ئىرادىسىنى ئۇرغۇتىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، دېھقانلار ئاممىسى قاتنىشىدىغان ھەم قاتنىشىشنى خالايدىغان مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى كۆپرەك قانات يايدۇرۇپ، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنى مەدەنىيەت تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن قىلدۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچى، خەلق ئىچىدىكى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى داۋاملىق قېزىپ چىقىش كېرەك. مەملىكىتىمىز بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. مەدەنىيەت بايلىقلىرى ئىنتايىن مول، خەلق ئىچىدىكى مەدەنىيەت كۆپ خىللىقا ئىگە. يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە چوقۇم يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى، ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يەرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشى بىلەن ھەقىقىي يۇغۇرۇپ، مەدەنىيەت بايلىقى ئەۋزەللىكىنى، مەدەنىيەت بايلىقىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەۋزەللىكىگە يەنى مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، تۈرلۈك مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت خاراكتېرىدىكى، مەسىلەن، دېھقانلار سەنئەت بايراملىرى، ھويلا ـ ئارام مەدەنىيىتى پائالىيىتى، مەدەنىيەت پەن ـ تېخنىكا يىغىلىشلىرى، ئالاھىدە ساياھەت بايرىمى، دېھقانلار رەسىم سىزىش، قەغەز ئويمىسى سەنئىتى قاتارلىق يەرلىك تۈسنى ئالغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى كۆپلەپ قانات يايدۇرۇپ، يېزا مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ تارقاق، سۇس بولۇشتەك ھالەتلىرىگە خاتىمە بېرىپ، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈش كېرەك.

بەشىنچى، يېزىلارنىڭ مۇقىم مەدەنىيەت خىزمىتى ئەترىتى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. بۇ ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئاساسىي قاتلام، بولۇپمۇ يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيۈپ ئىشلەيدىغان، دېھقانلارغا چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت باغلايدىغان، كەسىپ بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشكەن، نىسپىي مۇقىم بولغان يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلپ قىلىشقا، بايقاشقا، تەربىيەلەشكە، ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇپ، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى مەخسۇس ئادەم تۇتۇپ ئىشلەش، مەخسۇس ئادەم باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

**تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپجان مەتمىن**

www.uyghurkitap.com

# ئەنگلىيەدە ساقلىنىۋاتقان كۇسەن پۈتۈكلىرى

تەلئەت ئۇبۇلقاسىم تۇمەن

(ئاپتونوم رايونلۇق كۇسەن مىڭئۆي تەتقىقات يۇرتى 830000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** 1889 ـ يىلى كۇچادىكى بىر قىسىم ئىزدەنگۈچىلەر كۇسەن قەدىمىي شەھىرى ئەتراپىدىن مۇھىم پۈتۈكلەرنى بايقىغان. كۇسەن قەدىمىي شەھىرى پۈتۈكلىرى بايقالغاندىن كېيىن ياۋروپادىكى شەرقشۇناسلار دىققەت نەزەرىنى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا قاراتقان ھەمدە ئارخېئولوگىيەلىك پائالىيەتلەر ۋە تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغان.

**摘要**: 本文论述了 1889 年新疆库车县发现了龟兹文献、后来引发了欧洲东方学家对我国西北地区进行考古探索研究。

كۇسەن پۈتۈكلىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى خوتەن قولىيازمىلىرى، دۇنخۇاڭ قولىيازمىلىرى، تۇرپان قولىيازمىلىرىدىن بۇرۇن. كۇسەن پۈتۈكلىرى بايقالغاندىن كېيىن ياۋروپادىكى شەرقشۇناسلار دىققەت نەزەرىنى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا قاراتقان. شۇنىڭ تۈرتكىسىدە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى خەلقئارادا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئىزدەش، تېپىش جېڭى باشلىنىپ خەلقئارادا دۇنخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىق، كۇسەنشۇناسلىقنىڭ روياپقا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان. كۇسەن پۈتۈكلىرىنى مۇنتىزىم ئارخېئولوگىيە تەربىيەسى كۆرگەن ئارخېئولوگلار بايقىغان بولماستىن، ئىزدەنگۈچىلەر ئىزدەش جەريانىدا تاسادىپىي بايقىغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى بەزى پارچە ـ پۇرات مەلۇماتلار كۆرۈلۈشكە باشلىغان، بولۇپمۇ ئەنگلىيەگە قاراشلىق بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تىلشۇناسلىق مۇدىرى ھورنېلنىڭ تەتقىقاتى ۋە قىياسىدىن كۇسەن پۈتۈكلىرىنىڭ دەسلەپتە بايقالغان ۋاقتى ۋە سىرتقا ئېقىپ كېتىشى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز. چۈنكى ھورنېل 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىكى بىر تۈركۈم ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە بۇ مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. كۇسەن پۈتۈكلىرى 1889 ـ يىلى بايقالغان. بۇ ھەقتە ئەڭ بۇرۇن مەلۇمات بەرگەن كىشى ئەنگلىيەگە قاراشلىق لاداقنىڭ مەركىزى لېھ شەھىرىدىكى موراۋىئان مەزھىپىنىڭ مىسسىيونېرى (دىن تارقاتقۇچى) ۋېببېر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1892 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ۋە شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ھورنېلغا ئىككى پارچە خەت يازغان. خەتتە «ۋېببېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ بايقىلىش جەريانى بايان قىلىنغان بولۇپ، پۈتۈك كۆكيار دېگەن يەر (ئۇنىڭغا يۇرتىمىزنىڭ يەر ناملىرى ناتونۇش بولغاچقا خاتا ھالدا كۇچانى كۆكيار دەپ ئاتىغان) گە يېقىن جايدىكى ئۆيدىن بايقالغانلىقى، بۇ ئۆينىڭ ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەمدى ھورنېلغا كەلسەك ئۇ ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستاندا تۇغۇلغان بولۇپ، 1848 ـ يىلى يەتتە ياشقا كىرگەندە ياۋروپاغا قايتىپ ئوقۇشقا كىرىشكەن. 1865 ـ يىلى ھىندىستانغا قايتىپ كېلىپ، ئاساسلىق ھىندى ـ ئارىيان تىلى ۋە ھىندىستاننىڭ قەدىمكى يېزىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1879 ـ يىلى ھورنېل بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تىلشۇناسلىق مۇدىرى بولغان. ھەمدە مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ نەشر ئەپكارى «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» دە مۇھەررىرلىك قىلغان.

كۇسەن پۈتۈكلىرى ناھايىتى تاسادىپىي بايقالغان. 1888 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەنگلىيەلىك سودىگەر ئاندرېۋ داگلېش (Andrew Daglesh) ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستاندىكى لاداقنىڭ مەركىزى لېھ شەھىرىدىن شىنجاڭدىكى ياركەنتكە بېرىش سەپىرىدە قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزىدا پۇشتۇ مىللىتىدىن بولغان دادمۇھەممەد تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ، دادمۇھەممەد داگلېشنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ياركەنت، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈيدۇ. 1889 ـ يىلى ياز پەسلىدە

ئەنگلىيەگە قاراشلىق بېنگال 17 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ لېيتېناتى بوۋېر ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستان قورۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئەمەلدارى مايور B.W . كۇمبېرلاند (W. B. Cumberland) بىلەن پامىر ئېگىزلىكىگە ئوۋ ئوۋلاپ ساياھەت قىلغىلى بارىدۇ. ئۇلار 1888 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ياركەنتكە سوقۇنۇپ كىرگەن، ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئىشپىيوندىن بىر مەخپىي بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇنىڭدا بوۋېرنىڭ شىنجاڭدا ساياھەت قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قاتىل دادمۇھەممەدنى تۇتۇش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلگەن. بوۋېر بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، دادمۇھەممەدنى ئىزدەشكە كىرىشىپ 1889 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كۇچاغا يېتىپ كېلىدۇ.

بوۋېرنىڭ كۇچاغا كېلىشى كۇچادىكى بىر قىسىم ئىزدەنگۈچىلەر كۇچانىڭ غەربىدىكى قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بىر بۇددا مۇنارى ئاستىدىن سانسكرىت يېزىقى ۋە كۇسەن يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنى تاپقان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ.

1889 ـ يىلى كۇچادىكى بىر قىسىم ئىزدەنگۈچىلەر ياقۇپ بەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، كىشىلەرنىڭ قەدىمكى خارابىلىكلەردىن ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىق بايلىقلارنى تاپقانلىقىنى ئاڭلاپ كۇچانىڭ غەربىگە 26 كىلومېتىر كېلىدىغان، شايار دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى بىر قەدىمكى خارابىلىكتىكى بۇددا مۇنارى خارابىسىدىن نۇرغۇنلىغان قولىيازمىلارنى بايقايدۇ. بۇ قولىيازمىلار كۇچالىق ھاجىم ئىسىملىك كىشىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ، كۇچادا سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئافغانىستانلىق سودىگەر غولام قادىرخان كۇچالىق ھاجىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ نۇرغۇن قولىيازمىلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ بۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سورايدۇ، ھاجىم ئىشنىڭ جەريانىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىدۇ. غولام قادىرخان ئۇنىڭدىن بۇ قولىيازمىلارنىڭ بىر قىسىملىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ. 1890 ـ يىلى غولام قادىرخان ئۆزى ئېلىپ كەتكەن قولىيازمىلار ئىچىدىن بىر ئەسەرنى بوۋېرغا بېرىدۇ، مانا بۇ دۇنياغا مەشھۇر بولغان «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» دۇر.

شۇنىڭدىن كېيىن غولام قادىرخان ئۆزىدە قالغان قولىيازمىلارنى ياركەنتتىكى ئىنىسى دىلدارخانغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. 1891 ـ يىلى دىلدارخان بۇ قولىيازمىلارنى لاداقنىڭ لېھ شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ بىر قىسمىنى ئەنگلىيەگە قاراشلىق لاداق ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ يەرلىك كاتىپى ئەھمەدىن (1895 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق سىياسىي ۋەكىلى بولغان) گە ھەدىيە قىلىدۇ. ئەھمەدىن بۇ قولىيازمىلارنى موراۋىيان مەزھىپىنىڭ مىسسىيونېرى ۋېبېرگە بېرىدۇ، مانا بۇ دۇنياغا مەشھۇر «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى» دۇر.

كېيىنچە دىلدارخان بۇ قولىيازمىلارنىڭ قالغان قىسمىنى ھىندىستانغا ئېلىپ كېلىپ ئەلگاردىكى دوستى فەيزمۇھەممەدخانغا قالدۇرغان. 1895 ـ يىلى دىلدارخان ھىندىستانغا بېرىپ دوستىغا قالدۇرۇپ قويغان قولىيازمىلارنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ ماكارتنېيغا سوۋغا قىلغان. مانا بۇ «ماكارتنېي قولىيازمىلىرى» دىكى نومۇرلۇق قولىيازمىلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قولىيازمىلار غولام قادىرخان كۇچالىق ھاجىم دەپ ئاتالغان كىشىدىن ئالغان قولىيازمىلارنىڭ ھەرقايسى ئەللەرگە تارقىلىش ئەھۋالى. ئەمما كۇچالىق ھاجىمنىڭ قولىدا قالغان قولىيازمىلارنىڭ تەقدىرىنىڭ كىملەرنىڭ قولى ئارقىلىق كىملەرگە بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. بىراق، رۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋىسكىينىڭ «پېتروۋىسكىي قولىيازمىلىرى» كۇچادا سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەنجانلىق سودىگەرلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق پېتروۋىسكىيغا يەتكۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ ئاخىرقى بىر قىسمىنىڭ بەلكىم كۇچاغا كەلگەن ئاللىقانداق سەيياھلارغا سېتىۋېتىلگەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

پېتروۋىسكىي بۇ قولىيازمىلارنى قولىغا چۈشۈرگەندىن كېيىن رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى ئولدېنبورگغا ئەۋەتىپ بەرگەن. بوۋېر 1890 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى غولام قادىرخاندىن قىيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان بىر ئورام قەدىمكى قولىيازمىنى سېتىۋالىدۇ. شۇ كۈنى بوۋېر غولام قادىرخاننىڭ يول باشلىشى بىلەن كۇچادىن يولغا چىقىپ قولىيازما بايقالغان خارابىلىكنى تەكشۈرىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بوۋېر كۇچادىن ئايرىلىپ شايار ئارقىلىق قەشقەرگە يولغا چىقىدۇ. 1890 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەرگە كېلىدۇ. بۇ چاغدا دادمۇھەممەد رۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىكى خىزمەتچىلەر تەرىپىدىن تۇتۇلىدۇ، بىراق ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىۋاتقاندا، دادمۇھەممەد زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋېر ئۆزى كۇچادا قولىغا چۈشۈرگەن قىيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قەدىمكى قولىيازما، قەدىمكى پۇل قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىـ

www.uyghurkitap.com

رىنى ئېلىپ قەشقەردىن ئايرىلىدۇ. 1890 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئەنگلىيەگە قاراشلىق سىمرادىكى تۇرالغۇسىغا قايتىپ كېلىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سىمرادىكى هاردىڭس (Hardings) مېھمانخانىسىدا ئەنگلىيەگە قاراشلىق بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش مۇدىرى هادخورسقا بىر پارچە خەت يازىدۇ. بۇ خەتتە ئۇنىڭ جۇڭگو شىنجاڭدىكى كەچۈرمىشلىرى ۋە كۇچادىكى قولىيازمىلارنى قولغا چۈشۈرۈش جەريانى بايان قىلىنغان. بۇ بوۋېرنىڭ قىيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قولىيازمىنى بايقاش جەريانىنى تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىشى ئىدى.

«بوۋېر قەدىمكى كىتابى» ھىندىستاندا زىلزىلە پەيدا قىلىۋاتقان پەيتتە، ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستاندىكى ھىندى تىللىرى مۇتەخەسسىسى يۇقىرىدا دېيىلگەن ھورنېل ياۋروپادا دەم ئېلىۋاتقان بولغاچقا بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپالمىغان ئىدى. 1891 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، ھورنېل پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ھىندىستانغا قايتىدۇ. پاراخوت قىزىل دېڭىزدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھورنېل ئەنگلىيەگە قاراشلىق يەمەندىكى ئادىندا ھىندىستاندا نەشر قىلىنغان «بومباي گېزىتى» نى تاسادىپىي قولغا چۈشۈرىدۇ. گېزىتتە «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىغىن خاتىرىسى» نىڭ 1890 ـ يىلى 11 ـ ئايدىكى سانىدا بوۋېرنىڭ 1890 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى خاتىرىسى كۆچۈرۈپ بېسىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھورنېلنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ پاراخوتتا بوۋېرنىڭ شىنجاڭدىكى سەپەردىشى كانبېرىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ھورنېل پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ بايقىلىش جەريانى ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدە بىر قىسىم يىپ ئۇچىغا ئىگە بولىدۇ. 1891 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ھورنېل كالكۇتتاغا يېتىپ بارىدۇ، پاراخوتتىن چۈشۈپلا قىيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قەدىمكى قولىيازمىنىڭ ئىزدېرىكىنى قىلىدۇ. هادخورس ھورنېلنىڭ قابىلىيىتىگە ئىشەنگەچكە ئىككىلەنمەستىن «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نى ئۇنىڭ ئوقۇپ يېشىشىگە بېرىدۇ. ئۇ 1891 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ پۈتۈن زېھنىنى «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نى ئوقۇپ يېشىشكە قارىتىدۇ. 1891 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئايلىق يىغىنى چاقىرىلىدۇ. يىغىندا ھورنېل بوۋېر تاپقان قەدىمكى قولىيازمىغا ئائىت نۇتۇق سۆزلەپ ئۆزىنىڭ ئىككى ھەپتىدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە قولىيازمىنى ئوقۇپ يېشىش خىزمىتىنىڭ جەريانى ۋە ھېس قىلغانلىرىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھورنېل بوۋېر قولغا چۈشۈرگەن قەدىمكى قولىيازمىنى جامائەتچىلىككە كۆرسىتىدۇ. ھورنېلنىڭ يىغىندا سۆزلىگەن نۇتقى سەل كېيىنرەك «قەشقەرىيەدىن بايقالغان قىيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قەدىمكى قولىيازما» دېگەن تېمىدا «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىن خاتىرىسى» نىڭ 1891 ـ يىللىق 4 ـ ئايلىق سانىدا ئېلان قىلىنىدۇ. شۇ ژۇرنالدا يەنە «غەربىي يۇرت كۇچانىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمكى شەھەردىن بايقالغان قىيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قولىيازمىدىن تاللانما» دېگەن تېمىدا بوۋېر قەدىمكى كىتابىنىڭ ئىككى بېتىنى ئېلان قىلىدۇ.

«بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىن خاتىرىسى» ئەينى چاغدا خەلقئارا شەرقشۇناسلىق ساھەسىدىكى مەشھۇر ژۇرنال ئىدى. ئۇنىڭ 1890 ـ يىللىق 11 ـ ئايلىق سانى بىلەن 1891 ـ يىللىق 4 ـ ئايلىق سانى ئىلگىرى ـ كېيىن ياۋروپاغا تارقالغاندىن كېيىن ياۋروپا ھىندىشۇناسلىق ساھەسىدە زور غۇلغۇلا قوزغايدۇ. ھورنېل كالكۇتتادا «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نى ئوقۇپ يېشىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا، ئاۋستىرىيەلىك ھىندىشۇناس ئالىم بوھلېر ۋېنادا، «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىن خاتىرىسى» دە ئېلان قىلىنغان فوتو سۈرەتكە ئاساسەن بوۋېر قولغا چۈشۈرگەن قەدىمكى قولىيازمىنى تەتقىق قىلىدۇ. بوھلېرنىڭ «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىن خاتىرىسى» 1890 ـ يىللىق 11 ـ ئايلىق سانىدا ئېلان قىلىنغان قولىيازمىنىڭ ئىككى پارچە فوتو سۈرىتىگە ئاساسەن ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىسى «مىڭئۆي كىتابى ياكى بوۋېر كىتابى ھەققىدە خاتىرىلەر» دېگەن تېمىدا «ۋېنا شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى» نىڭ 5 ـ جىلد (1891 ـ يىللىق تومى) نىڭ 103 ـ بېتىدە ئېلان قىلىنىدۇ. «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىن خاتىرىسى» نىڭ 1891 ـ يىللىق 4 ـ ئايلىق سانى ۋېناغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن بوھلېر يەنە شۇ خاتىرىدە ئېلان قىلىنغان ئىككى پارچە فوتو سۈرەتكە ئاساسەن ئوقۇپ يېشىش ۋە تەرجىمە قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەتقىقات نەتىجىسى «مىڭئۆي كىتابى ياكى بوۋېر قەدىمكى كىتابىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن خاتىرىسى ھەققىدە» دېگەن تېمىدا «ۋېنا شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى» 5 ـ جىلد (1891 ـ يىللىق تومى) نىڭ 106 ـ 108 ـ بېتىدە، ھەمدە «پەنلەر

ئاكادېمىيەسى» ژۇرنىلىنىڭ 1891 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى سانىنىڭ 138 ـ، 139 ـ بېتىدە ئېلان قىلىنىدۇ. بوھلېر بىلەن ھورنېل ئېينى چاغدىكى مەشھۇر ھىندىشۇناس ئالىملاردىن بولۇپ بىرسى ۋېنادا، يەنە بىرى ھىندىستاننىڭ كالكۇتتادا تۇراتتى. بۇ ئىككىيلەن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ بىر قانچە بېتىنى مۇستەقىل ئوقۇپ چىققان. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بوھلېر قولىيازمىنىڭ فوتو سۈرەت نۇسخىسىغا ئاساسەن ئوقۇپ يېشىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئەمما ھورنېل پۈتۈن قولىيازمىنى ساقلىغۇچى سۈپىتىدە ئوقۇپ چىققان. بۇ خىل ئەمەلىيەت بوھلېرنىڭ ئىلىم جەھەتتىكى سەۋىيەسىنىڭ ھورنېلدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بوھلېرنىڭ قولىيازمىنى ئوقۇپ يېشىش جەھەتتىكى ئۇتۇقلۇق نەتىجىسى ھورنېلغا بېسىم پەيدا قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھورنېل قولىيازمىنى ئوقۇپ يېشىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ. 1892 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى مەجمۇئەسى» A نۇسخا (ئەدەبىيات، تارىخ قىسمى) 60 ـ جىلد (1891 ـ يىللىق تومى) نىڭ 2 ـ سانىدا ئۆزىنىڭ «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» غا دائىر تۇنجى تەتقىقات ماقالىسى «بوۋېر قەدىمكى كىتابىنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە» نى ئېلان قىلىدۇ. ماقالىدە ھورنېل بوۋېر كۇچادىن قولغا چۈشۈرگەن قەدىمكى پۈتۈكنى رەسمىي يوسۇندا «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» دەپ نام بېرىدۇ.

1892 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋېبېر ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستاننىڭ لېھ شەھىرىدە تۇرۇشلۇق سىياسىي ۋەكىللەر ئورنىنىڭ يەرلىك كاتىپى ئەھمەدىندىن شىنجاڭدىن بايقالغان ياغاچ تارشا ئىچىگە ئورالغان قەدىمكى قولىيازمىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بىز ئەھمەدىننىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ قولىيازمىلارنى ۋېبېرغا ھەدىيە قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس.

ۋېبېر ئەھمەدىن ئەۋەتكەن قولىيازمىلارنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن قولىيازمىنى ئۆز يېنىدا ئۈچ كۈن ساقلاپ 1892 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى پوسۇلكىغا قاچىلاپ بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى ھورنېلغا ئەۋەتىپ ئوقۇپ يېشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھورنېل 1892 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ۋېبېر ئەۋەتكەن قەدىمكى قولىيازمىلارنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ ھەم ناھايىتى تېزلىكتە تەتقىقاتقا كىرىشىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن قولىيازمىلارغا «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى دەپ نام بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى» ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن بايقالغان يەنە بىر تۈركۈم قەدىمكى قولىيازمىلار» دېگەن تېمىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىنى «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى مەجمۇئەسى» A نۇسخا (ئەدەبىيات، تارىخ قىسمى) 61 ـ جىلد (1893 ـ يىللىق تومى) نىڭ 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىدۇ.

«بوۋېر قەدىمكى كىتابى» 1891 ـ يىلدىن تارتىپ ھورنېلنىڭ قولىدا تۇرغان. 1897 ـ يىلى ھورنېل پۈتۈن قولىيازمىنىڭ شەرھىسى بىلەن ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قولىيازمىنى بوۋېرغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بوۋېر 1898 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ قولىيازمىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇنى ئەنگلىيەگە ئېلىپ بېرىپ قەدىمكى بويۇملار سودىگىرى كوۋارتىسقا ساتىدۇ. 1899 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ھورنېل ھىندىستاندا دەم ئېلىشقا چىقىپ ئەنگلىيەگە قايتىپ كېلىپ ئوكسفورددا ئولتۇراقلىشىدۇ. ئۇنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە كېلىشتۈرۈشى بىلەن ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى باردېلى كۇتۇپخانىسىنىڭ مۇدىرى W.E. نىكولسون (E. W. Nicholson) 1900 ـ يىلىنىڭ مەلۇم ئايلىرىدا 50 فوندستېرلىڭغا «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نى سېتىۋالغان. شۇنىڭدىن تارتىپ «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باردېلى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى» ۋېبېرنىڭ ھورنېلغا ھەدىيە قىلغان سوۋغىسى بولغاچقا ھورنېل بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلىپ جامائەتچىلىككە ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئۇنى ۋېبېرغا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. ھورنېل ئوكسفوردقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى شەخسىي مۈلكى سۈپىتىدە ئوكسفوردقا ئېلىپ كەلگەن. 1903 ـ يىللىرى ھورنېل «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى» نى ئوكسفورد باردېلى كۇتۇپخانىسىغا سېتىپ بەرگەن.

«بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ تېپىلىشى يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ كىتاب بايقالغاندىن كېيىن خەلقئارا ئوتتۇرا ئاسىيا تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ مەۋقەسىدە ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ھەقتە ھورنېل مۇنداق دېگەن: ««بوۋېر قەدىمكى كىتابى، نىڭ بايقىلىشى ھەمدە ئۇنىڭ كالكۇتتادا ئېلان قىلىنىشى شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشنىڭ يېڭى ھەرىكىتىنى قوزغىدى»، كېيىنچە ئۇ يەنە ئەسلەپ: ««بوۋېر ۋە ۋېبېر قەدىمكى كىتابى، نىڭ بايقىلىشى مېنىڭ دىققەت نەزەرىمنى رام قىلىۋالدى، شىنجاڭ پۈتۈكشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئىستىقبالى پارلاق ماكان» دەيدۇ. ئاۋرېل ستەيىن ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەسلىمىسىدە: «1890 ـ يىلى پولكوۋنىك بوۋېر كۇچادىن قىيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قەدىمكى قولىيازمىنى قولغا چۈشۈرگەندىن تارتىپ بۇ ماكان ھىندىشۇناسلارغا تېخمۇ تونۇشلۇق بولۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن نەزەرىمنى شىنجاڭغا قارىتىپ، بۇ يەرنى ئارخېئولوگىيە خىزمىتىمنىڭ سەھنىسى قىلىپ بېكىتتىم» دېگەن. ئەنگلىيەلىك ھىندىشۇناس گېئورگى ئابراھام گىرىرسون (George Abraham Grierson) ھورنېل ۋاپات بولغاندىن كېيىن، «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» دا: ««بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ بايقىلىشى ۋە ھورنېلنىڭ بۇ قولىيازمىلارنى ئېلان قىلىشى نەتىجىسىدە ياۋروپا ھەرىكەتكە كېلىپ بۇ رايونغا بېرىپ تېخمۇ كۆپ يادىكارلىقلارنى ئىزدەشكە كىرىشتى. ھازىر ئاللىقاچان يوقالغان قەدىمكى مەدەنىيەتكە دائىر ماتېرىياللارنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بارا ـ بارا ئىگىلەشكە باشلىدى» دېگەن. بۈگۈنكى كۈندە كۇسەنشۇناسلىقنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدەنمەكچى بولىدىكەنمىز تەتقىقاتىمىزنى ئالدى بىلەن «بوۋېر ۋە ۋېبېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ تېپىلىشىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ھورنېل 1893 ـ يىلى «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئەڭ دەسلەپكى ئۈچ گۇرۇپپا قولىيازمىنى قولغا چۈشۈردى، يەنى 1895 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ماكارتېنىي يىغقان «كۇسەن پۈتۈكلىرى» («ئوتتۇرا ئاسىيا يادىكارلىقلىرى ئەنگلىيە يىغما بويۇملىرى» 1 ـ گۇرۇپپا يادىكارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ) نى قولغا چۈشۈردى. 1895 ـ يىلى 11 ـ ئايدا «گودفرېي قولىيازمىلىرى» نى، 1896 ـ يىلى 12 ـ ئايدا «ماكارتېنىي قولىيازمىلىرى» نى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىپ «يەنە ئۈچ گۇرۇپپا ئوتتۇرا ئاسىيا قولىيازمىلىرى» دېگەن نامدا ناھايىتى تەپسىلىي تەتقىقات دوكلاتىنى ئېلان قىلىدۇ. 1897 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چاقىرىلغان بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىنىدا، ھورنېل بۇ تەتقىقات دوكلاتىنى ئوقۇيدۇ ھەمدە «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» نىڭ 66 ـ جىلد (1897 ـ يىللىق تومى) دا ئېلان قىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە دوكلات ۋە تەتقىقات بىرلەشكەن ماقالە بولۇپ 24 پارچە فوتوسۈرەت بېرىلگەن. ماقالىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ئۈچ قىسىمغا ئايرىلغان. 1 ـ قىسمى ماكارتېنىي قولغا چۈشۈرگەن «كۇسەن پۈتۈكلىرى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك، 2 ـ قىسمى «گودفرېي قولىيازمىلىرى»، 3 ـ قىسمى بولسا «ماكارتېنىي قولىيازمىلىرى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

كۇسەن پۈتۈكلىرى بولغان «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» بىلەن «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى» ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن رۇسىيەلىكلەرمۇ «كۇسەن پۈتۈكلىرى» نى يىغىش قەدىمىنى تېزلەتتى. رۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق تۇنجى كونسۇلى پېتروۋېسكىي 1882 ـ يىلدىن تارتىپ ئىزچىل شىنجاڭ يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ كەلگەن. ئۇ 1890 ـ يىلى بوۋېر كۇچادا قەدىمكى قولىيازمىنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە رۇسىيەدە دەم ئېلىۋاتاتتى. ئەڭ دەسلەپ «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نى تونۇشتۇرغان «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىن خاتىرىسى» نىڭ 1890 ـ يىللىق 11 ـ ئايلىق سانى ۋە 1891 ـ يىللىق 4 ـ ئايلىق سانى ياۋروپادىكى ھىندىشۇناسلىق ساھەسىگە تارقالغاندىن كېيىن رۇسىيەلىك ھىندىشۇناس سېرگىي فېدروۋىچ ئولدېنبۇرگ «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ مۇھىملىقىنى ھەمدە كۇسەن پۈتۈكلىرى ياكى سانسكرىتچە ۋەسىقىلەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ساقلىنىش ئېھتىماللىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئولدېنبۇرگ 1891 ـ يىلى پېتروۋېسكىيغا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېزدىن «كۇسەن پۈتۈكلىرى» نىڭ بايقىلىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاش تەكلىپىنى بېرىدۇ. پېتروۋېسكىي قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال رۇسىيەلىك مۇھاجىرلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ئالدى بىلەن «كۇسەن پۈتۈكلىرى» نىڭ ئىزدېرىكىنى قىلىدۇ. كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قولىيازما يادىكارلىقلارنى يىغىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئولدېبۇرگنىڭ تەتقىق قىلىشىغا ئەۋەتىدۇ. 1893 ـ يىلىغا كەلگەندە غەرب ھىندىشۇناسلىق ساھەسىدە ئىككى خىل يېڭى ھادىسە مەيدانغا كېلىدۇ. ھورنېل، بايلى، ئولدېنبۇرگ قاتارلىقلار «بوۋېر قەدىمكى كىتابى»، «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى»، «پېتروۋېسكىي قولىيازمىلىرى» نىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىپ غەرب ھىندىشۇناسلىقىنىڭ دىققەت ـ نەزەرىنى جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا جەلپ قىلىدۇ.

ھورنېل 1893 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» نىڭ 1 ـ سانىدا «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى» نى ئېلان قىلىدۇ. ھورنېلنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قولىيازما ئوخشاش بولمىغان توققۇز پارچە ئەسەردىن تۈپلەنگەن، جەمئىي 76 ۋاراق بولۇپ، دەۋرى مىلادىيە 7 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى بولۇشى مۇمكىن.

ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتى ماكارتې-

نىيغا «كۆسەن پۈتۈكلىرى» نى يىغىش ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن نەشاننى «كۆسەن پۈتۈكلىرى» گە قارىتىدۇ. 1894 ـ يىلى يەكەندىكى ئافغانىستانلىق سودىگەر دىلدارخان كۇچادىكى ئاكىسى غولام قادىرخان تەمىنلىگەن ئۇچۇرغا ئاساسەن، ماكارتنېيغا كۇچادىكى يوسۇببەگنىڭ قولىدا ئون پارچە پۈتۈكنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ماكارتنېي بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قەشقەردىكى تونۇشى جۇڭگو ـ روسىيە سودا ئالاقە ئىدارىسىنىڭ نازارەتچى ئامبىلى زېڭ گۇاڭجۇڭگە خەت يېزىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. زېڭ گۇاڭجۇن ماكارتنېينىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن دەرھال كۇچادىكى ئەمەلدار تونۇشى لىيۇ رېنجياغا خەت يېزىپ بۇ ئىشنى ئېنىقلاپ بېقىش ھەمدە بۇ كىتابلارنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلايدۇ. لىيۇ رېنجيا خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن تېمۇربەگ ئىسىملىك بىرسىدىن كىتابنىڭ ئىشلىرىنى سورايدۇ. لېكىن بۇ كىشى قەدىمكى كىتاب ھەققىدە ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لىيۇ رېنجيا ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ 25 ئادەمنى ياللاپ «كۆسەن پۈتۈكلىرى» بايقالغان دەپ قارىلىپ كەلگەن قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ يېنىدىكى خارابىلىك دۆلدۈلئۇقۇردىكى قەدىمكى مۇنار خارابىسىنى 2 ئاي قېزىپ بىر تاغار كەمتۈك قولىيازمىلارنى بايقايدۇ. 1894 ـ يىلى قىشتا، لىيۇ رېنجيا بۇ قولىيازمىلارنى قەشقەردىكى زېڭ گۇاڭجۇنگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. زېڭ گۇاڭجۇن بۇ قولىيازمىلارنى ھايال بولمايلا ماكارتنېيغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ماكارتنېي بۇ قولىيازمىلارنى ئۆزىنىڭ كەشمىردە تۇرۇشلۇق باشلىقى ئادېلبېرت. تالبوت (Adelbert . Talbot) قا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. تالبوت بۇ قولىيازمىلارنى سىمرادىكى ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. 1895 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئەڭ ئاخىرىدا بۇ قولىيازمىلارنى بېنگالدىكى ھورنېلغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ھورنېل قولىيازمىلارنى 1895 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇ قولىيازما سېلىنغان خالتىنى ئېچىپ ئۇنىڭدا 145 پارچە قولىيازما بارلىقىنى بىلىدۇ. بۇ «كۆسەن پۈتۈكلىرى» ماكارتنېي توپلىغان 1 ـ گۇرۇپپا يادىكارلىقلار يەنى «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەنگلىيە يىغما بويۇملىرى» دىكى بىرىنچى گۇرۇپپا ساقلانما بويۇملار ئىدى.

1895 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گودفرېي سىيالكونتا پاخپۇلۇق سودىگەرلەر ئەۋەتكەن پوسۇلكىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ پوسۇلكىغا 71 پارچە قولىيازما قاچىلانغان. گودفرېي قولىيازمىلارنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن كەشمىردىكى باشلىقى تالبوتقا بىر پارچە خەت بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىپ بېرىدۇ. تالبوت 1895 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا قولىيازما بىلەن چۈشەندۈرۈپ ھورنېلغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ھورنېل 71 پارچە قولىيازمىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇلارنى «گودفرېي قولىيازمىلىرى» دەپ ئاتايدۇ. ھورنېل بۇ قېتىم تاپشۇرۇپ ئالغان «كۆسەن پۈتۈكلىرى» ئىچىدە ئىككى پارچە خەنزۇچە ھۆججەتنىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ.

ھورنېل گەرچە 1893 ـ يىلدىن كېيىن پۈتۈن زېھنىنى «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەنگلىيە يىغما بويۇملىرى» نى تەتقىق قىلىشقا قاراتقان بولسىمۇ، بىراق «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نى ئېلان قىلىش خىزمىتىنى بوشاشتۇرۇپ قويمىغان. 1893 ـ يىلدىن تارتىپ ھورنېل «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ يەتتە بۆلۈمىنىڭ ئىزاھات قىسمى (شەرھىسى، لاتىنچە ئوقۇلۇشى، ئىزاھاتى) ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى بۆلەكلەرگە ئايرىپ نەشر قىلدۇرىدۇ.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى چېن مىڭ ئەپەندى 2005 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلغان «ئالاھىدە رېتسېپلار ـ بايقالغان ۋەسىقىلەر ۋە غەربىي يۇرت تېبابەتچىلىكى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە ئورنىدا «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ ھورنېل ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخىسىنىڭ تېبابەتچىلىككە ئائىت قىسمى (يەنى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ بۆلۈم) نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ جۇڭگودىكى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇندى.

1908 ـ يىلىغا كەلگەندە، ھورنېل «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ پۈتۈن سانسكرىتچە ئېندېكسىنى ئىشلەپ پۈتتۈرىدۇ. 1909 ـ يىلى يەنە بۇ ئەسەرنىڭ تېبابەتچىلىككە ئائىت قىسمى (يەنى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ بۆلۈم) نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى قايتىدىن نەشر قىلدۇرىدۇ. 1910 ـ يىلدىن تارتىپ ھورنېل پۈتۈن توپلامنىڭ ئومۇمىي بايانىنى يېزىشقا كىرىشىپ 1912 ـ يىلى تاماملايدۇ. «ئومۇمىي بايان» قىسمى پۈتكەندىن كېيىن بۇ بۆلەك بىلەن ئۆزى 1893 ـ يىلدىن تارتىپ ئېلان قىلغان «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ شەرھىسى، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ھەمدە پۈتۈن قولىيازمىنىڭ فوتوسۈرىتىنى بىرلەشتۈرۈپ كالكۇتتادا نەشر قىلدۇرىدۇ.

ھورنېل «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن توپلام شەكلىدە «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى»، «گودفرېي قولىيازمىلىرى»، «ماكارتنېي قولىيازمىلىرى» ۋە ئاۋرېل ستەيىن بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا تەكشۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رۇش پائالىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن قوليازمىلارنى نەشر قىلىش خىزمىتىگە كىرىشىدۇ. يۇقىرى سەۋىيەلىك تەتقىقات نەتىجىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھورنېل ئەنگلىيەدىكى مەشھۇر ھىندىشۇناس لونېل بارنېتنىت (Lonel Barnett)، فىرانسىيەلىك ئالىم ئېدۋارد چاۋانىنىس (Edward Chavanness)، نورۋېگىيەلىك ھىندىشۇناس سېتىن كونوۋ (Sten Konev)، فىرانسىيەلىك سولۋائىن لېۋى (Solwain Levi)، گېرمانىيەلىك ھىندىشۇناس ئالىم ھىنرىخ ئولدېرس (Heinrich Ulders)، ئەنگلىيەلىك ھىندىشۇناس ئالىم ۋىللىيام توماس (Tomas Williyam) قاتارلىق ياۋروپادىكى مەشھۇر ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ ھورنېل يىغما بۇيۇملىرى ۋە ئاۋرېل. ستەيىن يىغما بۇيۇملىرىدىكى قوليازمىلارنى تۈرگە ئايرىپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. بۇ قوليازمىلار ئىچىدىكى كۇسەن تىلىدىكى پۈتۈكلەرنى رەتلەپ شەرھلەشكە سولۋائىن لېۋى مەسئۇل بولىدۇ.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ھورنېل مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە «جۇڭگو شىنجاڭدىن بايقالغان كەمتۈك بۇددىزم ۋەسىقىلىرى» نىڭ 1 ـ تومى تۈزۈپ چىقىلىدۇ. 1916 ـ يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى كىراراندۇن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدۇ. ئۇ بۇ ئەسەر ماۋزۇسىنىڭ ئاستىغا شەرھلەپ «ئەسلىي قوليازمىنىڭ ئوقۇلۇشى، تەرجىمىسى، شەرھىسى بېرىلدى، ھورنېل ۋە باشقا ئالىملار بىرلىكتە تۈزدى، 1 ـ توم بىرىنچى بۆلۈم ۋە ئىككىنچى بۆلۈم دەپ ئايرىلدى؛ سانسكرىت تىلى، ئۇدۇن ساك تىلى، كۇسەن تىلى، تۇبۇت تىلى، خەنزۇ تىلىدىكى قوليازمىلاردىن جەمئىي 22 پارچە فوتوسۈرەت قوشۇمچە قىلىندى» دېيىلگەن.

ھورنېل بۇ كىتابنىڭ ئومۇمىي بايانىدا «ئۇدۇن ساك تىلى»، «كۇسەن تىلى» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان قىسمىدا مىلادىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىرقانچە ئەسىردە ئۆزئارا ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تىل ئومۇملاشقان، ... كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر خىل تىل شىمالدا ئىشلىتىلگەن، يەنە بىر خىلى بولسا جەنۇبتا ئىشلىتىلگەن. شىمالدا ئىشلىتىلگەن تىلغا مۇللېر توخرى تىلى دەپ نام بەرگەن تىل ئىدى. جەنۇبتا ئىشلىتىلگەن تىل E. لىئۇماندىن شىمالى ئارىيان تىلى، H. لىدېرس ساك تىلى دەپ نام بەرگەن تىل ئىدى. يېقىندا سولۋائىن. لېۋى بىلەن ستېن. كونوۋ ئۆز ماقالىلىرىدە ئادەمنى قايىل قىلىدىغان دەرىجىدە شىمالىي تىل بىلەن جەنۇبىي تىلنىڭ ئومۇملاشقان رايوننىڭ مەركىزى ياكى ئاستانىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇدۇن ۋە كۇسەن دەپ بېكىتتى. بىراق كىرسېتى (kirste) دەسلەپتە تۇرپان تىلى ۋە خوتەن تىلى دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلدى، بىراق تۇرپان شىمالىي تىلنىڭ ئومۇملاشقان رايونى ئەمەس بەلكى شىمالىي تىلنىڭ بىرلەمچىسى تارقالغان يەر ئىدى. سولۋائىن لېۋى بۇ تىلنى كۇسەن تىلى دەپ ئاتىدى. بۇ نام ئۇنىڭ ئۇلگە كۆرسىتىشى بىلەن ھازىرقى نەشر بويۇملىرىدا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلماقتا».

ھورنېل تۈزگەن «جۇڭگو شىنجاڭدىن بايقالغان كەمتۈك بۇددىزم ۋەسىقىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 2 ـ تومى «ئۇدۇن ساك تىلى، كۇسەن تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە تۇبۇت تىلىدىكى ئەسەر» دېگەن نامدا بولۇپ ئەسەرنىڭ 1 ـ توم 2 ـ بۆلۈم 4 ـ پاراگرافى بولسا سولۋائىن. لېۋى 1912 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تاماملىغان «كۇسەن تىلىدىكى كەمتۈك پۈتۈكلەر» دېگەن ماقالىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ كەمتۈك پۈتۈكلەر ھورنېل نومۇر قويغان 149 گورۇپپا يىغما ھۆججەتلەر بولۇپ كۇچالىق ئاقساقال ساھىب ئەلى كۇچا ۋە باي ئەتراپىدىكى جىگدىلىك دېگەن جايلاردىن بايقىغان قوليازمىلار توپىغا تەۋە ئىدى. بۇ ماقالىدا سولۋائىن لېۋى ئۈچ پارچە قوليازمىنى جامائەتچىلىككە ئېلان قىلغان بولۇپ ئۇنىڭ بىر پارچىسى «پراتى موكسا» (راھىبلارنىڭ تۇرمۇش قائىدىسى) قالغانلىرى بولسا «راھىبلارنىڭ تۆۋبىنامىسى» ئىدى.

---

پايدىلانمىلار:

1. جۇ يۈچى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «غەربىي يۇرت فىلولوگىيەسى»، 5 ـ جىلد، بېيجىڭ پەنلەر نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى

2. ئادىل مۇھەممەت تۇران، تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن: «قەدىمكى كۇسەن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 6 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى

3. شىنجاڭ كۇسەن تەتقىقات يۇرتى تۈزگەن: «قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇن خاتىرىسى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى

4. «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 2004 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سان (ئۇيغۇرچە)

5. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى تۈزگەن: «جۇڭگو مىڭئۆيلىرى. قۇمتۇرا مىڭئۆيى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى

تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپجان مەمتىمىن

# قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ شىنجاڭدىن تېپىلىشى

گۈلمېھرى ئەلى پاشا

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 2010 - يىللىق 4 - سىنىپ 830054)

قىسقىچە مەزمۇنى: ئاپتور بۇ ماقالىدە قارۇشتى يېزىقىغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى قارۇشتى يېزىقى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ، يېزىقشۇناسلارنىڭ ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، «ئۆلگەن يېزىق» — قارۇشتى يېزىقى ۋەسىقىلىرىنىڭ تېپىلىشى، ئوقۇلۇشى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئەھۋالى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان.

**摘要**: 本文作者在查阅佉卢文的有关资料、并参考国内外佉卢文研究人员的最新研究成果的基础上、论述了我区佉卢文文献的发现及其研究状况。

شىنجاڭ يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل دىن ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە مۇشۇ ئاساستا يېڭى ئۆزگىچە شانلىق مەدەنىيەت يارىتىلغان، مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، خارابە ئىزنالىرى، يازما يادىكارلىقلار ساقلانغان، تېپىلغان ۋە داۋاملىق بايقىلىۋاتقان جاي. بۇ يەردىكى خەلقلەر ئۇزاق تارىخ ۋە شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ، قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەدىمكى تۈرك يېزىقى، ئورخۇن يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، سوغدى يېزىقى، مانى يېزىقى، بىراھمى يېزىقى (بۇ يېزىق بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا قەدىمكى كۇسەن ۋە كىنگىت يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر سەيياھ، راھىبكالان شۈەنزاڭنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يېزىق قەدىمكى ئەنەتكەك (ھىندى)، يېزىقىنى مەنبە قىلغان بولۇپ كۇسەن ۋە كىنىگىتلىكلەر بۇ يېزىققا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن)، قەدىمكى سۈرىيە يېزىقى (نېستورىيان يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، تۇبۇت(تىبەت) يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى ۋە ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن ئەرەب يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئۆزگەرتىلگەن خاقانىيە يېزىقى قاتارلىق بىر مۇنچە يېزىقلارنى قوللانغان ۋە بۇ يېزىقلاردا ئۆز تىلىنى خاتىرىلىگەن.

ئاتاقلىق ئارخېئولوگلىرىمىز، تىلشۇناسلىرىمىزدىن ئىسرائىل يۈسۈپ، ئابدۇقەييۇم خوجا ۋە ئاتاقلىق تىلشۇناس، مەرھۇم تۇرسۇن ئايۇپ يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى» ناملىق كىتابقا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئىلىم - پەن ساھەسىنىڭ ھەرقايسى مۇھىم تارماقلىرىدا ئالىم - ئۆلىما، مەشھۇر ئەدىب-سەنئەتكارلار، تىلشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، تېۋىپلار يېتىشىپ چىققانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋرلەردە ئۆز ئانا تىلىغا پۇختا بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە سانسىكرىت، قارۇشتى، سوغدى يېزىقى قاتارلىقلارنىمۇ خېلى پۇختا ئىگىلىگەنلىكى قەيت قىلىنغان. مەن بۇ ماقالەمدە ئېلىمىزدە، جۈملىدىن شىنجاڭدا تېپىلغان قارۇشتى يېزىقى ۋەسىقىلىرى ۋە مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلار ۋە قەدىمكى يېزىقشۇناسلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، قارۇشتى يېزىقى ۋەسىقىلىرىنىڭ تېپىلىشى، تەتقىق قىلىنىشىغا دائىر ئەھۋاللار ئۈستىدە قىسقىچە توختالماقچىمەن.

قارۇشتى يېزىقى (غەرب ئالىملىرى كارۇشتى يېزىقى دەپ ئاتايدۇ،) ئەسلىدە قەدىمقى قەندىھار (ماگادخا) ئېلىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئىلىم ئەھلى قارۇشتى يېزىقىنىڭ قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھىندىستاننىڭ ئۆرپ - ئادەت تىل - يېزىقلىرى، جۈملىدىن ماخاستىرى تىلى، پالى تىلى، ماگادخى تىلى قاتارلىقلار ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. كېيىنچە كەڭ مەنىدىكى غەربىي يۇرت (جۈملىدىن ھازىرقى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى خېلى كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قا تارالغان. ھازىرغىچە مەلۇم بولغان يازما يادىكارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ يېزىق ئەڭ دەسلەپتە ھىندىستاندا قۇرۇلغان تۇز ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانى ئاسۇكا (ئاشۇكا دەپمۇ ئېلىنغان) قەندىھارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان

چاغدا ئېلان قىلىنغان قانۇن - پەرمانلاردا قوللىنىلغان. خىلى كۆپ تەتقىقاتچىلارنىڭ «قارۇشتى يېزىقى دەسلەپتە قەندىھاردىن كېلىپ چىققان» دېيىشتىكى مۇھىم ئاساسلاردىن بىرى شۇكى، ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئافغانىستاندىن ئاسوكا دەۋرىگە تەئەللۇق ئابىدىلەر تېپىلغان. بۇ ئابىدىلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردە، ھىندىستاننىڭ مائۇرا خاندانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلاردا ئېلان قىلغان قانۇن - پەرمانلىرى ئوخشاش بولمىغان يېزىقلاردا يېزىلغان. ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا براھمى يېزىقى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان؛ ئافغانىستاننىڭ قەندىھار رايونىدا گرېك يېزىقى ۋە ئارامې يېزىقى قوللىنىلغان؛ ئافغانىستاننىڭ لاگمان رايونى ۋە پاكىستاننىڭ راۋالپىندى رايونىنىڭ قەدىم زاماندىكى تاكساسلا دېگەن جايىدا ئارامې يېزىقى قوللىنىلغان؛ پاكىستاننىڭ پىشاۋەر رايونىدىكى مانساھرا ۋە شاھبازگاھ دېگەن بۇ ئىككى جايىدىلا قارۇشتى يېزىقى قوللىنىلغان.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قارۇشتى يېزىقى قەندىھاردىن ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىغا كىرگەن. بۇ يەردىكى گرېكلاشقان خانلىق — باكتېرىيە خانلىقىنىڭ خانى ئىككى خىل يېزىقتا قوش تىللىق قىلىپ نۇرغۇن پۇل قۇيدۇرغان. پۇلنىڭ بىر يۈزىگە گرېك يېزىقى، يەنە بىر يۈزىگە قارۇشتى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن. بۇ يېزىقنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە قوللىنىلغان ۋاقتى شىنجاڭدىن تېپىلغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىغا جايلاشقان قەدىمكى پىشامشان (چەرچەن) بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمرانى ۋاشمانا (ۋاسمانا) دەۋرىگە تەئەللۇق قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك، بۇ يېزىقتا دائىر ئەڭ كېيىنكى يازما يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 2 - ئەسىردىن 5 - ئەسىرگىچە ئۇدۇن (خوتەن)، پىشامشان، كۇسەن (كۇچا) قاتارلىق جايلارغا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئىشلەتكەن بوغۇملۇق يېزىق بولۇپ، ئەڭ بۇرۇن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىردە ئۆتكەن قەدىمكى ھىندىستان پادىشاھى ئاسوكانىڭ قەبرە تېشىدا بايقالغان. شىنجاڭدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقى ئاساسلىقى قەندىھار ۋە ئۇدۇن تىلىدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئوڭدىن - سولغا يېزىلغان، دەۋرلەر ۋە تېپىلغان ئورۇنلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن قارۇشتى ھەرپلىرىنىڭ سانى ئوخشاش ئەمەس، ئومۇمەن 43 - 57 گىچە ئەتراپىدا ھەرپ بولغان.

قارۇشتى يېزىقىدا كۇسەن (كۇچا) نىڭ كۇسى (kuci)، ئاگنى (قاراشەھەر) نىڭ ئارگى (argi)، كىرورانىنىڭ كىرورايىنا (Kroraina)، چەرچەننىڭ چالمادان (calmadana)، ناھىيەنىڭ ئاۋانا (avana)، كەنتنىڭ گراما (grama)، شەھەرنىڭ ناگارا (nagara)، دۆلەتنىڭ راجا (Raja) ئاقسۆڭەكنىڭ ئارى (ari)، باجگىرنىڭ ئاگېتا (ageta) دەپ ئاتىلىدىغانلىقى دەلىللەنگەن.

تەتقىقاتچىلارنىڭ نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، قارۇشتى يېزىقى تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىرلەردە بارلىققا كېلىپ، مىلادىيە 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ پەيدىنپەي زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، 5 - ئەسىرلەردە ئىستېمالدىن قېلىپ ئۆلۈك يېزىققا ئايلانغان. قارۇشتى يېزىقى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا «佉卢文» دەپ يېزىلىدۇ.

قارۇشتى يېزىقى ئەسلىدە سانسكرىتچە «Kharosthi» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى «khara» - «ئېشەك» دېگەن مەنىنى؛ «ostha» — «كالپۇك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا قارۇشتى يېزىقى — «ئېشەك كالپۇكى يېزىقى» دېگەن مەنىدە. «ئېشەك كالپۇكى» قەدىمكى ھىندىستان رىۋايەتلىرىدىكى بىر ئەۋلىيانىڭ ئىسمى. سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جى سالڭ يازغان «ساتا ساستىرا تەپسىرى» نىڭ 1 - جىلدىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىلگىرى براھما ھايات چېغىدا 72 ھەرپ بىلەن بۇ ئالەم نىجات تاپىدۇ. بۇ — قارۇشتى كىتابىدۇر، دېگەن ئىكەن. بۇ ئالەمدىكىلەرنىڭ بىراھمىغا بولغان ھۆرمىتى بارا - بارا سۇسلىشىپ قاپتۇ. نەتىجىدە ئۇ نەپسىنى بۇزۇپ، ھېلىقى كىتابنى (7 ھەرپىنى — ت) يىغىپ يۇتۇۋېتىپتۇ. پەقەت A ھەرپى بىلەن O ھەرپىلا ئۇنىڭ كالپۇكىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. كىشىلەر بۇنى قەدىرلەپ، ھەرپلەر شاھى دەپ بىلىپتۇ. شۇڭا O ھەرپىنى تۆت شاندا (بۇددا ئىلاھى) نىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ، SA ھەرپىنى ياساسۇترا (براھمانا ئايەتلىرى - ت) نىڭ بېشىغا قويۇپتۇ... (vipsyin) دا: گويا براھما براھمانا كىتابىنى بەرپا قىلغان، ئەۋلىيا قارۇشتى قارۇشتى كىتابىنى بەرپا قىلغان. ئۇلۇغ براھما سۇتراپىتاكانى بەرپا قىلغان» دېيىلگەن.

مارك ئاۋرىل ستەيىن يازغان «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ «قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكنى تۇنجى قېتىم قېزىش» دېگەن يىگىرمە ئۇچىنچى بابىدا، ستەيىننىڭ قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنى تۇنجى قېتىم تېپىش جەريانى مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «... يېتەرلىك ئوزۇق ۋە سۇ ئېلىپ تۆگە بىلەن سەپەرگە ئاتلانغان تارماق ئەترىتىمنى ئۈزىتىپلا، ئالدىراپ ئىبراھىم ئاخۇن دورغا بىر يىل بۇرۇن قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەرنى تاپقان خارابىلىققا يېتىپ كەلدىم. ... چىدىردىن شەرققە قاراپ بىر مىل ئەتراپىدا يول ماڭغاندىن كېيىن، ئىبراھىم ئاخۇن دورغا باشلاپ بارماقچى بولغان خارابىلىقنى كۆردۈم. ئۇ شامالدا يېمىرىلىپ كەتكەن

ئويمان يەردە گويا بىر كىچىك دۆڭدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. دۆڭگە چىقىۋاتقىنىمدا، خارابىلىقتىكى چىرىپ كەتكەن توم، يوغان ياغاچلارنىڭ يادنامىسى بولغان ياغاچ پارچىلىرىنىڭ ئارىسىدىن خەت يېزىلغان ئۈچ تارشا پۈتۈكنى تېپىۋالدىم. دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن تام ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر ئۆينىڭ ئىچىدە كۆپلىگەن تارشا پۈتۈكلەرنى كۆردۇم ... ئۆيىنىڭ تازىلىنىشى بىلەن تارشا پۈتۈك تېپىلغان يەردىن ۋە ئوچاق بىلەن تۇتاش بولغان غەربتىكى سۇپىنىڭ ئۈستىدىن ئىككى باغلام ئەتراپىدا ئۈستىگە خەت يېزىلغان تارشا پۈتۈك تېپىلدى... مەن ئۆز قولۇم بىلەن تارقىلىپ كەتكەن تارشىلارنى ئەستايىدىل ئىزدەش ئارقىلىق، 85 پارچە تارشا پۈتۈكنى تېپىپ چىقتىم. شىمال تەرەپتىكى ئۆيلەرنى تازىلىغاندا، بۇ سان ھەسسىلەپ كۆپەيدى ... تارشىدىكى تېكىست قارۇشتى يېزىقىدا ئوڭدىن سولغا قارىتىپ توغرىسىغا يېزىلغان بولۇپ، خەت يېزىلغان ئىچكى تەرىپى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇلۇپ باغلانغانىكەن، تارشىنىڭ ساپال تامغا بېسىلغان سىرتقى يۈزىگە ئوخشاش يېزىق شەكلىدە قىسقا جۈملىلەر يېزىلغان، يېزىلغان ئورنى ۋە شەكلىگە قاراپ، ئۇنىڭ تارشا ئىچىدىكى ھۆججەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، تارقاتقۇچىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ياكى ئادرېسى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى...»

بىز ستەيىننىڭ بۇ مەلۇماتىدىن قارۇشتى يېزىقىدىكى قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلىشىدا ئىبراھىم ئاخۇن دورغا قاتارلىق يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز.

قارۇشتى (كارۇشتى) يېزىقى دېگەن نامنى 1890 - يىلى فرانسىيەلىك ئالىم لوكوپېرې (Terrien de lacouperie) تۇنجى قېتىم قوللانغان. ئۇ سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان «LAlita vistara» (لالىتا ۋىستارا — يەنى كارامەت ئويۇن) دېگەن كىتابنىڭ 10 - باب 29 - پاراگرافىدىن بۇ خىل يېزىقنىڭ سانسكرىتچە نامىنىڭ «kharosthi» ئىكەنلىكىنى تاپقان. يەنە تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن داۋشى يازغان «法苑珠林» («بۇددا قائىدىلىرىدىن گۆھەرلەر») دېگەن كىتابنىڭ 15 - جىلد «بۇدداھلار بابى. ساياھەت ئىلمى قىسمى» دىن «قارۇشتى يېزىقى» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى — «卢文» نى تاپقان.

1896 - يىلى، ھىندىستاننىڭ قەدىمكى يېزىقشۇناسلىقى بويىچە نوپۇزلۇق بولغان گېرمانىيەلىك ۋىبۇل ئۆزىنىڭ «ھىندىستان قەدىمكى يېزىقشۇناسلىقى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە لاكوۋپېرىينىڭ دەلىلىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. كېيىن ئىلىم ساھەسىدىكىلەر قارۇشتى دېگەن بۇ نامنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى بۇ خىل يېزىقنىڭ نامى جەھەتتە ساقلانغان قالايمىقانچىلىققا خاتىمە بېرىلگەن.

1928 - 1929 - يىللىرى، ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى جۇڭگو بىلەن شۋېتسىيە بىرلىكتە تەشكىللىگەن غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىلەن بىللە تارىم ئويمانلىقىغا بېرىپ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ خوتەننىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئاق سېپىل قەدىمكى شەھىرىدىن خەنزۇچە- قارۇشتىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن بىر دانە مېتال پۇل تېپىۋېلىپ، ئۇنى «خوتەن يارمىقى» دەپ ئاتىغان. كېيىن، بۇ پۇلنىڭ تېپىلىش ئەھۋالىنى شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش دوكلاتى — «تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيەسى ھەققىدە خاتىرە» گە كىرگۈزۈپ بايان قىلغان. 1962 - يىلى، شيا نەي ئەپەندى «خوتەن يارمىقى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە بۇ پۇل ئۈستىدە ئەتراپلىق تەتقىق يۈرگۈزگەن. ئۇ بۇ پۇلغا «خەنزۇچە - قارۇشتىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن پۇل» (khroticoins - Bilingualsino) دەپ رەسمىي نام بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ خىل پۇلنىڭ ئويما يېزىقى ۋە يىل دەۋرى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئىلگىرى ساقلىنىپ كەلگەن خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈزەتكەن. قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى يېشىپ ئوقۇشقا ياۋروپالىق ئالىملاردىن پىرىنسېپ، لاسسېن، نورىس ۋە كۆنىگام قاتارلىقلار زور تۆھپە قوشقان. بۇددا دىنىنىڭ ئېلىمىزدە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىز ساياھەتچىلىرى، راھىبلىرى ۋە تەرجىمەشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىدە قارۇشتى يېزىقىغا دائىر بىر مۇنچە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بۇ يېزىق ھەققىدە ئەڭ بۇرۇن لياڭ سېڭيۇ يازغان «ترى پىتاكا» نىڭ 1 - جىلد « غۇزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نوملارنىڭ ئاھاڭ ۋە مەنىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر» دېگەن كىتابتا تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

« قەدىمدە كىتاب بەرپا قىلغۇچىلار ئاساسەن ئۈچ كىشى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى براھما، ئۇنىڭ كىتابى ئوڭدىن سولغا يېزىلغان، ئىككىنچىسى قارۇشتى، ئۇنىڭ كىتابى سولدىن ئوڭغا يېزىلغان، ئۈچىنچىسى ساڭ شيې، ئۇنىڭ كىتابى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يېزىلغان. براھما بىلەن قارۇشتى ھىندىستاندا تۇرغان، خۇاڭدى دەۋرىدىكى ساڭ شيې ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىدى. براھما بىلەن قارۇشتى يېزىقىنىڭ قائىدىلىرىنى پاك ئاسماندىن ئالغان. ساڭ شيې قۇشقاچ ئىزىنى تەقلىد قىلغانلىقتىن ... براھما يېزىقى بىلەن قارۇشتى يېزىقى دۇنيادىكى مۇقەددەس يېزىق بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قالغان. شۇڭا ھىندىستاندىكى ئەللەر ئۇنى ساماۋىي كىتاب دەپ ئاتىغان.» تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن راھىب شۈەن يىڭ يازغان «بارلىق سۇترالارنىڭ شەرھىسى» نىڭ 27 ـ جىلدىدا : «قارۇشتى كىتابى شىمالدىكى چېگرا جايلاردا ياشايدىغان خەقلەرنىڭ كىتابى» دېيىلگەن. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر دۇەن چېڭشى يازغان «يۇياڭدىكى خاتىرىلەر» نىڭ 11 ـ جىلدىدا: «غەربىي يۇرتتا ئېشەك كالپۇكى كىتابى، ئىلۇپەر ياپرىقى كىتابى... قاتارلىق 64 خىل كىتاب بار ئىكەن» دېيىلگەن.

قارۇشتى يېزىقىنىڭ ئوقۇپ يېشىلىشىگە ج. ماسسون، ج.پىرىنسېپ، چ. لاسسېن، ئې. مورىس، ئا. كۇننىھاملار، بولۇپمۇ ج. پىرىنسېپ زور تۆھپە قوشقان. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى ج. پىرىنسېپنىڭ تەتقىقاتىدۇر. چۈنكى قارۇشتى يېزىقىنىڭ ئوقۇپ يېشىلىشى ئاساسەن ئۇنىڭ قەدىم زاماندىكى ھىندىستان شاھى ئاسوكانىڭ ئابىدىسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ئاساسىدا بولغان. 1784 ـ يىلدىن باشلاپلا ئاسوكا ئابىدىسى كىشىلەرگە مەلۇم بولغان ھەمدە 1801 ـ يىلى ئۇنىڭ يېزىق نۇسخىسى بېسىپ چىقىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىرى 1837 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن پىرىنسېپ تەرىپىدىن ئېچىپ بېرىلگەن. ئۇ ئالدى بىلەن قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدا كەڭ تارقالغان قارۇشتى يېزىقىغا تونۇش قىلغان، ئاندىن ئۇ قارۇشتى يېزىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە بىر خىل قەدىمكى ھىندىستان يېزىقى ــ براھمى يېزىقىنى ئوقۇشقا كىرىشكەن. ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بوپار دېگەن جايغا يېقىن بىر ئىبادەتخانىدا قىسقا ھەم ئاددىي يېزىلغان براھمى يېزىقىدىكى يادنامىلەر بار ئىكەن، پىرىنسېپ ئۇنىڭغا «مەلۇم كىشىنىڭ سەدىقىسى...» دېگەن مەنىدە دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئۇنىڭدىكى بەزى خەتلەرنىڭ ھىندىستاننىڭ ئاممىباب تىلىدا قانداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى ئېنىقلاش تەس ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھىندى تىلىدىكى خاس ئاتالغۇلارنىڭ شەكلىنى پىششىق بىلىدىغان بولغاچقا، بىر مۇنچە خاس ئاتالغۇلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن يېشىپ چىققان. پىرىنسېپنىڭ تەتقىقاتى ئەنگلىيەلىك پالى تىلى ئالىمى گ. تۇرنورنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. پالى تىلى ئاسوكا ئابىدىسىدىكى تىلغا ناھايىتى يېقىن كېلىدىكەن. پىرىنسېپ ئاسوكا ئابىدىسىدىكى خەتلەرنىڭ بىر مۇنچىسىنى تۇرنورنىڭ پالى تىلى جەھەتتىكى بىلىمىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق تونۇغان. تۇرنور پالى تىلىدا يېزىلغان «ئارال تارىخى» دا ئاسوكانى «piyadsi» (پىيادسى ــ يەنى كۆرۈشكە ئامراق پادىشاھ) دەپ ئاتىغان. شۇڭا ھىندىستان ئابىدىلىرىدىكى پىيادىسى ـ ئاسوكادۇر دەپ كۆرسەتكەن. بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئاسوكانىڭ نامى زادىلا كۆرۈلمىگەن، تاغ باغرىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇلغان قانۇن ـ پەرمانلار ھەقىقەتەن ئاسوكا ئېلان قىلغان قانۇن ـ پەرمانلاردۇر.

1837 ـ يىلى، پىرىنسېپ بىر پارچە ئاسوكا قانۇنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوقۇپ يېشىپ، ئاسوكا ئابىدىلىرىدىكى تىلنى تەتقىق قىلىشقا ئاساس سالغان. ئۇ يەنە ئاسوكانىڭ غايەت زور قىيا تاشقا ئويۇلغان باشقا ئىككى پارچە قانۇنىنى ئوقۇپ يېشىشكە كىرىشكەندە، ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەن ۋە ھاۋا كىلىماتى ياراشمىغانلىقتىن، ئاخىر 1840 ـ يىلى ۋاپات بولغان. پىرىنسېپ يېزىپ قالدۇرغان «ھىندىستان ئارخېئولوگىيەسىگە دائىر ماقالىلەر توپلىمى» 1858 ـ يىلى ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى دۇنياغا مەلۇم بولغان. كېيىنكى خىزمەتلەرنى گېرمانىيەلىك گ. بۈخلېر، فرانسىيەلىك س. سېنارت ۋە نورۋېگىيەلىك س. كونوۋ قاتارلىق تىلشۇناسلار داۋاملىق ئىشلىگەن.

ئېلىمىزدە قارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى ئەڭ ئاۋۋال ئەنگلىيەنىڭ بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى قولغا چۈشۈرگەن. ئەنگلىيەلىك فورسىيىس «جەزىرىدىكى چوڭ قۇملۇقتا كۆمۈلۈپ قالغان شەھەرلەر ھەققىدە» دېگەن تېمىدىكى يازما دوكلاتىدا، ئۆزلىرىنىڭ خەنزۇچە ـ قارۇشتىچە يېزىقتا قۇيدۇرۇلغان ئىككى دانە تۆمۈر پۇل تېپىۋالغانلىقىنى ئېيتقان. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى دانە پۇل تۆمۈر پۇل ئەمەس، مىس پۇلدۇر. ئۇ يەنە بۇ پۇلدىكى قارۇشتى يېزىقىنىمۇ خاتا ئوقۇپ، بۇ پۇللارنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە ئۆتكەن باكتېرىيەدىكى گىركلاشقان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ھېرمائېئۇس (hermraeus) زامانىدا قۇيۇلغان پۇل دەپ قارىغان.

فورسىيىسنىڭ بۇ پۇلنى تېپىشى قارۇشتى يېزىقى تارىم ئويمانلىقىدا يوقىلىپ مىڭ يىل ئۆتكەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم دۇنياغا چىققان ئىش. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ خاتا چۈشەنگەنلىكى تۈپەيلىدىن، كىشىلەر ئەينى چاغدا تارىختا قارۇشتى يېزىقىنىڭ ھىندىستان تېررىتورىيەسىنىڭ سىرتى ــ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى (غەربىي يۇرت) دىمۇ تارقالغانلىقىنى ھېس قىلالمىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئېلىمىزدىكى تارىخىي مىراسلارنى رەتلەپ، نەشرگە تەييارلىغۇچى ئىلىم ئەھلىنىڭ بىرى، نوپۇزلۇق تىلشۇناس لىن مېيسۈن قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى ئوقۇش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق « قۇم بارخانلىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى ۋەسىقىلەر» (沙海古卷) نام-

لىق ئىلمىي ئەسەرنى يازدى.

بۇ كىتاب 1988 - يىلى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇ يەنە غەربىي يۇرتتىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قارۇشتى يېزىقى ھەققىدىكى ئىلمىي ئەسەردىن باشقا، يەنە «كىروران ۋە نىيەدىن تېپىلغان خەت - چەكلەر»، «كىروران» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە قەدىمكى يېزىققا دائىر ئىلمىي ئەسەر يازغان.

قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىگىلىك، تۈرلۈك خەت - چەك، ئىقتىساد، دىن، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالايلۇق، لىن مېيسۇن يازغان «جوڭگودىن تېپىلغان قارۇشتى پۈتۈكلىرىدىن ئومۇمىي بايان» ناملىق ئىلمىي ماقالىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىن، كونكرېت ئېيتقاندا، ئۇدۇن (خوتەن) دىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئىچىدە قارۇشتىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن مېتال پۇل، قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان «دارماپادا سۇترا» نىڭ پۇچۇلغان ۋاراقلىرى (فراگمېنتلىرى)، نىيەدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك، كەمتۈك ۋاراق، لاتىغا يېزىلغان پۈتۈكلەر، شۇنداقلا مىرەن ۋە كۇسەن (كۇچا) دىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ يۇقىرىقى مەزمۇنلارغا چېتىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشى، ئوقۇلۇشى، ئىزاھلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى شىنجاڭنىڭ ئەينى زاماندىكى تارىخىي، ئىقتىسادىي ، مەدەنىي ۋە دىنىي ئەھۋالى، ئۆرپ-ئادىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

قارۇشتى يېزىقىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ، ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى تارىخى پۈتۈلگەن. ئۇنىڭدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ ئىنتايىن مول بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جۈملىدىن دىن ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. ئىشىنىمىزكى، ئارخېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ ئاپتونوم رايونىمىزدىن قارۇشتى يېزىقى ۋە باشقا ئۆلگەن يېزىقلارنىڭ ئۈزۈكسىز تېپىلىشى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىدىكى تېخى ئېچىلمىغان سىرلارنىڭ ئېچىلىشى ۋە بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقلارنىڭ تولدۇرۇلۇشى شۈبھىسىز. چۈنكى ئۇلارنى قېزىش، ئېچىش، تەرجىمە قىلىش ۋە ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇش ھەربىر ھەقدانىڭ، ئىلىم ئەھلىنىڭ مەجبۇرىيىتى.

دېمەك، تىلغا تارىخنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. قەدىمكى غەربىي يۇرتلۇقلار، جۈملىدىن يىراق ئەجدادلىرىمىز ئىشلىتىپ ئۆز ھاجەتلىرىدىن چىققان، ئۆز تارىخى، كۈلتۈرىنى ئاڭسىز ياكى ئاڭلىق رەۋىشتە يېزىپ قالدۇرغان ئاشۇ ۋەسىقىلەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس - ئەلۋەتتە! قوۋم بارخانلىرىنىڭ ئاستىدا سارغىيىپ ياتقان تەۋەررۇك يادىكارلىقلار بىرلەپ - ئىككىلەپ قېزىلىپ ئىلىم ئەھلىگە ئاشكارىلانغاندىن كېيىنلا بىز يۇرتىمىزنىڭ تارىخىنى ياكى تارىخنىڭ يورۇتۇلمىغان تەرەپلىرىنى يەنىمۇ تولۇقراق بىلىشكە قادىر بولالىدۇق ۋە بولالايمىز. مەيلى قارۇشتى يېزىقى بولسۇن، مەيلى ئەجدادلار قوللانغان باشقا يېزىق ۋەسىقىلىرى بولسۇن ھەممىسىلا جاھاننامە ئەينىكىدەك بىزنى يىراق ئۆتمۈشكە باشلاپ بارىدۇ، تارىخنىڭ پۇچۇلغان، چېقىلغان ئەينەكلىرىنى، داغلىرىنى قايتىدىن تازىلاش ۋە ياساشقا تەقەززا قىلىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ بەلگىسى بولغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن تېپىلىشى ۋە ساقلىنىشى، ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىق قىلىشى تارىخنىڭ پۇچقاقلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ جۇلالىنىشى ئۈچۈندۇر. يۇرتىمىزنىڭ تارىخى مەيلى قېزىلغان ياكى تېخىچە ئېچىشنى كۈتۈپ كۆمۈلۈپ ياتقان بولسۇن ئۇنى ئېچىش ۋە تەتقىق قىلىش بىزنىڭ بۇرچىمىزدۇر.

---

## پايدىلانمىلار:

1. لىن مېيسۇن: «قۇم بارخانلىرىغا كۆمۈلگەن ۋەسىقىلەر» (خەنزۇچە)، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى

2. لىن مېيسۇن: «جوڭگودىن تېپىلغان قارۇشتى پۈتۈكلىرىدىن ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 3 - سانى (ئەزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى)

3. مارك ئاۋرېل ستەيىن (ئەنگلىيە): «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىل 1 - نەشرى، (تەرجىمە قىلغۇچىلار: ماخمۇت ئابدۇۋەلى، ئەلى غوپۇر، مەردان سەيپۇللا)

4. ۋ. روكشىل (ئەنگلىيە): «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 2 - سانى

6. «شىنجاڭ ئىنسىكلوپېدىيەسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 - قىسىم

7. گۈلمېھرى ئەلى پاشا: «يېقىنقى زاماندا شىنجاڭدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار»، ئاسىيا كىندىكى گېزىتى 2013 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى سانى

تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت

www.uyghurkitap.com

# زەلىلىنىڭ بىر قىسىم بەدىئىي سەنئەتلىرى توغرىسىدا

تۇرسۇن قۇربان تۈركەش

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مۇھەممەت سىدىق زەلىلىي مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ۋە شەكلى خىلمۇ-خىل شېئىرىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھالبۇكى، شائىر ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق يۈكسەكلىكنى ئۇ يۇقىرى ماھارەت بىلەن قوللانغان رەڭدار بەدىئىي سەنئەتلەرنىڭ يارىدىمىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ماقالىدە ئەدىبنىڭ بىر قىسىم بەدىئىي سەنئەتلىرى دىۋانىدىن ئېلىنغان ئۈرنەكلىك بېيىتلار ئارقىلىق كونكرېت تەھلىل قىلىنغان.

**摘要:** 穆汗买提·斯迪克再力力的诗歌创作、内容深刻、艺术性高和形式多样、代表了维吾尔文学最高水平。本文阐述了诗人丰富多彩的诗歌创作艺术、具体分析了诗人诗集里的部分典范性诗歌。

شەرق ئەدەبىياتىدا مىڭ يىللار داۋامىدا شەكىللىنىپ، سەنئەت نامىنى ئالغان بەدىئىيلىك ۋاسىتىلىرى پەقەتلا شېئىرنىڭ ئاددىي بېزىكى ئەمەس، بەلكى شائىرنىڭ مەقسىتىنى ئوقۇغۇچىغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ دىت ۋە زەۋقى بىلەن يازغۇچىنى باغلايدىغان رىشتە، مۇئەللىپنىڭ رەڭدار تۇيغۇلار ئالەمى ھەققىدە تەسەۋۋۇر بەرگۈچى مەنبەئە بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەسەرلەرنى قۇرۇلما ياكى بەدىئىيلىك جەھەتتىن تەھلىل قىلىش قېلىپلاشقان، ئاددىي ۋە ئىپتىدائىي بىرنەچچە جۈملە ئارقىلىقلا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ماھىيەتلىك كونكرېت تەتقىقات تازا راۋاجلانمىغان. يەنە كېلىپ بىر ئاپتورنىڭ ئەسىرى ئۈستىدە بۇنچىلىك كۆپ سەنئەت نۇقتىسىدىن ئىزدىنىش قىيىن ۋە بىرىنچى قېتىم. بىز زەلىلىي دىۋانىنى بەدىئىيات نۇقتىسىدىن ئۆگەنگىنىمىزدە، بىر سەنئەت باشقا بىر ئۇسۇلنىڭ ۋاسىتىسىدە بارلىققا كەلگەچكە، ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزىگە خاس بولغان سەنئەتلەرنىڭ كونكرېت شېئىرى بېيىتلاردا بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ قالغانلىقىنى ياكى بىر بېيىتتا نەچچە خىل سەنئەتنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. بۇنداق ئەھۋالدا شېئىردىكى ئاساسىي ھېسسىي كەيپىيات ۋە ئاپتورنىڭ مەقسىتى نۇقتىئىنەزىرىدىن چىقىپ، يېتەكچى سەنئەتنى ئايرىپ چىقىشقا تىرىشتۇق. ئۇنىڭدىن باشقا بىز زەلىلىي دىۋانىدىكى ھەربىر سەنئەتنى ئەتراپلىقراق چۈشەندۈرۈش ۋە كىتابخانلاردا كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا نىسبەتەن چوڭ جەھەتتىن تەسەۋۋۇر قوزغىتىش مەقسىتىدە نەۋايى ۋە باشقا نامايەندىلەرنىڭ غەزەللىرىدىنمۇ مىسال كەلتۈردۇق. سۆز سەنئىتىنىڭ بىزگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان بەزى ئۇسۇللىرىنىڭ ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ ئالدۇق.

## 1. ئوخشىتىش

ئوخشىتىش — بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئېلېمېنتلىرىدىن بولۇپ، ئۇنى سۆز ئويۇنى قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز بەدىئىي غايىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللانمىغان شەرق ۋە ئۇيغۇر شائىرلىرى يوق دېيەرلىك. ئۇنىڭ ماھىيىتى سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسە، ھادىسە ياكى خۇسۇسىيەتنى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان بىرەر ئوخشاشلىق ياكى ئومۇمىيلىق تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق قىياسلاش سەنئىتىدۇر.

### 1) تولۇق ئوخشىتىش

ئوخشاشلىق ھاسىل قىلىۋاتقان ھەر ئىككى نەرسە ياكى ھادىسە بىر - بىرىگە ھەممە جەھەتتىن ئوخشىسا ياكى ماسلاشسا بۇنداق ئوخشىتىش تولۇق ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ. زەلىلىينىڭ «دىل ئارامىغا» سەترىلىك 105 - غەزىلىدىكى تۆۋەندىكى بېيىتىدا تىل شەكلى ۋە ماھىيەتلىك خاسىيىتى بىلەن زۇلفىقارغا ئوخشىتىلغان.

مۇنافىقلارغا بۇ مەيدان ئىچىدە،
تىلىمدۇر زۇلفىقار، ئەقىل دۇلدۇل.

### 2) قىسمەن ئوخشىتىش

بۇ تولۇق بولمىغان ئوخشىتىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىككى نەرسە ياكى ھادىسىنىڭ ئوخشاشلىقى قىياس قىلىنغاندا،

ئۇلارنىڭ ئايرىم خاراكتېرلىك بەلگە ۋە خۇسۇسىيەتلىرىلا نەزەردە تۇتۇلسا (مەسىلەن، گۈلنىڭ قىزىللىقى، ھىلال ئاينىڭ ئەگرىلىكى ۋە تۈننىڭ قاراڭغۇلۇقى ...) بۇ قىسمەن ئوخشىتىش بولىدۇ. شائىر 9 - غەزەلىدە بۇنداق ئوخشىتىشتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان.

كۆزلەرىم چۈن شىشە ھايى قىرمىزىدەك بولمىغاي،
تەلبە كۆڭلۈم گەر جەمالىغا گىرىفتار ئولماسا.

ئوخشىتىش تۈزۈلۈشى، ئىچكى ۋە تاشقى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىز زەلىلىي شېئىرىيىتىدىن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە دائىر مىساللارنى ئۇچرىتىمىز.

① ئوچۇق ئوخشىتىش. بىر نەرسىنى ئىككىنچى بىر نەرسىگە «دەك - تەك، گويا - كەبى، ياڭلىغ قاتارلىق ئوخشىتىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ياردىمىدە توغرىدىن - توغرا ئوخشىتىشتىن ئىبارەت. زەلىلىينىڭ 126 -، 146 - غەزەلىدىكى بىر قىسىم بېيتلار پىكرىمىز ئۈچۈن ياخشى مىسال بولالايدۇ.

ياتار يولتۇز كەبى ئارتۇشدا ھەر يان تۇرفە بۇزۇرگلار،
ۋە لېكىن ھەزرەتى سولتان ساتۇقنى ماھ دەپ كەلدىم...

كاشكى گۈلدەك يۈزۈڭنى كۆرمەگەي ئەردىم بۇگۈن،
بۇلبۇلى ئاشۇفتە ياڭلىغ كۆيمەگەي ئەردىم بۇگۈن.

② شەرتلىك ئوخشىتىش. بۇ بىر نەرسە ياكى ھادىسىنى باشقا بەرسە ياكى ھادىسىگە مەلۇم شەرت بىلەن ئوخشىتىشتۇر. بۇ تۈر ئوخشىتىش ۋاسىتىلىرىدىن سا - سە، ئەگەر (گەر، ئەر، ئەگەردە) قاتارلىق قوشۇمچە ۋە باغلىغۇچىلارنىڭ قاتنىششى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. زەلىلىينىڭ «بولمىسا»، «ئولمىسا» قاتارلىق ئونلىغان غەزەللىرىدە شەرتلىك ئوخشىتىشتا تەۋە ئاز بولمىغان بېيتلارنى ئۇچرىتىمىز.

ئەي زەلىلىي بۇ نىچۈك سۆزدۇر دىبان ئەيىب ئەتمەگىل،
جىلۋە بەرمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ مەجازى بولماسا...
يار ئەمەس دەرماندە بولغان چاغ ساڭا يار ئولماسا،
كىم يېقىلغاندا تۇتۇپ ئىلكىڭ مەدەتكار ئولماسا...

گۈل قەددى قامەتىنى شەمشاد ئەگەر قىلماسا،
بۇلبۇلدە ئەيب يوقدۇر فەرياد ئەگەر قىلماسا...

**3) چېكىنمە ئوخشىتىش**

بۇ ئۇسۇلدا شائىر ئاۋۋال بىر نەرسىنى باشقا بىر نەرسىگە ئوخشىتىدۇ، كېيىن دەرھال بۇنداق ئوخشاشلىق تەسەۋۋۇرىدىن قانائەت تاپماي ئوخشالغۇچىدا مەلۇم ئەيىپ ياكى نۇقساننىڭ بارلىقى سەۋەبلىك ئۆز ئوخشىتىشىدىن قايتىپ ئوخشىتىلغان نەرسىنى ئوخشالغان نەرسىدىن ئۈستۈن قويىدۇ. بۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە شائىرنىڭ ئۆز غايىۋى پىكرىنى كۈچەيتىپ ئىپادىلەيدىغان بەدىئىي سەنئەتتىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە «زەلىلىي دىۋانى» دا بەزى بېيتلار بار.

يول باشلىغۇچى كەئبە تەۋاففغە نە ھاجەت،
ھەر خارى خەسى دەشتى سەۋاد ھەرەممەدۇر...

باغ ئارا شافتالۇ ئۈزمەكلىككە كىردىم ئالما دەر،
باغبانى ناتەۋان بىن بەردى ئاخىر نارىدىن...

ئەلشىر نەۋايى بۇ ئۇسۇل بىلەن يېزىشنىڭ ئۇستازى ئىدى. شائىرنىڭ قىشتىكى دالالارنىڭ مۇز تۇتۇپ پارقىراپ تۇرغانلىق ھالىتىنى ئەينەككە ئوخشىتىپ، ئاندىن بۇنداق ئاددىي قىياسلاشتىن قانائەت قىلماي، ئۇنى چىن ئەينەككە ئوخشاتقانلىق ھەققىدىكى بېيتى چېكىنمە ئوخشىتىشنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان.

مۇز ئەيلەپ يەر يۈزىن ئايىنە ئايىن،
غەلەت قىلدىم، دېگىل ئائىنەئى چىن.

بۇنىڭدىن باشقا خەلق پوئېتىك ئاغزاكى ئىجادىيىتىدىكى «ئاي دېسە ئېغىزى بار، كۈن دېسە كۆزى» فورمىسىدىكى ئوخشىتىشلاردا ئەمەلىيەتتە ئوخشالغۇچىدىن ۋاز كېچىپ، ئايدىنمۇ، كۈندىنمۇ چىرايلىق، دېگەن كۈچەيتمە پىكىر ئالغا سۈرۈلىدۇ.

**4) يوشۇرۇن ئوخشىتىش**

سۆز سەنئىتىگە ئائىت مەخسۇس ئەسەرلەردە بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلار بار: «بۇ خىل ماھارەتنىڭ ماھىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شائىر بىرەر نەرسىنى ئىككىنچى بىر نەرسىگە قىياسلايدۇ. قارىماققا ئۇنىڭ مەقسىتى ئوخشىتىش ئەمەستەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پىكىرنىڭ تېگىدە ئوخشىتىش مەۋجۇت». بۇ خىل ئوخشىتىش شائىردىن يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. زەلىلىي يوشۇرۇن ئوخشىتىشنىڭ ياخشى ئۈلگىلىرىنى ياراتقان شائىر.

زەنجىرى جۇنۇن دېمەڭلار كاكۇل،
ھەر ھەلقىئى تارى مىڭ بالادۇر...

كەمەر باغلاپ چىقىپدۇر ئەلنى قاتل ئەيلەرگە خۇنرېزى،
بەلى شەھلا كۆزىدىن ھەر مىژە بىر خەنجىرى تېزى...

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

5) قاتار ئوخشىتىش

ئوخشىتىشنىڭ بۇ تۈرى ئارقىمۇئارقا ئوخشىتىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شائىر بىرەر نەرسىنى كۆپتۈرۈپ يارقىن تەسۋىرلەش مەقسىتىدە، ئۇنى كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە نەرسىگە قىياس قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئوخشىغۇچى بىر، ئوخشالغۇچى بىرنەچچە بولىدۇ. مەسىلەن، زەلىلىي 99 - غەزىلىدىكى:

لالە يافراغى ۋەيا ئەۋراقى گۈلدىن دەفتەرى،
مىسرەئى شوخىنى تەھرىر ئەتكەلى دىۋان كېرەك.

دېگەن بېيىتىدا يارنىڭ يۈزىنى ئاق لالە بەرگلىرىگە ۋە ئاق قەغەزگە ئارقىمۇئارقا ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن بولسا، 26 - غەزىلىنىڭ باشلانمىسىدا:

ۋەھكى ھىلالى قاشلىرىڭ سۈرەتىدۇر كەمان كەچ،
كىرپىكىڭ ئوقىدا قەتل قىل كىمكى قىلۇر گۇمان كەچ.

دەپ يېزىپ، بىرلا ۋاقىتتا يارنىڭ قېشىنى ھەم ھىلال ئايغا ھەم ياغا ئوخشىتىپ تەسۋىرلەپ شېئىرىدا خېلى يۇقىرى بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

6) كىنايىلىك ئوخشىتىش

بۇ خىل ئوخشىتىشنىڭ ماھىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شائىر ئوخشىتىش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەتمىگەن ئەھۋالدا، ئوخشالغۇچىنىڭ نامىنى ئېيتىش يولى بىلەن نېمىگە ئوخشىتىلغانلىقىغا ئىما - ئىشارە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ يېپىق ئوخشىتىشتۇر. ئوچۇق ئوخشىتىش «گۈلدەك چىرايلىق يۈزۈڭ» تەرىزىدە كەلسە، كىنايىلىك ئوخشىتىش «گۈل يۈزۈڭ» ھالىتىدە كېلىپ شېئىرىي نۇتۇقنى سىقىقلىقتا، مەنىدارلىقتا ۋە تەسەۋۋۇرغا ئىگە قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، شېئىرىي ئىجادىيەتتە كىنايىلىك ئوخشىتىشنى كۆپ قوللىنىش شائىرنىڭ ماھارەت ۋە ئىقتىدارىغا باغلىق. دىۋاندىكى 17 - مۇخەممەس بۇ جەھەتتىن دىققەتكە سازاۋەر:

شەبنەم ساچىلدى سۇبھى يۈزۈڭنىڭ زىياسىدىن،
گۈلگۈل ئاچىلدى غۇنچە لەبىڭنىڭ ھاياسىدىن،
قاشىڭ قىيامەت ئەيلەدى پەيۋەستە ياسىدىن،
ئىشق ئەھلى ساتىب ئالسە ئىزىڭ تۇتىياسىدىن،
قىلغىل تەرازۇ ئىككى كۆزۈمنىڭ قاراسىدىن.

يەنە 129 -، 339 - غەزەللەردە شائىر ئۆزىنىڭ سەنئەتكارلىق تالانتىنى مۇنداق نامايان قىلغان:

بەرگى يافراغى بىلەن تا گۈلنى رۇپۇش ئەيلەمىش،
بۇلبۇلانى باغنى گوياكى خامۇش ئەيلەمىش.

نە ئىستىغنا قىلىپسەن بىزگە تەنھا تەڭلەدى بولغاي،
كى پەيۋەستە قاشىنىڭ ياسىدىن ئالەم خەراب ئەردى.

بۇلاردىن باشقا دىۋاندىكى شەھلا كۆزۈڭ، ئاھۇيى مەردۇم، ئاي يۈزۈڭ، كاكۇلى مۇشكىن، ھىلالى قاش، چېھرى گۈلگۈن، دىۋانە كۆڭۈل، رۇخسارى گۈل، مىژە خەنجەر، ئايىنە كۆڭۈل، ئەي گۈل، ۋۇجۇدۇم كەربالا، يۈزۈڭ خۇرشىدىن، ھەلقە سۇنبۇل، تەن قەلئەسى، گۈلىستانى كۆڭۈل، دېھقان سەمەندەر قاتارلىق بىرىكمىلەر يوشۇرۇن ئوخشىتىشنىڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىلىرىنى ياراتقان.

2. مۇبالىغە

مۇبالىغە ئەرەب تىلىدا «بىر ئىشقا قاتتىق كىرىشىش، چوڭلاشتۇرۇش، كۈچەيتىش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەدەبىي ئەسەردىكى بەدىئىي تەسۋىر ئوبيېكتىنىڭ ھالىتى ياكى خاراكتېرىنى كۆپتۈرۈپ ۋە كۈچەيتىپ ئىپادىلەش سەنئىتى دېمەكتۇر.

1) ئاددىي مۇبالىغە

مۇبالىغىنىڭ بۇ تۈرى «تەبلىغ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەقلەن ئىشىنىش مۇمكىن ۋە ھاياتتا يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان مۇبالىغىدۇر. دىۋاندىكى شائىرنىڭ ئىشقى مۇپتىلالىق دەرت - ھالى ئىزھار قىلىنغان «سېنى لەيلىيۇ رەئنادەك» سەترىلىرى بىلەن ئېچىلىدىغان غەزەلدە تەبلىغ سەنئىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئۆرنىكى بار.

يۈرۈپ سوردۇم تەبىبلەردىن نېدۇر بۇ دەردىمە دەرمان،
تەبىب ئېيتۇركى ئەي نادان بۇ دەردۇ بىدەۋا دەرلەر.

ئاشىقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ باخشى تېۋىپقا كۆرۈنۈشى مۇمكىنچىلىككە ئىگە تۇرمۇش رېئاللىقى بولۇپ بۇ مۇبالىغىلىك ھالەتتۇر. تېنى ئاجىزلاپ، پىكرى بۇزۇلغان كىشىنىڭ شۇنداق ھالەتتىمۇ شىپاكارغا كۆرۈنمەسلىكى خاتا قىلمىش. ئەمما بىز بۇ مۇبالىغىلىك تەسۋىردىن «بىداۋا ئاشىق» لارنىڭ تۇرمۇشتا پات - پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان سەۋدالىق ھالىتى ھەققىدە مەلۇم ئەقلەن تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولىمىز. مەسىلەن:

گوياكى كۆڭۈل سەرھەدى باغى ئەلەمىمدۇر،
ئاشىق مەن، دۇنيانى سۇ ئالسا نە غەمىمدۇر.

2) كۆپتۈرمە مۇبالىغە

ئەقلەن ھېس قىلغىلى بولىدىغان، ئەمما رېئال ھاياتتا

يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى پەقەتلا يوق بولغان بەلگە ياكى ھەرىكەتلەرنىڭ شېئىرىيەتتە كۆپتۈرۈلۈپ تەسۋىرلىنىشىدىن ئىبارەت. بۇ ئەرەبچە «ئىغراق» دەپ ئاتىلىدۇ. مەنىسى «كامانچىنى قاتتىق تارتىش» دېگەنلىكتىن ئىبارەت. «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا شىرىنىنىڭ ئېتى دۈقۈرۈشۇپ كېتەي دېگەندە، پەرھاتنىڭ يۈگۈرۈپ بېرىپ، شىرىننى ئات بىلەن قوشۇپ كۆتۈرۈۋېلىش تەسۋىرى ئىغراق يەنى كۆپ تۈرمە مۇبالىغە بولسا، زەلىلىي بۇ خىل سەنئەتتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، كىتابخانلاردا ئۆز لىرىكىسىغا نىسبەتەن سۆيۈنۈش تۇيغۇسى قوزغاتقان.

كۆيدى مەگەر نەيۇ قەلەم خەت يۈزىدىن تۈتۈن چىقار،
تىغ زەبان نەغمەسەنچ بولدى زەلىلىي شۆئلەرېز...

كىرپىكىڭنى بىر ـ بىرىگە قاقىشىڭ،
تەڭ كېلۇر ئالەمگە ئوتلار ياقىشىڭ...

ئايانكى، لىرىك قەھرىماننىڭ دەردىنى پۈتۈۋاتقان قەلەمگە ئاشۇ ھەسرەتتىن ئوت تۇتىشىپ، ئىنشا ئىزىدىن تۈتۈننىڭ چىقىشى؛ قىز ھەرقانچە گۈزەل بولغان تەقدىردىمۇ كىرپىكلىرىنىڭ تىگىشىشىدىن ئۇچقۇن ھاسىل بولۇپ ئەتراپقا ئوت كېتىش تۇرمۇشتىكى مۇمكىنسىز ئەھۋالدۇر.

3) پو

ئەقلىغە، تەسەۋۋۇرغا ۋە ئادەتكە ئۇيغۇن بولمىغان شۇنداقلا يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى مۇتلەق يوق بولغان ئەھۋالنىڭ مۇبالىغىلىك تەسۋىرى. ئەرەبچە «قولنى ئامال بار ئېگىز كۆتۈرۈش» مەنىسىدىكى غۇلۇۋ مۇبالىغىنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ ۋە ئەڭ يۇقىرى خىلى بولۇپ، بىز ئۇنىڭغا «پو» دەپ ئىسىم قويدۇق. شائىر مەلۇم ھالەت، بەلگە ۋە خاراكتېرلارنى ئەنە شۇنداق سۈرەتلىگەندە، كىتابخانلارنى ئىشەندۈرۈشنى ئەمەس، بەلكى شۇ خىل ھالەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى ھەققىدە تەسەۋۋۇر قوزغىتىپ، كىتابخانلارنى تەسۋىرنىڭ شۇ قەدەر گۈزەللىكىدىن ئېستېتىك زوقلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

تەبەسسۇم ئەيلەبان تاكى نەزەر قىلساڭ گۆرىستانغا،
قوپۇپ گۆردىن بارى مۇردە ھەمە ۋا ھەسرەتا دەرلەر.

شائىر 52 ـ غەزىلىدە مەشۇقنىڭ گۈزەللىكىنى گويا ئۆلۈككە جان كىرگۈزگۈچى ئىسا مەسىھ دەرىجىسىدە خاسىيەتلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەنكى، قەبرىستانلىقتىكى گۆزەلنىڭ تەبەسسۇمى تۈپەيلى ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىش بىلەن زېمىن ئۈستىگە چىقىپ ياقا يىرتىشى تەبىئەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ. مۇھەممەد سىدىقنىڭ دىنىي مەزمۇندىكى غە-

زىلىنىڭ «كۆركى ئىشارەت بىلەن ئىككى بۆلۈنمىش ئول قەمەر» دېگەن مىسراسىدا تەسۋىرلەنگەن شۇ خىل مەنزىرە پەننى نۇقتىدىن ئالغاندا، رېئال ھەم خىيال مەنتىقىسىدىن تامامەن مۇستەسنا بولسىمۇ، بىز بۇ دىنىي فانتازىيەنىڭ گۈزەللىك زوقىغا چۆمىمىز. يەنە زەلىلىي «دۇئا يەتكۈر سەبا يارىمغا» سەترىسى بىلەن باشلىنىدىغان بىر ئاتەشلىك مۇھەببەت لىرىكىسىدا يارنىڭ گۈزەللىكى ۋە ۋىسالىدىن بەھرىسىز قالغاندىكى مۇسىبەتلىك ھالىتىنى پو سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ شۇنداق تەسۋىرلىگەنلىكى، بىز لىرىك قەھرىماننىڭ غېرىپلىقى ھەققىدىكى مۇمكىنسىز تەسۋىرلەردىن ئېستېتىك مەستخۇشلۇقنىڭ پەيزىنى سۈرۈيمىز.

شىھىدى گەر بەرىنى ئىشقدۇرمەن داغ ئىلكىدىن،
چۇ لالە يافراغىدىن قىل كەفەن ئەلبەتە ـ ئەلبەتتە...

كۆزۈم ياشى گەھى گۈلگۈن گاھى قىرمىزى ئەيلەر،
تاماشا ئەيلەسۇن ئول سىيمتەن ئەلبەتە ـ ئەلبەتتە...

لالە ياپرىقىدىن كېپەن تىكىش ۋە كۆز يېشىنىڭ بەزىدە ئاق يەنە بەزىدە قىزىل بولۇشى ئاجايىپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان گۈزەل تەسۋىرلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىلچە مەۋجۇتلۇق ئاساسى بولمىغان شېئىرىي توقۇلمىدۇر.

3. جانلاندۇرۇش

بىر شەيئىنى ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان باشقا بىر شەيئى قىلىپ تەسۋىرلەشتۇر. بۇ خىل سەنئەتتە بىرەر شەيئىنىڭ ھەرىكىتى ئۆزىگە خاس يول بىلەن تەسۋىرلەنمەي، باشقا تۈردىكى شەيئىگە خاس ھەرىكەت ھالىتى بىلەن تەسۋىرلەنگەچكە ئۇنىڭ تىلى قىزىقارلىق، جەلپ قىلارلىق، چۇچۇك ۋە سۆيۈملۈك بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

قەمەر مەشرىق سەرىدى سەير ئېتەر ئاھىستە ـ ئاھىستە،
بەلى مەغرىبكە بىر تۈندە يېتەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.

تەن قەلئەسىكىم روھى لۇتفىمغە قەغەسدۇر
سايرايدۇ چۇ بۇلبۇل،
بۇ بەندە ئەگەر بولماسا ئۇچماقغە ھەۋەسدۇر
بەرگى ۋەرەقە گۇل.

زەلىلىينىڭ 170 ـ غەزىلىنىڭ باشلانمىسى بولغان ئاۋۋالقى بېيىتتا ئاينىڭ ھەرىكىتى «سەير ئېتەر»، «يېتەر» پېئىللىرى ئارقىلىق ئىنسانغا خاسلاشتۇرۇلغان بولسا؛ 3 ـ مۇستەھزاتنىڭ باشلانمىسى (مەتلىسى) دا ئەكسىچە، ئىنساننىڭ تېنى قەلئە ـ قەپەز، ئۇنىڭ روھى بولسا بۇلبۇل تەرىزدە نەرسىلەشتۈرۈلگەن. شائىرنىڭ شېئىرى ـ

uyghurkitap.com

ئەشئارلىرىدىن جانلاندۇرۇشنىڭ ئادەملەشتۇرۇش (تەخس) ۋە نەرسىلەشتۇرۇش (نەقتا) تىن باشقا ئىنچىكە تۈرلىرىنىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇلار ھەققىدە ئارتۇقچە توختالمىدۇق.

**4. تەمسىل**

تەمسىل «دەلىللەش، مىسال كەلتۈرۈش» مەنىسىنى بىلدۈرۈپ، شېئىر بېيىتىنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا ئىپادىلەنگەن پىكىرنى ئىككىنچى مىسرادا دەلىللەپ، بېيىتتىكى تېماتىك پىكىرنى تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەش سەنئىتىدۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، لىرىك قەھرىماننىڭ مۇئەييەن پەيتتىكى ئىش - ھەرىكەتلىرى، كۆچۈرمىشلىرى، ئىجتىمائىي، ئەخلاقى روھتىكى پوئېتىك خۇلاسىلىرىنى مەنتىقىي ئاساسلاشتۇر. بۇنىڭدا كېيىنكى مىسرادىكى كونكرېت رېئال تەسۋىرنىڭ ئاۋۋالقى مىسرادا ئىپادىلەنگەن پىكىر چۈشەنچىلەرگە مەنتىقىي جەھەتتىن ماس كېلىشى ناھايىتى مۇھىم. مەسىلەن، نەۋايىنىڭ:

ئارەزىن ياپقاچ، كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەر لەھزە ياش،
بۆيلەكىم پەيدا بولۇر يۇلدۇز، نىھان بولغاچ قۇياش

دېگەن بېيىتىدا قوللىنىلغان تەمسىل سەنئىتىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئىككىنچى مىسرادىكى يۇلتۇز پەيدا بولغاندىن كېيىنكى قۇياشنىڭ كۆرۈنمەي قېلىشىدىن ئىبارەت بۇ تەبىئەت ھادىسىسىنىڭ تەسۋىرى ئاۋۋالقى مىسرادا ئىپادىلەنگەن ئوبرازلىق ئىپادە - مەھبۇبە يۈزىنى ياپقاچ، ئاشىقنىڭ كۆزىدىن ياش تۆكۈلۈش ھالىتى بىلەن مەنتىقى ئوخشاشلىق ھاسىل قىلغان. يار يۈزى بىلەن قۇياش، ئاشىق كۆز يېشى بىلەن يۇلتۇز سېلىشتۇرما ئوخشاشلىق ھاسىل قىلىپ، ئاۋۋالقى تەرىدىكى پىكىرنىڭ يارقىنلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. تەمسىل سەنئىتىدە مىسرالار ئوتتۇرىسىدا نازۇك مەنتىقىغە ئوخشاشلىق ياكى ماسلىق يارىتىش ھەر زامان شائىرنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرمىقى لازىم. بۇ جەھەتتىن زەلىلىي دىققەتكە سازاۋەر ماھارەت ئىگىسىدۇر. مەسىلەن، شائىرنىڭ «پەيدا» رادىفلىق بىر غەزەلىدىكى:

مېنىڭ ئاۋۋارە كۆڭلۈم زەخمەنى دەغى جۇنۇن دەرلەر،
بۇ سەھرانىڭ يۈزىدە قىزىل قان لالەدىن پەيدا.

بېيىتنىڭ ئاۋۋالقى مىسراسىدىكى «كۆڭۈل زەخمىسىدىن ھاسىل بولغان سەۋدالىق كەيپىيات»، كېيىنكى مىسرادىكى «كەڭ دالانى قىزارتقان لالەزارلىق» ھالىتى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. كۆڭۈل زەخمىسى يەنى باغىر قېنى بىلەن دالالە لالەزارلىقى قىياسەن ئوخشىتىلىپ، ئىككىنچى مىسرادىكى ئوبرازلىق تەسۋىر ئارقىلىق بىرىنچى مىسرادىكى غايىۋى پىكىر يارقىنلىققا ئىگە قىلىنغان.

كۆڭۈل ھەرىفىنى سەن تىغى زەباندىن ساقلاغىل زىنھار،
ۋەلې ئاسان ئەمەس ئوق بىرلە ئاتقان يانى يىغماقلىق.

ئېنىقكى، شائىرنىڭ «يىغماقلىق» رادىفلىق غەزىلىدىكى مەزكۇر بېيىت ھەققىدىمۇ شۇنداق پىكىر ئېيتىش مۇمكىن. تەمسىل ئۇچۇن كۆپىنچە تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئىجتىمائىي ۋەقەلەر، ئاۋام ھاياتى، بالىلار ئويۇنلىرى، تېبابەت چۈشەنچىلەر، تەربىيە جەريانى ۋە ئەپسانىۋى ۋەقەلەرگە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. تەمسىل سەنئىتى كېيىنكى زامان شېئىرىيىتىدە ئاستا - ئاستا ھاياتىي پارچىلار ۋە رېئالىستىك ئامىللارنىڭ پەيدا بولۇشىغا زېمىن ھازىرلىغان.

**5. گۈزەل دەلىللەش**

«ھۆسنى تەلىل» دەپ ئاتالغان بۇ سەنئەت ئەلىشىر نەۋايى قەلىمىگە مەنسۇپ:

ئاي يۈزۈڭ بىرلە تالاشدى، بۆكى كۆكتۈر ئارازى،
پەنجەسى بىرلە قۇياش گىيا يۈزىگە ئۇردى كاچ.

بېيىتتا «ئاي سېنىڭ يۈزۈڭ بىلەن گۈزەللىك تالاشقان ئىدى، مانا ئەمدى ئۇزىنىڭ يۈزى كۆكىرىپ قالدى، ئۇنىڭ بىمەنى، بىئەدەپ ھەرىكىتىدىن دەرغەزەپ بولغان قۇياش ئۇنىڭ يۈزىگە شاپىلاق بىلەن ئۇرغاندا ئوخشايدۇ» دېگەن مەزمۇن ئىپادىلەنگەن. ئاينىڭ ئاسماندا كۆك مۇزدەك كۆكىرىپراق كۆرۈنۈشى ئاساسىدا شائىر ھۆسنى تەلىل سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان غەيرىي تەبىئىي چىرايلىق پىكىر ھاسىل قىلغان. نەۋايى «قۇياش ئاينىڭ يۈزىگە ئۇرغان» قىلىپ تەسۋىرلىگەندە، قۇياش ۋە ئايغا ئىنسانغا خاس ھالەت، خۇسۇسىيەت ۋە خاراكتېرنى كۆچۈرگەن يەنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئادەملەشتۇرۇش سەنئىتىدىن پايدىلانغان.

تابى زۇلفۇڭدىن چېكەر كان ئىچرە سىماب ئىزتىراپ،
ئاي يۈزۈڭنىڭ رەشكىدىن كىردى بۇلۇتغا ئافتاب.

زەلىلىي دىۋانىدىكى 16 - غەزەلنىڭ مەزكۇر باشلانمىسىدا گۈزەل دەلىللەش سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ «مەشۇقنىڭ گىجەك چاچلىرىنىڭ پارقىراقلىقىدىن خەزىنىدىكى سىماب غەم - قايغۇغا چۆمدى، ئاي يۈزىنىڭ ئاقلىقىدىن رەشكى قىلغان ئاپتاپمۇ ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي بۇلۇتنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى» دېگەن پىكىرنى ئىپادىلەگەن. شائىر ھاياتى ھادىسە بىلەن بەدىئىي پىكىرنىڭ ئوت-

تۇرىسىدا جانلاندۇرۇش ۋاستىسىدە گويا ھەقىقەتتەك غەيرىي تەبىئىي ئۇيغۇنلۇق ھاسىل قىلىپ، كىتابخانلاردا يەڭگىل، زەۋقلىق ھالەت ئويغاتقان. يەنە «بولغاي» رادىفلىق غەزەلدە شائىر «ھەر سەھەر گۈللەر ھۆسنىگە بۇلۇتلاردىن تامغىنى شەمنەم ئەمەس، بەلكى مېنىڭ بىچارە ھالىمغا ئېچىنىپ يىغلىغان پەرىشتىلەرنىڭ كۆز يېشى» دېگەن بەدىئىي پىكىرنى بۇ خىل سەنئەتتىن پايدىلىنىپ ئىپادىلىگەن:

چىمەنگە ھەر سەھەر تۆشكەن بۇلۇتلار ژالەسى ئەرمەس،
مېنىڭ ئاشۇفتە ھالىمغە مەلائىك يىغلاغان بولغاي.

كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە شائىرلار كۆپىنچە ھاياتى تەبىئىي ھادىسىلەر، ئۆسۈملۈكلەر، مېۋىلەر، مەدەنلەر، ئەنئەنىگە ئايلانغان بەدىئىي ئوبرازلار، دىنىي ۋە تارىخىي ئەپسانە قەھرىمانلىرى ۋە ئۇلارغا ئالاقىدار ۋەقەلەر ھەم ساماۋى مەۋجۇداتلار ھالىتىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش، جانلاندۇرۇش، تەلمىھ قىلىش ۋە ئىستىئارەلەش ئارقىلىق ئۇنى شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي غايەۋى پىكىرگە ماس غەيرىي تەبىئىي ئىزاھلاپ، ھەقىقەت بىلەن بەدىئىي سەۋەب ئوتتۇرىسىدىكى نامۇۋاپىقلىق ۋە مەنتىقىسىزلىك ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەردە يېڭىلىق، ئىبسىل ۋە بىتەكرار ھاياجان قوزغايدۇ.

**6. ئىستىئارە**

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «بىرەر نەرسىنى ۋاقىتىنچە ئامانەتكە ئالماق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ، ئەدەبىي ئەسەردە سۆزنى ئۆز مەنىسىدىن باشقا بىر مەنىدە، ئېنىق ئېيتقاندا، ئۇنى ھەقىقىي مەنىدە ئەمەس، بەلكى كۆچمە مەنىدە قوللىنىش سەنئىتىدىن ئىبارەت. لېكىن شۇ سۆزنىڭ ئەسلىي ۋە ئىستىئارە قىلىنغان ئىككى مەنىسى مەلۇم ئوخشاشلىققا ئاساسلانغان بولىدۇ. شۇ جەھەتتىن مەزكۇر سەنئەت كۆپ ۋاقىتلاردا ئوخشالغۇچىسى چۈشۈپ قالغان ئوخشىتىشقا يېقىنراق بولىدۇ. مەسىلەن، زەلىلىينىڭ «پەيدا» رادىفلىق 1 ـ مۇخەممەسىنىڭ:

يۈزۈڭ ۋەسفىدە ئەي گۈل كۈندە يۈز ساھىبى سۇخەن پەيدا

مىسراسىدىكى «گۈل» بىلەن شائىر ئەسلىي مەنىسىدىكى گۈلگە ئەمەس، بەلكى گۈلگە ئوخشاش گۈزەل مەھبۇبقا ۋە ئىنسانغا مۇراجىئەت قىلىپ ئىستىئارە سەنئىتى ھاسىل قىلغان. يەنە زەلىلىي شېئىرىيىتىدىكى «بۇلبۇل»، «ئەرغۇۋان» قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. ئادەتتە ئەدەبىياتشۇناسلىقتا ئىستىئارە ئوخشىتىشتىن كۈچلۈك سەنئەت ھېسابلىنىدۇ. شېئىرىيەت ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنىنى ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلغاچقا «ئەي گۈل كەبى گۈزەل مەھبۇب» دېگەن ئىپادىگە قارىغاندا «ئەي گۈل» ئىبارىسى تېخىمۇ يېقىملىق، تەسىرلىك ۋە كۈچلۈك جارانلايدۇ. مەزكۇر سۆز سەنئىتى تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئاددىي ۋە مۇرەككەپ ئىستىئارەدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. شائىر 115 ـ غەزىلىنىڭ:

گۈلى جەمالى ئىلاھىغە مەستى مۇستەغرەق،
چۇ بۇلبۇلىكى خەزاندەك بەسى خامۇش ئەردىم.

بېيىتىدا «ئىلاھ جامالى» ۋە دەرتمەن مەنىسىدىكى «خەزان» سۆزى ئارقىلىق ئاددىي ۋە مۇرەككەپ ئىستىئارە ھاسىل قىلىنغان. ئادەتتە خەلق دانىشمەنلىكىگە تەۋە «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر، ئايرىلغاننى ئېيىق» قاتارلىق تەمسىللەر مۇرەككەپ ئىستىئارەنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان.

زەلىلىي لىرىكىلىرىدا بىر تەرەپتىن ئېنىق نەرسە ۋە چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەرگە ئۇنىڭ بىلەن ئوخشىتىشلىق مۇناسىۋەت ھاسىل قىلغۇچى سۆزلەر قوشۇلۇپ ئىستىئارەۋى ئىپادە ھاسىل قىلىنسا (مەسىلەن: ھايات گۈلشىنى، مىژگان ئوقى دېگەندەك)، يەنە بىر تەرەپتىن مەۋھۇم چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەرگە ئېنىق نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرگۈچى ئىسىملار قوشۇلۇپ (مەسىلەن: ئىشق باھارى، ھايا بېغى دېگەندەك) ئىستىئارە ھاسىل قىلىنىدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ:

ئەي دەفتەرى جەمالىڭ تەفسىرى بىناھايات،
لەئلى لەبىڭدە زاھىرى لۇتف ھەدىس ـ ئايەت...

مەگەر شۇرى قىيامەت قامەتىڭنىڭ جىلۋەسىدىندۇر،
كى ھەريان ئاھىدىن چەكمىشكى كىم ئۇتلۇغ ئەلەم تەنھا...

ئاۋۋالقى بېيىتتىكى «جامالىڭ دەپتىرى» كېيىنكىسىدىكى «قىيامەت قامىتى» دېگەن بىرىكمىلەر يۇقىرىقى بايانلىرىمىزغا مىسال بولىدىغان ئىستىئارىلەردۇر.

**7. قايتارما كۆچەيتىش**

بىز ئەرەبچە «رۇژ» (قايتىش) مەنىسىدىكى مەزكۇر سەنئەتكە ئۇيغۇرچە شۇنداق ئىسىم قويدۇق. قايتارما كۆچەيتىش مەنىۋى سەنئەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ. شېئىرىيەتتە شائىرنىڭ ئالدىنقى مىسرا ياكى بېيىتتا ئىپادىلىگەن پىكرى، قوللانغان بەدىئىي تەسۋىرى ۋاستىلىرىدىن قايتقاندەك بولۇپ، كېيىنكى مىسرا ياكى بېيىتتا ئۇنىڭغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك مەزمۇن، شېئىرىي سەنئەتنى قوللىنىش ياكى ئالدىنقى پىكرىنى ئېنىقلاشتۇرۇش، تولدۇرۇش ئۇسۇلىدۇر. يازغۇچىلار ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ قايتارما كۆچەيتىشنىڭ ئۆلمەس ئابىدىلىرى يارىتىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى



مەن ئۆلسەم ئۆلۈكۈمنى تاغدا قويۇڭلار،
تاغ يولى يىراق بولسا، باغدا قويۇڭلار.
يۈزۈمنى قىبلە سايان ئاچىپ قويۇڭلار،
بېشىمغا بىر دەستە گۈل سانجىپ قويۇڭلار.

قايتارما كۈچەيتىش مۇرەككەپ سەنئەت بولۇپ، يىتۈك ئىجادكارلارنىڭ لىرو – ئېپىك ئەسەرلىرىدە كۆپرەك قوللىنىلغان. كىلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئەلشىر نەۋايىدىن كېيىن گەۋدىلىك بەدىئىي ماھارەتكە ئايلانغان. ئۇ ئاساسەن ئانا سەنئەتلەردىن ئوخشىتىش ۋە مۇبالىغىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. زەلىلىي قىرانلىق يىللىرىدا ئىجاد قىلغان «پەيدا» رادىفلىق يۇقىرى سەۋىيەلىك 2 – غەزىلىدە مەزكۇر سەنئەتنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك دىنى – تەسەۋۋۇرى، غايىسىنى ئالغا سۈرۈلگەن.

ۋۇجۇدۇم خىزمەنىدىن ھاسىل بىر دانەدۇر پەيدا،
ۋەلې ئۇل دانەدىن ئالەمدە يۈز ئەفسانەدۇر پەيدا.

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى بولغان «مەن ۋۇجۇد خامىنىدىكى بىر دانە ئۇرۇقتىن پەيدا بولغۇچىمەن» دېگەن پىكرنى ئالغا سۈرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىنسان «بىر تامچە سۇدىن يارالغان» دېگەن ھەقىقەتنىڭ شېئىرىي مىسرالىرىدىكى ئوبرازلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، بۇنداق ئادەتتىكىچە پىكرنى ئېيتىش شائىرنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر «ۋەلې» (ۋە لېكىن) ئىنكارى باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئۆز نىيىتىدىن چېكىنگەندەك بولىدۇ – دە، كېيىن ئۇ ئۆز تەسۋىرىگە يەنە قايتىپ ئۇنى يېڭى ئىدىيە بىلەن بېيىتىدۇ. نەتىجىدە مىسرالار ئوتتۇرىسىدىكى مەنىۋى ۋە مەنتىقى مۇناسىۋەت كۈچىيىدۇ. شۇنداق قىلىپ كېيىنكى مىسرادا شائىر مۇبالىغىنىڭ ۋاسىتىسىدە «ئاشۇ ئۇرۇقچىلىك تەندە ئالەم پەيدا، زەررىدىن قۇياش نامايان» دېگەن ھېكمەتلىك ۋە جەزىبىلىك پىكرنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. زەلىلىي يەنە تۆۋەندىكى رۇبائىيسىدا ئاۋۋال ئۆز پىكرىدىن ئىككى قېتىم چېكىنىپ مۇبالىغىلىك ئوخشىتىشقا، ئاندىن ئۆز تەسۋىرىدىن يەنە بىر يېنىپ رۇبائىينى بالداقمۇ – بالداق يۈكسەلگەن بەدىئىي پىكىر بىلەن تۈگەللەيدۇ.

نې مەرىفەتى خۇدا، نې ئۆزنى تانۇپ،
ئۆتتۇم بۇ جەھان ئىچىدە بىرنەچچە قونۇپ.
ھەي – ھەي، نې گۇناھكار زەلىلىدۇرمەن،
شەب مەست، سەھەر بەنگىۋۇ روزانە جۇنۇپ.

**8. مۇقابىل**

مۇقابىل مەنىۋى سەنئەتلەرنىڭ تەسىرلىك ۋە كەڭ قوللىنىلىدىغان تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەسىر ۋە نەزمىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئۇسۇل خەلىل ئىبنى ئەھمەدتىن باشلاپ كېيىنكى زامانغىچە يېزىلغان ئارۇز رىسالىلىرىدە «تازۇد» نامى بىلەن قوللىنىلغان. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەھمەد يۈگنەكىلەر ئەسەرلىرىدىكى ياز بىلەن قىشنىڭ مۇنازىرىسى، بىلىملىك ۋە بىلىمسىز كىشى ھەققىدىكى سېلىشتۇرمىلىق قاراشلىرىدا مۇقابىل سەنئىتىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. بۇنىڭدىن مەزكۇر سەنئەتنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتىدىكى يېتەكچى ئۇسۇللىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەلشىر نەۋائىينىڭ مەنىۋى قۇدرىتى ئارقىلىق غەزەل ۋە باشقا لىرىك ژانىرلارنىڭ يۈكسەك بەدىئىي نەمۇنىسى يارىتىلدى، شۇنىڭغا مۇناسىپ پوئېتىك ئۇسۇللار تەرەققىياتىدا يېڭى باسقۇچ شەكىللەندى. نەۋائىينىڭ تۆۋەندىكى مەسنەۋىيسى ئارقىلىق مۇقابىل سەنئىتى ھەققىدە ئېنىق تەسىراتقا ئىگە بولىمىز:

گاھى تاپتىم فەلەكتىن ناتىۋانلىغ،
گاھى كۆردۈم زاماندىن كامرانلىغ.

ۋەسى ئىسسىغ – ساۋۇغ كۆردۈم زاماندا،
ۋەسى ئاچچىغ – چۈچۈك تاپتىم جاھاندا.

دېمەك، مۇقابىلە «قارشى كېلىش» مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە شېئىر – بېيىتلىرىدا بىر – بىرىگە زىت چۈشەنچىلەرنى ئاڭلاتقۇچى سۆزلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ۋاسىتىسىدە بىر غايىۋى پىكرنى گەۋدىلىك، تەسىرلىك ئىپادىلەش سەنئىتىنى كۆرسىتىدۇ. نەۋايى ئىزىدىن كەلگەن ئۇيغۇر شائىرلىرىدا مەزكۇر سەنئەت ئەنئەنىسى داۋاملاشقان:

ئالىمنى زالىم ئەيلىدى، پاسسىقنى پەرسا،
رەددى قەبۇل بىرلە ئەجەب كارخانەدۇر.

زەلىلىينىڭ ئىشقى تەسەۋۋۇپ روھىتىكى «ھەر شۇئلەكى» سەترىلىك غەزىلىدىكى بۇ بېيىتنىڭ ئاۋۋالقى مىسراسىدا شائىر «ئالىم» بىلەن «زالىم»، «پاسسىق» بىلەن «پەرسا» قاتارلىق زىد مەنىلىك سۆزلەرنى قوللىنىپ، كېيىن گەپنى دۇنيادىن ئىبارەت بۇ كارخانىنىڭ قارىمۇقارشى ماھىيەتلىرىنىڭ مۇجەسسەمى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پەلسەپىۋى پىكىرگە يۆتكەپ، بۇنداق كونكرېت زىتلىق سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق ئۆزى ياشاۋاتقان زامان ناھەقچىلىقلىرى ئۈستىدىن مەسخىرىلىك كۈلگەن. ئۆز نۆۋىتىدە

شائىر بۇ يەردە شېئىرىي مىسرالاردا ماقال ـ تەمسىل كەلتۈرۈپ، بەدىئىي پىكىرنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلەشتىن ئىبارەت نەقىل سەنئىتىدىن پايدىلانغان. ئېنىقكى ئىككى خىل بەدىئىي ئۇسۇلنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر قۇر سەنئەت بۇيۇمى ئارقىلىق پۈتۈن بىر شېئىردا ئالتۇن ئۈزۈكتىكى ياقۇت كۆزدەك يارقىنلىق ھاسىل قىلىش زەلىلىيدەك ئاز ساندىكى ئامەتلىك شائىرلارغا مەنسۇپتۇر. ئېھتىمال ئەلىشىر نەۋائىيدىن كېيىن زەلىلىي پۈتۈن سۈرۈك نەچچە غەزىلىگە مەزكۇر سەنئەتنى تەدبىقلىغان شائىر بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن دىۋاندىكى «قىلۇرسەن» رادىفلىق 143 ـ غەزىلى مىسال بولالايدۇ:

كېتەر ئەيلەمەي مەدارا، نە ئىسكەندەرۇ دارا،
بىرىن ئەيلەپ ئاشكارا، بىرىنى نىھان قىلۇرسەن...

سالىبان جەھانغا تونىدىن، قارا پەردەئى تۇتۇندىن،
ياراتۇرغا ئاي ـ كۈندىن، نەئەجەپ قىران قىلۇرسەن.

شائىر غەزەلدە زىددىيەتلىك قۇتۇپلارنى بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە ئېلىپ كېلىش ئارقىلىق قايىللىقىنى ئاشقىنىڭ ياراتقۇچىنىڭ كارامىتىگە بولغان قايىللىقىنى ئىپادىلىگەن.

9. كىنايە

كىنايە «پىكىرنى يوشۇرۇن ئىپادە قىلماق» مەنىسىدىكى ئىبارە بولۇپ، بەزىدە «ھەم ھەقىقەت ھەم ماجاز مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان سۆز» مۇ دېيىلىدۇ. «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە «مەجاز» ـ «كۆچمە مەنىدىكى، كىنايىلىك، ھەقىقىي ئەمەس، ياسىما» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىزاھلانغان. زەلىلىينىڭ شەيخ ـ سوپىلارنىڭ رىياكارلىقىغا لەنەت ئوقۇپ، جەمئىيەتتىن ئادىل ۋە كەسكىن تەرتىپ تەلەپ قىلىش غايىسىدىكى بىر دىداكتىكىلىق تەسەۋۋۇپى غەزەلىدىن بىز بەدىئىياتنىڭ بۇ ئۇسۇلى ھەققىدە مەلۇم تەسىراتقا ئىگە بولىمىز:

ئەي زەلىلىي بۇ نىچۈك سۆزدۇر دىبان ئەيىب ئەتمەگىل،
جىلۋە بەرمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ مەجازى بولمىسا.

ئېنىقكى بېيىتتىكى «جىلۋە» ئەسلىدە «قۇياش نۇرى تەسىرىدىكى يېنىك چاقناش» قا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ يەردە ھەقىقەتتىن ئىبارەت مەۋھۇم چۈشەنچىنى ئىپادىلىگۈچى كۆچمە يەنى كىنايىلىك مەنىدە كەلگەن. دىۋاندىكى «ئەتتىم» رادىفلىق 114 ـ غەزىلىدىكى بىر شاھ بېيىت ھەققىدىمۇ ئوخشاش تەلقىن قىلىش مۇمكىن:

ئەشئارىم ئوقار بولسالڭ ئەي مۇددەئى پەرھىز ئەت،
كاغەز كۆرۈنۈر لېكىن شەمشەرگە غىلاپ ئەتتىم.

سوپىلارنىڭ «غىلاپقا قارىماي، خەنجەرگە قارا» دېگەن مەشھۇر ھېكمىتى بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى «شەكلىنى ئەمەس، مەزمۇن ماھىيەتنى بىل» دېگەنلىكتىن ئىبارەت. كېيىنكى مىسرادا شائىر نوقۇل كەسىپىنىڭ پىچاققا غىلاپ ياساش مەسىلىسىنى ئەمەس، بەلكى ئاددىي تېرە قاپچۇق ئۈتكۈر پولات خەنجەرنى يوشۇرۇنغاندەك «مېنىڭ شېئىرىي ھەقىقەتلىرىم ھەرىپلەر قاتلىرىدا پىنھاندۇر» دېگەن چوڭقۇر كىنايىلىك پىكىرنى ئىپادىلىگەن.

10. ئىقتىباس

بۇ كائىنات ئىچىدە زەررە ـ زەررە مەۋجۇت،
دىدىلەر: «ئەشھۇدۇ ئەن لائىلاھە ئىللەللاھ».

مانا بۇ زەلىلىينىڭ سادda پانتىزم ۋە «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» لۇق ئالەم قارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن غەزىلىدىكى بېيىت، ئۇنىڭدا شائىر دەل ئىقتىباس ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان.

«ئىقتىباس» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئىلىم ئۆزلەشتۈرۈش» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئىقتىباسلار ئايەت ۋە ھەدىسلەردىكى ئەرەبچە ئەسلىي مەتىنى ياكى ئۇلارنىڭ تەرجىمە ۋە مەزمۇنى ئارقىلىق قوللىنىلىدۇ. مەزكۇر ئۇسۇل ئەدەبىي ئىپادە ئۈچۈن بېزەك ئەمەس بەلكى، ئۇنى كۈچەيتىپ ئىپادىلەش ئۈچۈن ۋاستە ھېسابلىنىپ كەلگەن. ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئەھمەد يەسسەۋىي ھەتتا ئايەت، ھەدىسلەر مەزمۇنىنى شېئىرىي ھېكمەتلەشتۈرگەن مۇتەسسەۋۇپ شائىردۇر.

ئانالارنىڭ ئاياغى ئاستىدەدۇر،
رەۋزەئى جەننەتۇ جىنان باغى.
رەۋزە باغىن ۋىسالىن ئىستەر ئېسەڭ،
بول ئانانىڭ ئايغى تۇفراغى.

زەلىلىينىڭ «ئەيلەپ» رادىفلىق 7 ـ مۇخەممەسىنىڭ بىرىنچى كۇبلىتى مۇنداق:

جەفاۋۇ جەۋرۇ زۇلفۇڭ داغىدىن باغرىمنى قان ئەيلەپ،
تەنىمنى تەختۇ بەندۇ دەرد قىلدىڭ ناتەۋان ئەيلەپ،
سىرىشكىمدىن سەفى مىژگانلىرىمنى خۇن فىشان ئەيلەپ،
چېمەن سەيرىگە چىقتىڭ يۈز بىلەن زۇلفۇڭ ئەيان ئەيلەپ،
كەلامۇ ۋەززۇھا ۋەل لەيلىنىڭ شەرھىن بەيان ئەيلەپ.

uyghurkitap.com



شائىر مەخسۇس «ھەدىس» رادىفلىق بىر غەزەل يازغان، يەنە ئۇنىڭ 48 ـ، 76 ـ، 125 ـ، 149 ـ غەزەللىرىدە ۋە 9 ـ مۇخەممەسسىدە ماھارەتلىك ئىقتىباسلار بار.

**11. شەخسىي ئالماش**

بۇ سەنئەت «مىدىرلاش، قىمىرلاش» مەنىسىدىكى ئەرەبچە «ئىلتىفات» ئاتالغۇسى بىلەن ئاتالغان. لىرىك ۋە لىرو ـ ئېپىك شېئىرىيەتتە سۆزلىگۈچى شەخسنىڭ بىرىنچى شەخستىن ئىككىنچى شەخسكە، ئىككىنچىدىن بىرىنچى ياكى ئۈچىنچىگە، ئۈچىنچىدىن بىرىنچى ياكى ئىككىنچى شەخسكە ئالمىشىشى ۋە كۆچۈشىدىن ئىبارەت. ئەلشىر نەۋايىنىڭ مەشھۇر «كەلمەدى» رادىفلىق غەزىلىدە شۇنداق ھالەت سېزىلىدۇ. مۇھەممەت سىدىقنىڭ مۇھەببەت تىنىقىنىڭ تەپتى گۈپۈلدەپ تۇرىدىغان «ئۆزگىچە» رادىفلىق بەش بېيىتلىق غەزىلىنىڭ باشلانمىسى بولغان.

مەن قىلۇرمەن ھەر زامان ئەھدۇ ۋاپايى ئۆزگىچە،
سەن قىلۇرسەن جان ئارا جەۋرى جاپايى ئۆزگىچە.

دېگەن غەزەلدىكى لىرىك قەھرىماننىڭ ھالىتى، تۇيغۇلىرى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەخس نامىدا سۈرەتلەنگەن. مانا بۇ ئۇسۇل شەخسىي ئالماش سەنئىتىدىن ئىبارەت.

يەنە زەلىلىي دىۋانىدا دەسلەپكى بىرنەچچە بېيىتتا ئاشىقنىڭ مەنىۋى كەچۈرمىشلىرى بىرىنچى شەخس تەرىپىدىن بايان قىلىپ، ئاخىرقى قىسىملىرى تۆۋەندىكىدەك مەھبۇبقا، ساقىيغا ۋە شائىرنىڭ ئۆزىگە مۇراجىئەت تەرىقىسىدە توگەللىنىدىغان غەزەللەرمۇ ئۇچرايدۇ.

ئىرىكلىك جامىدىن ئىشرەت مەيىنى ئىچمەكىم مۇمكىن،
قوتۇلمايدۇر غەمىڭنىڭ لەشكەرىدىن بىر زامان كۆڭلۈم...

زەلىلىي ئۆزلۈكىمدىن تازە رەسۋا بولمادىم بىلمەي،
مېنى بەدنامۇ ئالەم ئەيلەگەن ئۇشبۇ يامان كۆڭلۈم.

**12. تەجنىس**

بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «ھەمجىنس» دېگەنلىك بولۇپ، شېئىرىي ـ بېيىتلاردا شەكلى بىر خىل ياكى شەكلى بىر ـ بىرىگە يېقىن، ئەمما مەنا جەھەتتىن ھەر خىل ئىككى سۆزنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ۋاستىسىدە مەلۇم پىكرى مەنزىرە ياكى ئوبرازنى تەسىرلىك ئىپادىلەش سەنئىتىدۇر. ئۇ لەۋزى سەنئەتلەر كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ. لۇتفىينىڭ:

ئولكىم كۆڭۈل ئالدى زۇلفى خالى،
كۆڭلۈدىن ئەمەس خەيالى خالى.

بېيىتىدىكى قاپىيەداش «خالى» سۆزلىرى شەكىلداشلىقى ئەمما مەنىسىنىڭ پەرقلىقلىقى بىلەن تەجنىس ھاسىل قىلغان. زەلىلىي ئىجادىدىمۇ مەزكۇر سەنئەتنىڭ خىلمۇ ـ خىل كۆرۈنۈشلىرى مەۋجۇت:

لەشكەرى غەم ئىلكىدىن پۈتكەن ئۇچۇن بەسى ئەلەم،
ھەر كېچە دۇدى ئاھىدىن چەكتى مۇسافىران ئەلەم.

شائىرنىڭ 112 ـ غەزىلىدىكى بۇ بېيىتتا كەلگەن ئەلەملەرنىڭ ئاۋۋالقىسى «دەرت»، كېيىنكىسى «تۇغ» مەنىسىدىدۇر. مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ سېھرى ۋە نازاكىتىنى نامايان قىلغۇچى نازۇك سۆز ئويۇنلىرىدىن بولغان بۇ سەنئەت دەسلەپ خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىدا بارلىققا كەلدى. كېيىن يازما ئەدەبىياتقا كۆچۈپ، تۇيۇقتىن ئىبارەت خاس ۋەزىننىڭ ژانىرنى بارلىققا كەلتۈردى. تۆۋەندە بىز زەلىلىي مۇسەممەتلىرىنىڭ بەدىئىيلىكىنى تەجنىسنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ چىقايلى.

**1) تولۇق تەجنىس**

بۇ ئىككى سۆزنىڭ سوزۇق، ئۈزۈك تاۋۇشلىرى، چېكىت ۋە ھەرپ گەۋدىلىرى جەھەتتىن تولۇق ئوخشاشلىق ھاسىل قىلىشىغا قارىتىلغان. زەلىلىينىڭ «قارا» رادىفلىق غەزىلىنىڭ باشلانمىسىمۇ شۇنداق يېزىلغان:

يۈزۈڭنى يۆركەگەچ ئول سۈنبۈلى سىياھ قارا،
سەھەر ستارەنى ئەيلەيدۇر دۇدى ئاھ قارا.

بېيىتتىن بىز بۇلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم «پېئىل» ۋە «سۈپەت» مەنىسىدە كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنداق ھالەت شائىرنىڭ ساقىينامىسىدە «ئالما» سۆزىگە كەلتۈرگەن تەجنىسىدىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

**2) مۇرەككەپ تەجنىس**

بۇ تولۇق تەجنىسنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئادەتتە مۇرەككەپ تەركىبلىك تەجنىس دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا شەكىلداش سۆزلەر (چىشلىرىڭدۇر، چىشلىرىڭ دۇر) دەك بىرى بىر سۆزدىن، باشقىسى ئىككى سۆزدىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن.

سەيياد مەن سۆزۈم چىن،
ئىلكىمدە ھەلقە چىن ـ چىن.

بېيىتتىكى جىنسداشلارنىڭ ھەر ئىككىسى سۈپەت بولۇپ، ئاۋۋالقىسى «راست»، كېيىنكىسى «بۇدۇر» مەنىسىدە كەلگەن. 18 ـ مۇخەممەستە بۇ ھالەت تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

**3) ئارتتۇرۇلغان تەجنىس**

تەجنىسنىڭ بۇ تۈرىدە شەكىل جەھەتتىن ئۆزئارا يېقىن

سۆزلەرنىڭ بىرىدە بىر - ئىككى ھەرىپ ئارتۇق بولىدۇ، شۇ ھەرىپلەر ئېلىۋېتىلسە، سۆزنىڭ قالغان قىسمى جىنسداش بولغان ئىككىنچى سۆزگە ھەر جەھەتتىن ماس كېلىدۇ. شائىر دىۋانىدىكى 21 - 33 - غەزەلنىڭ باشلانمىسى ئارتۇرۇلغان تەجنىسنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالىدۇر.

تاتىغ غەمنىڭ قىلماغۇنچە سىينە جەراھات،
كۆڭلۈمدە ئاچىلمايدۇ مىڭ بىر گۈلى راھەت.

ھەرھەندە ئىشكىگەدە سەھەرلەر قىلامەن داد،
دادىمغە قەنى يەتكەنىڭ ئەي زالىمۇ بىداد.

بىرىنچى بېيىتتىكى «جە»، ئىككىنچى بېيىتتىكى «بى» بوغۇملىرى تاشلىۋېتىلسە، شەكىلداشلىق ھالەت شەكىللىنىدۇ.

**4) تۇراقسىز تەجنىس**

ئەرەبچە «مۇزارىئى تەجنىس» دەپ ئاتالغان بۇ تۈر شەكىل جەھەتتىن يېقىن بولغان ئىككى سۆزنىڭ بېشى، ئوتتۇرىسى ياكى ئاخىرىدىكى بىر، بەزىدە ئىككى ھەرىپنىڭ ئۆزئارا پەرقلىنىپ، قالغان قىسمىنىڭ ھەمجىنسلىق ھاسىل قىلىشىغا قارىتىلغان.

كاشكى گۈلدەك يۈزۈڭنى كۆرمەگەي ئەردىم بۇگۈن،
بۇلبۇلى ئاشۇفتە ياڭلىغ كۈيمەگەي ئەردىم بۇگۈن.

زەلىلىينىڭ مەشھۇر «كاشكى» سەترىلىك غەزىلىنىڭ باشلانمىسى قىلىنغان بۇ ئارىيەدە «كۆرمەگەي»، «كۈيمەگەي» ئىچكى قاپىيەلىرى بىرىنچى بوغۇمنىڭ ئاخىرىدىكى «ر»، «ي» تاۋۇشلاردىكى پەرقتىن باشقا شەكىلداشلىق ھاسىل قىلغان.

**5) خەت تەجنىسى**

يېزىق تەجنىسى دەپمۇ ئاتىلىدىغان بۇ تۈر ئوخشاش گەۋدىلىك ھەرىپلەرنىڭ چېكىت پەرقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندىكى ماسلىقىغا ئاساسلانغان.

تەجەللىدىن كىشىكىم مۇ - بەمۇ ئەئزانى نۇر ئەيلەر،
يەدۇ بەيزا چىقارىپ ئاقىبەت كۆڭلىنى تۇر ئەيلەر.

زۇلۇڧۇ يۈزىنى سەنەم لەيلۇ نەھار ئەيلەمىش،
ھۆسنى گۈلىستانىنى تازە بەھار ئەيلەمىش.

پارچىلەردىكى «نۇر» بىلەن «تۇر»، «نەھار» بىلەن «بەھار» قاپىيەلىرى ھەرىپلەردىكى نۇقتىسىنىڭ ئاز - كۆپ ياكى ئاستى - ئۈستىگە قويۇلغانلىقى بىلەن تەجنىس ھاسىل قىلغان. شائىر لىرىكىسىدا تەجنىسنىڭ «راز زار، يا ئاي» تەرزىدىكى ئەكس تەجنىسلىك شەكلى بىلەن «دەشنام، ئارام رام» ئۇسلۇبىدىكى تەكرار تەجنىسلىك مۇرەككەپ شەكلى ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ.

**13. جىنسداشلىق**

ئەرەب تىلىدا «ئىيهام» دەپ ئاتالغان بۇ سۆز ماھارىتى «شۇبھىلەندۇرۇش، يېپىق سۆزلەش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. كىلاسسىك شېئىرىيەتتە شەكىل جەھەتتىن بىر خىل، ئەمما مەنا جەھەتتىن ھەر خىل بولغان جىنسداش سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنى شېئىردا قوللىنىش ئارقىلىق بىر بېيىتتا ئىككى تۈرلۈك مەنىنى ئىپادىلەيدىغان لەۋزى سەنئەت. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا مەزكۇر ئۇسۇل تەجنىسكە يېقىن.

تىلىمىزدىكى كۆپلىگەن سۆزلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنىنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن جىنسداشلىق سەنئىتى مۇشۇ خىل ئەۋزەللىككە ئاساسلانغان. ئەمما بەدىئىياتنىڭ بۇ ئۇسۇلىنى شائىر نەزمىدە ماھارەت بىلەن كەلتۈرۈپ مەقسەتلىك سۆز ئويۇنى قىلىشىمۇ ياكى شېئىرنىڭ ئايرىم مىسرا - بېيىتلىرى ئىجادكار تەرىپىدىن مەقسەتسىز شۇنداق يېزىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆتمۈش شائىرلار مەلۇم نازۇك پىكىرلەرنى يوشۇرۇن ئىپادىلەش مەقسىتىدە بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلانغان، شۇڭا شائىرنىڭ مەقسىتى جىنسداشلىقنىڭ يېپىق مەزمۇنىغا كۆپرەك مايىلدۇر. جامى ۋە نەۋايى قاتارلىق بۈيۈك سەنئەتكارلار ئىزىدىن كەلگەن زەلىلىينىڭ بەرىكەتلىك ئىجادىي مەقسىتى ماھارەت يېقىمىدىن جىنسداشلىق سەنئىتىدىن مۇستەسنا قالغان ئەمەس.

خەيلى خۇمار غەم بۇگۈن دەمبە دەم ئۆلتۈرۈر مېنى،
قول تۇتۇپ ئەي سۇراھى قەد سۇبھىدە سۇنماساڭ ئاياغ.

شائىرنىڭ 80 - غەزىلىدىكى بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدىكى «ئاياغ» بۇ يەردە «قەدەھ» مەنىسىدە كېلىپ، بېيىتنىڭ ئوچۇق مەنىسىنى ھاسىل قىلغان بولسا، «سۇنماساڭ ئاياغ» سۆز بىرىكمىسى «ئەي، جام قامەت - قولۇمنى تۇتۇپ تاڭ مەزگىلى پۇتۇڭنى سۇنغىن» دېگەن ئىككىنچى قاتلاملىق يېپىق مەزمۇننى ئىپادىلىگەن.

بەزىدە ئېنىق مەنانى ئىپادىلەيدىغان سۆز ئىككى تۈرلۈك چۈشەنچىگە ئالاقىدار بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ. بۇلاردىن بىر مەزمۇن كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇرغاندا، ئىككىنچى بىر مەزمۇننى ھاسىل قىلىش شائىر ۋە كىتابخان ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ.

بەھار ئەييامى سەرۋ بوستان چۈن سەبز پۇش ئولغاچ،
تۆكەر جان كۆزلەرىدىن قىرمىزى ياشنى قان كۆڭلۈم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

«كۆڭلۈم» رادىفلىق غەزىلىدىكى مەزكۇر بېيىتتا زەلىلىي «قان» سۆزى بىلەن ئاتىلىق ياكى ئاتالسىز ھالدا جىنسداشلىق سەنئەت شەكىللەندۈرگەن «قان كۆڭلۈم» بىرىكمىسى ئارقىلىق بىز بېيىتنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق ئوچۇق مەنىسىنى ھېس قىلساق، «قان» نى مىسرانىڭ ئاۋۋالقى بۆلىكىگە تەۋە قىلىش ئارقىلىق بىز بېيىتنىڭ «باھار پەسلى سىرۋ دەرىخىنىڭ يېشىللىقى ئۈچۈن ئۈستىباش بولدى، مېنىڭ كۆڭۈل كۆزلىرىمدىنمۇ (ھىجراندىن) قاندەك قىزىل ياشلار تۆكۈلدى» دېگەن پىنھان مەزمۇنىنى ئىدراكلىشىمىز مۇمكىن.

**14. تاناسىپ**

ئۆرتەنۈرمەن كېچەلەر ھەجرىڭدە ئەنداغكىم چەراغ،
رەۋشەن ئەيلە: رىشتە جىسمىمدۇر، كۆڭۈل ـ ئوت، ئەشك ـ ياغ.

نەۋايى قەلەمىگە مەنسۇپ بۇ بېيىتتا تۈننى يورۇتۇش ئىشىغا باغلىق كېچە، چىراغ، رىشتە، ئوت، ياغ سۆزلىرى بىلەن ھىجران ئىزتىرابلىرىغا ئالاقىدار ھىجر، كۆڭۈل، جىسىم، ئەشك ۋە ئۆرتەنمەك ئىبارىلىرى ئۆز ئارا باغلىنىپ، ئاشىقنىڭ ئىچكى ئالەمى تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن. سەككاكى، لۇتفىدەك ئۇيغۇر نەزمىسىنىڭ ساھىپقىرانلىرىمۇ تاناسىپ سەنئىتىنىڭ تەركىبىدە تەبىئىي ھاسىل بولىدىغان تەمسىل ۋە ئوخشىتىشلارنىڭ ياردىمىدە ئۆز غايىۋى پىكرىنى يارقىن ۋە ھاياجانلىق ئىپادىلىگەن. دېمەك، شېئىرىي بېيىتلىرىدا مەنا جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىن چۈشەنچىلەرنى بىلدۈرگۈچى سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ ۋاستىسىدە ئوبرازلىق ئىپادە، پوئېتىك مەنزىرە يارىتىش سەنئىتى تاناسىپ دەپ ئاتىلىدۇ. مۇھەممەت سىدىقنىڭ «كەلدىم» رادىفلىق تۇركۇم غەزەللىرىدە، بولۇپمۇ تەسەۋۋۇپى روھى پاكلىنىش غايىسىدىكى 127 ـ غەزىلىدە بۇنداق بېيىتلارنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىمىز.

**شىكەستە بەستەۋۇ سەرگەشتەۋۇ دىلخەستە ئەۋۋارە،**
**يۈزۈمنى سۈرتۇبان دەرگاھىغە بەس ناتەۋان كەلدىم...**

تەرەھھۇم كۆزىن ئاچقايلەر دېبان چەندان ئۈمىد ئەيلەپ،
**گۇناھكارۇ زەئىفۇ ئاجىزۇ بىخانۇمان كەلدىم...**

قارا خەت بىلەن كۆرسىتىلگەندىكىدەك، ھەر ئىككى بېيىتتا شائىر مەنە جەھەتتىن ئۆز ئارا يېقىن كېلىدىغان سۆزلەرنى جەملەپ، بىر يەردە قوللىنىش ئارقىلىق ئاشىق بىلەن مەشۇق مۇناسىۋەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلەشكە تىرىشقان. زەلىلىي لىرىكىسىدا يەنە ئىككى خىل چۈشەنچىگە دائىر سۆزلەرنى توپلاپ، بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم باغلىنىشلىق ئاساسەن ئۇلارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇش ۋە قارشى قويۇش ئارقىلىق ۋىسال دەردىدىكى ئاشىقنىڭ قايغۇلۇق ھالىتىمۇ سىزىلغان.

**نەۋايى نالەئى نەي بىرلە بىر دەم ھەم سۇرۇد ئولدۇم،**
**كى توفان سەرشكىم چەشمە ـ چەشمە بولدى رۇد ئولدۇم.**

بېيىتنىڭ ئاۋۋالقى مىسراسىدا مۇسىقىغا ئالاقىدار ناۋا، نالە، نەي، سۇرۇد قاتارلىقلار بىلەن ئاشىقنىڭ كۆز يېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك توپان، ياش، بۇلاق، ئېرىق سۆزلىرى توپلىنىپ، بۇلارنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن لىرىك قەھرىماننىڭ گۈزەل تەسۋىرى يارىتىلغان.

**15. ئۆزەكداشلىق**

ئىشتىقاق «سۆزدىن سۆز ھاسىل قىلىش» مەنىسىدىكى ئەرەبچە ئىبارە بولۇپ شائىر، يازغۇچىلارنىڭ مۇئەييەن غايىۋى ۋە بەدىئىي مەقسەت ئۈچۈن نەزىم ياكى نەسىردە ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن بىر ئۆزەكتىن كېلىپ چىققان سۆزلەرنى مۇئەييەن دائىرىدە (بېيىت ۋە جۈملىلەردە) ئىشلىتىش سەنئىتىدۇر. مەسىلەن، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ:

قىلسا زۇلۇم ئول زالىم ئەلنى قىلماغىل، يا رەب، زەبۇن،
چۈن تەزەللۇمدۇر ئىشىم، دائىم مەنى مەزلۇم قىل.

بېيىتنىڭ ھەر مىسراسىدىكى قارىدىتىپ كۆرسىتىلگەن سۆزلەر، زەلىلىينىڭ 37 ـ غەزىلىنىڭ:

مەن نەۋايى **نالەئى** نەيدىن ھۇزۇرى تاپمادىم،
ئەرغەنۇنى مەجلىسى ئوششاق خۇش ئاھەڭدۇر.

بېيىتىدىكى «نەۋايى»، «نالەئى» سۆزلىرى ئۆزەكداش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزەكداشلىق سەنئىتىگە تەۋە. بۇ ئۇسۇل ئاددىي سۆز ئويۇنى ئەمەس، بەلكى شېئىرىي نەپىسلىك ۋە مۇسىقىلىق يارىتىدىغان ۋاستە بولۇپ، نەۋايى غەزەللىرىدىكى قاتار بېيىتلارغا بۇ سەنئەتنى تەدبىقلاپ ئۇسلۇب ياراتقان. زەلىلىي غەزەللىرىدىمۇ ئەرەبچە، پارىسچە ۋە ئۇيغۇرچە ئۆزەكداش سۆزلەرنى ئىشلىتىپ جىنسداشلىق شەكىللەندۈرگەن بېيىتلار ئاز ئەمەس.

بۇ قۇلزۇم كارۋانى سەندەلى خۇشبۇي كەلتۈرمىش،
**ئانىڭ بۇيى دەۋايى دارۇيى ئەتتار بولغايمۇ؟**

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بەزىدە شېئىرىي مىسرالاردا بىر ئۆزەكدىن ھاسىل بولمىغان، لېكىن شەكلەن بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولۇپ كۆرۈنىدىغان سۆزلەرمۇ

ئۇچرايدۇ. بۇ مەزكۇر سەنئەتنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، جىنىسداشلىقتا ئوخشاشلىق دەپ ئاتىلىدۇ. شائىرنىڭ 44 ـ، 46 ـ، 155 ـ، 159 ـ غەزەللىرىدە بۇ خىل ھالەت كۆزگە چېلىقىدۇ. بولۇپمۇ «ئاشقان» رادىفلىق غەزىلىدىكى مۇنۇ بېيىت گەۋدىلىك:

ساھىبى دار ئولدى ئەلھەق كىم ئەنەل ھەق دەر مۇنۇز،
قەترەئى ئىچكەن بىلەن مەنسۇرى جامى ئاشقان.

بۇنىڭدىكى ئەلھەق «ھەقىقەتەن، توغرىسى» دېگەنلىك بولىدۇ. يۇقىرىقىدەك بەزى تەرەپلەر بۇ ئۇسۇلنىڭ ھەم مەنىۋى ھەم لەۋزى سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**16. ئىسىم قاتارلاش**

ئەرەبچە «تەدىل» يەنى «توغرىلىماق» مەنىسىدىكى بۇ سەنئەتكە بىز ئۇيغۇرچە شۇنداق ئىسىم قويدۇق. لۇتفى ۋە نەۋايى قاتارلىق كىلاسسىكلار شېئىرىي ئىجادىنىڭ رەڭگارەڭلىكىنى يارىتىشتا باشقا ئۇسۇللار بىلەن تەڭ ئىسىملارنى قاتارلاشتىنمۇ ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. دېمەك ئىسىملارنى قاتارلاش مىسرا ـ بېيىتلاردا ئات ـ ئىسىملارنى تەرتىپ بويىچە كەلتۈرۈش سەنئىتىدىن ئىبارەت.

**نە ھاجەت نالەئى نەي، يا رەبابۇ بەربەتۇ قالۇن،**
**سۇرۇدى ئەرغەنۇندىن شۇرىشى پەيماندۇر پەيدا.**

ئايانكى زەلىلىي دىۋانىدىكى «پەيدا» رادىفلىق 2 ـ غەزەلدىكى مەزكۇر بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا تۆت خىل مۇسىقا ئەسۋابىنىڭ ئىسمى قاتار كەلتۈرۈلگەن. بېيىتتا شائىر بۇ ئۇسۇلنىڭ ۋاستىسىدە لىرىك قەھرىمانىنى «ماڭا نەي، راۋاب، بەربىت ۋە قالۇنلارنىڭ ھاجىتى يوق، ئەرغۇنۇننىڭ كۈيى مەندە مەي زوقى پەيدا قىلىدۇ» دەپ سۆزلەتمىش ئارقىلىق ئۈزىنىڭ ئەرغۇنۇن ① كۈيىگە بولغان مەپتۇنكارلىق تەسىراتىنى نامايان قىلغان. زەلىلىينىڭ دىنى ـ تەسەۋۋۇپلۇق غايە ئاساس قىلىنغان «ئەتتىم» رادىفلىق 114 ـ ۋە «بۇگۇن» رادىفلىق 147 ـ غەزەللىرىدە ئىسىملارنى قاتارلاش سەنئىتى قوللىنىلغان بېيىتلار ئۇچرايدۇ.

**نە گىبر، نە تەرسا مەن، نە بەرەھمەنۇ، نە شەيخ،**
**ھەفتاد دۇ مىللەتتە بىر نۇقتە خىلاق ئەتتىم...**

**مەن غۇلامۇ مۇترىبۇ ساقىيۇ مەي ئەردىم بۇگۇن،**
**ھايھۇيى نالەدىن گوياكى نەي ئەردىم بۇگۇن...**

ئېنىقكى شائىر مىسرالارنىڭ بىرىدە ئىسىملەرنى قاتار كەلتۈرۈپ شېئىرىي ئوبراز ياراتقان بولسا، ئىككىنچىسىدە كۆڭۈلخۇشلۇق بەزمىسىدىكى مۇڭلۇق كەيپىياتنى ئىپادىلەپ، ئىسىملارنى قاتارلاش سەنئىتىدىن غەزەلدىكى بىر پۈتۈن غايىۋى ئىدىيەنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن پايدىلانغان.

**17. يىغىش**

بۇ ئۇسۇل كىلاسسىك بەدىئىياتتا «جەم» نامى بىلەن ئۇچرايدۇ. نەرسە ۋە چۈشەنچىلەرنى مەلۇم بەلگە بويىچە بېيىتقا يىغىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاساسىدا بىرەر ئوبرازلىق پىكىرنى ئىپادىلەش سەنئىتىدۇر. كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە كەڭ قوللىنىلغان ئۇشبۇ سەنئەت نەرسە ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ھەقىقىي ۋە مەجازىي، ئېنىق ۋە مەۋھۇمى مەنىلىرىنى نەزەردە تۇتىدۇ. يىغىش ياكى جەملەش ئۈچۈن ئاساس بولغان بەلگىلەر «يىغقۇچى» دەپ ئاتىلىدۇ. يىغقۇچى شېئىرى مىسرالاردا بەزىدە ئېنىق ۋە بەزىدە يوشۇرۇن ھالەتتە كۆرۈنۈشى مۇمكىن. زەلىلىينىڭ 80 ـ غەزىلىدىكى:

**شوخلۇقىدىن ئول سەنەم تۇرفە كەرەشمەلەر قىلۇر،**
**ھال، ياشىل قەبا كىيىپ قىرمىزى بۇتتەدىن تۇماغ.**

بېيىتنىڭ ئاۋۋالقى مىسراسىدىكى شوخلۇق ۋە كەرەشمە «قىلىق» بەلگىسى بويىچە كېيىنكى مىسرادىكى ھال، ياشىل ۋە قىرمىزى «رەڭ» بەلگىسى بويىچە توپلانغان بولۇپ، سەنەم ۋە قەبا (ئۈستى كىيىم) لار شۇ خىل خۇسۇسىيەتنىڭ ئىگىسى بولغان ـ يىغقۇچىدۇر. بېيىتتا يىغقۇچى ئوچۇق ھالەتتە كەلگەن. بەزىدە شائىر بۇ سەنئەتنى قوللانغاندا ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسلىنىپ گۈزەل ۋە ئوبرازلىق ئىپادە يارىتىدۇ.

**زۇلفۇ يۈزۈڭنى ئەي پەرى لەيلى نەھار ئوقۇپ،**
**شەھلا كۆزۈڭنى ئاھۇيى مەردۇم شىكار ئوقۇپ.**

زەلىلىينىڭ «ئوقۇپ» رادىفلىق غەزىلىنىڭ مەزكۇر باشلانمىسىدا، شائىر قاراچاچ بىلەن تۈننى، يۈز بىلەن كۈندۈزنى رەڭ بەلگىسى بويىچە جەملىگەن. يارنىڭ بۇلاقتەك كۆزىنى كىيىكنىڭ كۆزىگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن. بۇنىڭدىن زەلىلىينىڭ يىغىش سەنئىتىنى تەتقىق قىلغاندا ئوخشىتىشنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

يۇقىرىقى بېيىتلاردا كەلتۈرۈلگەن يىغىلغان نەرسە ۋە چۈشەنچىلەر ئېنىق، رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، شېئىرىيەتتە زۆرۈر تېپىلغاندا مەلۇم شەرتلىك بەلگىلەر ئا-

① ئورگانغا ئوخشايدىغان چالغۇ ئەسۋاب. شېئىرلىرىدىن قارىغاندا شائىر بۇ چالغۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساسىدا بەزىدە مەۋھۇم چۈشەنچىلەرنى توپلاش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلىدۇ. جۈملىدىن زەلىلىي قەلىمىگە مەنسۇپ 108 ـ غەزەلدىكى:

تەن ئۈيىنى فىسقى ئىسياندىن ئىمارەت قىلماغىل،
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە يەتكەي سەلى توفاندىن ئەجەل.

بېيىتتىدا «تەن ئۈيى» بىلەن ئىمارەت، كۆز يۇمۇپ ئېچىش بىلەن «ئەجەل توپانى» شەرتلىك ئوخشاشلىق بەلگىسى بويىچە يىغىلغان. جۈملىدىن «ھاياتلىق» بىلەن «ئەجەل توپانى» مۇبالىغىلىق يوسۇندا ئوخشىتىلىپ سېلىشتۇرۇلغان. بۇلاردىن باشقا يىغىش ئۇسۇلى داۋاملىق تەقسىم ۋە پەرقلەندۈرۈش سەنئەتلىرى بىلەن بىرگە قوللىنىلىپ يىغىش ۋە تەقسىم، يىغىش ۋە پەرقلەشتىن ئىبارەت يەنە ئىككى سەنئەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

**18. تەقسىم**

بۇ بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا تۆرلۈك بەلگىگە ئىگە بولغان نەرسە ياكى چۈشەنچىلەرنى توپلاپ، كېيىنكى مىسراسىدا ئۇلارنىڭ مەلۇم بەلگىلىرىگە ئاساسەن تەقسىملەش ئارقىلىق بەدىئىي پىكىر ۋە شېئىرىي ئوبراز يارىتىش سەنئىتىدۇر.

خەتىڭ بىلەن يۈزۈڭنى كاكۇلۇڭ سېنىڭ، ئەي جان،
بىرى بىنەفشە، بىرى ياسۇمەن، بىرى رەيھان.

بابۇر غەزەلىدىكى بۇ بېيىتنى تەكشۈرىدىغان بولساق، ئاۋۋالقى مىسرادا تىلغا ئېلىنغان مەشۇقنىڭ خېتى، يۈزى، كاكۇلى كېيىنكى مىسرادا شەكلى، بەلگىسى ۋە ئوخشاشلىقىغا ئاساسەن تەقسىملىنىپ، بۇ سەنئەتنىڭ ئۆلگىسىنى ياراتقان. گەرچە زەلىلىي لىرىك مىراسىدا بۇ سەنئەتنىڭ مۇكەممەل ئۆرنەكلىرىنى ھازىرچە ئۇچراتمىغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاددىي مىساللىرىنى تېپىش تەس ئەمەس.

ھاي ـ ھۇيى بۇ كېچە مەيخانىدىن كەم بولمادى،
بىر تەرەف پىرمۇغانۇ بىر تەرەف مەينۇشلەر.

شائىرنىڭ «تا كۆزۈمگە جىلۋەگەردۇر» سەترلىك غەزەلىدىكى مەزكۇر بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا گەرچە تۆرلۈك بەلگىگە ئىگە بىرنەچچە چۈشەنچە بابۇر بېيىتىدىكىدەك تەڭداش ھالەتتە ئەمەس، بەلكى بىرلا نەرسە كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى مىسرادا ئۇنىڭ بەلگە ـ ھالەتلىرى ئىزاھلانغان.

**19. پەرقلەش**

ئەرەبچە «تەفرىق» دەپ ئاتالغان بۇ ئۇسۇل تەسۋىرلەنمۇاتقان نەرسە ۋە چۈشەنچىلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش سەنئىتىدۇر. زەلىلىي شېئىرلىرىدىن زوقلانغىنىمىزدا ئۇنىڭ مەزكۇر ئۇسۇلغا كۆپ ئېتىبار قاراتقانلىقىنى سېزىمىز.

تۇبى قەددىڭ قاشىدەك بىر جىلۋەلىك دەرەختى،
ھۆسنۇڭ ھىكايەتىدە يۇسۇف سۆزى كىنايەت.

شائىر مەزكۇر بېيىتتا مەشۇقنىڭ قەددىنى «تۇبى» دەپ ئاتالغان جەننەت دەرىخىدىن، ئۇنىڭ جامالىنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆسنىدىن پەرقلەندۈرۈپ تەسۋىرلىگەن.

پەرقلەندۈرۈش سەنئىتىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئوخشالغۇچىنىڭ ئوخشىغۇچىدىن ھەر تەرەپلىمە ئۈستۈنلۈكى، تەسۋىردە ئوخشىغۇچىنىڭ چېنىپ قالىدىغانلىقى، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مەشۇق ئىزالىرىنىڭ گۈزەللىكى ئالدىدا كۈن، ئاي، قىزىلگۈل، سەرۋ ۋە ئۇنچە قاتارلىقلارنىڭ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى كۆپرەك تەرىپلىنىدۇ. زەلىلىينىڭ «پەيدا» رادىفلىق بىرىنچى مۇخەممىسىنىڭ تۇنجى بەندى ئارقىلىق بىز مەزكۇر پىكىرنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىمىز.

يۈزۈڭ ۋەسفىدە ئەي گۈل كۈندە يۈز ساھىبى سۇخەن پەيدا،
لەبىڭ نۇتقىدە ھەدسىز تۇتى شېكەر شىكەن پەيدا،
ۋۇجۇدۇم كەربەلايى ئىشقىدۇر خۇنى ھەسەن پەيدا،
ھىجاب ئالغىلى يۈزۈڭدىن ھەر دەمى بولغاندا مەن پەيدا،
سەھەر باشىدىن ئاياغىڭ خىرمەنى گۈلگۈل چىمەن پەيدا.

ئاۋۋالقى ئىككى مىسرادىن ئايانكى، مەشۇق يۈزىنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن بىر ئەمەس يۈز شېرىن سۆزلۈك ناتىق، لەبلىرىنىڭ تاتلىقلىقى ياكى شېرىن گەپلىرى ئۈچۈن سانسىز تۇتى تىللىرىدىن شېكەر ئاققۇزۇپ سايرايمىشكەن. دېمەك، بۇ يەردە شائىر يار جامالىنىڭ تەرىپى ۋە شېرىن سۆزلۈكلىكىنى سۆز ئۇستىلىرى ۋە خۇش ئاۋاز تۇتىدىن پەرقلەندۈرۈپ كۈچەيتىپ تەسۋىرلىگەن.

---

پايدىلانمىلار:

1. «زەلىلى دىۋانى» (ئىمىن تۇرسۇن نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى
2. نەۋايى: «خەزايىنۇل ـ مەئانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىل نەشرى
3. «ئىبراھىم مۇتىئى ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىل نەشرى
4. «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى
5. ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1190 ـ يىل نەشرى

تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت

# قەلەم ۋە ئەلەم ساھىبى شائىر ئەرشى

ھۆرمەتجان فىكرەت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 830049)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە خوجا جاھان ئەرشىنىڭ روھىيەتنى يۈكسەلدۈرۈپ، مىللەتنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئۆزىنى زىددىيەتلىك كۈرەشكە ئاتىغانلىقى ھەتتا ئۆز جەمەتى بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىپ ھەقىقەتنى ياقلىغانلىقى، شېئىرنى قورال قىلىپ، ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشقانلىقى، ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى؛ ئۇ ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرسىمۇ يەنىلا ئەدەبىياتتىن ۋاز كەچمەي، ئەدەبىيات ئاشنالىرىدىن بولغانلىقى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

**摘要**: 本文章讲述了维吾尔诗人和加加汗·艾尔西以伟大精神投身于拯救民族的斗争、以诗歌为武器、为维吾尔古典诗歌艺术作出了贡献。诗人虽然官位在身、但还是酷爱文学、他在维吾尔古典文学史上享有很高地位。

18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «خوجىلار دەۋرى» دىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ ھەم زىددىيەتلىك بىر دەۋردە، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ھاياتىدا داۋالغۇش بولغان، تۇراقسىزلىق ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ، ئەدەبىياتتا نىسپىي گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، نۇرغۇن ئەسىرلەر ۋە يۇقىرى ماھارەتلىك ئەدەبىيات قوشۇنى شەكىللەنگەنىدى. ئەدەبىياتنىڭ بۇنداق گۈللىنىشى مۇئەييەن ئەدەبىي مۇھىت ۋە سەنئەت ھامىيلىرىنىڭ جانپىدالىقى بىلەن بارلىققا كېلەتتى. مانا شۇ مۇرەككەپ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشى دەۋر زىددىيەتلىرىنىڭ تۈگۈنىدە تۇرىۋاتقانلىقىغا قارىماي ئەدەبىياتقا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئەلەم ۋە قەلەم ساھىبى، «ئەرشى» تەخەللۇسىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان، «خوجا جاھان» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان لىرىك شائىر خوجا جاھان ئەرشى (1685 ـ 1755) ئىدى.

شائىر خوجا جاھان ئەرشىنىڭ ھايات پائالىيىتى توغرىلىق «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تارىخى ھەمىدى»، «تارىخى نادىرىيە»، «شاھنامەئى تۈركىي» قاتارلىق كىتابلاردا بەزى مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ مۇھەممەد سادىق قەشقەرىينىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» بۇ جەھەتتىكى مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، شائىرنىڭ ئەسلىي ئىسمى خوجا ياقۇپ بولۇپ، «قارا تاغلىق» خوجىلارنىڭ باشچىسى دانىيال خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. «ئاق تاغلىق» خوجىلار جوڭغارلار ياردىمىدە ئۈستۈنلۈك قازانغاندىن كېيىن «قاراتاغلىقلار» ئۈستىدىن قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن «قارا تاغلىق» خوجىلار تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇئەيۇب بىلەن دانىيال خوجىلار كەشمىرگە چىقىپ كېتىدۇ. ئاپاق خوجا چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇلارنى قايتىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ، بىرنەچچە قېتىم مەكتۇپ ئەۋەتىدۇ. بۇ ئىككى خوجىمۇ قايتىپ كېلىشكە يولغا چىقىپ، گۇمىنىڭ سانجۇغا كېلىپ بولۇپمۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالمايدۇ، ئاخىرى ئۇلار ئاپاق خوجىدىن ئۆزىنىڭ مۆھرىنى بېسىپ خەت چىقارتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۆھۈرلۈك خەتنى ئېلىپمۇ خاتىرجەم بولالماي، شۇئەيۇب خوجا ئىنىسى دانىيال خوجىغا «ئەي ئىنىم خاجە دانىيال ھەرنىچچە ياركەندىغە قەدەم قويادۇرمىز، بىدىللىق، غەم ـ غۇسسە مەندىن ئەسلا بىر تەرەپ بولمايدۇ. بىر قەدەمنى ئىلگىرى قويسام، بىر قەدەمىم كېيىن تارتادۇر. بۇ مەكان كۆزۈمگە دەريايى خۇن، توفان، مۇسىبەت ۋە ماتەم كۆرۈنىدۇر. ئەگەرچە ئۆزەمنىڭ بارماقىنى راۋا كۆرسەم، سىزنىڭ بارمىقىڭىزنى ھەرگىز راۋا كۆرمەسمەن، نەسلىمىز مۇنقەتىئى بولمىغاي.①» دەپ، ئىنىسىنى بىر بۆلەك ئادەملىرى بىلەن ئارقىغا قايتۇرىۋېتىدۇ.

دانىيال خوجا قايتىپ كېتىپ خوجەنتكە ماكانلىشىدۇ. خوجا جاھان ئەرشى خوجەنتتە دۇنياغا كەلگەن ئىدى. 1690 ـ يىلى «قارا تاغلىق» خوجىلارغا مايىل ئاقباشخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، «ئاق تاغلىقلار» غا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن «قارا تاغلىقلار» نىڭ سەرسان بولۇپ يۈرگەن باشچىسى دانىيال خوجىغا يەركەنگە كېلىش توغرىلىق مەكتۇپ يوللايدۇ. «ھەزرەتى خاجە دانىيال خاجەم پادىشاھغە نامە ئىبەردى مەزمۇنى نامە ئۇلكى: «بىزنىڭ ئاتا ـ ئەجدادىمىز سىزلەرنىڭ ئاتا ـ ئەجدادلەرىغە ئىرادەت قىلىپ، دۇئالەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

نىڭ بەركاتىدىن مەكاندارلىق قىلىپ ئىكەنلەر. ھالا بىزنىڭ
ۋاقتىمىزدا سىزلەر ئەلبەتتە بۇ دىيارلەرغە كېلىپ
گۇمراھلارنى ھىدايەت قىلغايلەر.» ②

دانىيال خوجىنىڭ ئاقباشخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن يۇتۇن
ئائىلە ـ تاۋابىئاتى بىلەن يەركەنگە قايتىپ كەلگەنلىكى،
ئەمەلىيەتتە «ئاق تاغلىقلار» ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلى-
شىپ، خوجا دانىيال باشچىلىقىدىكى «قاراتاغلىقلار» نىڭ
ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈشكە قاراپ ماڭغانلىقىدىن دېرەك
بېرەتتى.

شۇنداق قىلىپ، قارانچۇق ئورنىدىكى بۇ ھۆكۈمرانلىق
ھوقۇقى X Ⅷ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «قاراتاغلىقلار» نىڭ
قولىغا ئۆتكەنىدى. سىۋان ئارابىدە جەنۇبقا يۇرۇش قىلىپ،
دانىيال خوجا بىلەن «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ باشچىسى
ئەھمەد خوجىنى ئۆزى بىلەن بىرگە بورۇم ئورنىدا ئىلىغا
ئېلىپ كېتىدۇ. سېۋىن ئارابىدە ئىككى گورۇھ خوجىلار-
نىڭ باشچىلىرىنى ئىلىغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، «ئاق
تاغلىقلار» نىڭ باشچىسى خوجا ئەھمەدنى تاكى ئۆزى چىڭ
سۇلالىسىدىن مەغلۇب بولغانغا قەدەر نەزەربەند ئاستىدا تۇ-
تۇپ تۇرغان. لېكىن، «قارا تاغلىقلار» نىڭ باشچىسى دانى-
يال خوجىنى ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى
1720 ـ يىلى سىياسىي تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
يەنە يەركەنتنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ.③

دانىيال خوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن (1735ـ يىلى)
ئۇنىڭ يەكەندىكى ھۆكۈمدارلىق ئورنىغا چوڭ ئوغلى خوجا
ياقۇپ ۋارىسلىق قىلىدۇ. خوجا ياقۇپ ئۆز زامانىسىنىڭ
مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغان خوجەنت، يەركەندلەردى-
كى مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەب، فارس
تىللىرىنى، شەرق ئەدەبىياتى ۋە باشقا ئىسلامى ئىلىملەرنى
پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، بەدىئىي ئىجادىيەتتە «ئەرشى» تەخەل-
لۇسى بىلەن غەزەللەر پۈتۈپ تونۇلغان، زامانىسىنىڭ ئال-
دىنقى قاتارىدىكى ئالىم ۋە شائىرى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ
ئەسلىدىكى «خوجا ياقۇپ» دېگەن ئىسمى ئۇنتۇلۇپ، «زاما-
نىسىنىڭ خوجىسى» دېگەن مەنىدە «خاجەئى جەھان» (خوجا
جاھان) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ۋە ئالىملار قەيد
قىلغىنىدەك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ھامىيسى بولۇپ مەيدانغا
چىققانىدى.④

خوجا جاھان دەۋرىدە بىر قاتار ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي
ئىلگىرىلەشلەر مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇ ھەقتە موللامۇسا
سايرامى «بۇ خوجامنىڭ دەۋرىدە تولا ئوبدانلىق بولدى.
«سىيەر شېرىف» (خۇراسانلىق ئالىم مەۋلانا مۇئىنىددىن-
نىڭ كىتابى) خوجا ئابدۇللانىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۇھەم-
مەت رەھىم تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.
دەپ يازغان. خوجا ياقۇپ خوجا جاھان ئەرشى تەخمىنەن
50 ـ 51 ياشلارغا كەلگەندە 1736 ـ يىلى ھاكىمىيەت بې-
شىغا چىقتى. ئۇ ھۆكۈمرانلىقتا تۇرغان يىگىرمە يىللىق
تارىخىي مەزگىلدە «ئالتىشەھەر» ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىر-
قەدەر تىنچ گۈللەنگەن دەۋر بولدى. مۇھەممەت سادىق قەش-
قەرى خوجا جاھاننىڭ يەركەندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى «بەزد-
لەر سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا مىرزىنىڭ ۋاقتىغە تەشبىھ
قىلۇر (ئوخشىتار) ئەردىلەر، ھەممە ئالىم ئەمەلدار ئىدى-
لەر» دەپ يازغان ⑤.

بۇ زاماندا سۇ قۇرۇلۇشى، تېرىقچىلىق ئىشلىرى يۈك-
سىلىپلا قالماي يەنە قاتناش، لەنگەر قۇرۇلۇشلىرى ياخ-
شىلانغان. «ئاق مەدرىس (مەدرىسەئى خامۇش) بىنا قىلىن-
غان. بۇ دەۋردە ئەرشى، فۇتۇھى، خامۇش ئاخۇن يەركەندى
قاتارلىق خان جەمەتى ئەدىپلىرىدىن باشقا يەنە مىرھالىدىن
يەركەندى، ئۇلۇغ ئەزەم، نىيازى، قاسىمى، موللاھاجى، زەي-
نىددىن مۇھەممەد ئىمىن سەدرى قەشقەرى، موللا مۇھەممەت
تۆمۈر قەشقەرى، مىرفازىل، مۇھەممەت سىددىق ئارتۇشى،
مۇھەممەت سىدىق رۇشدى، ئۆمەر باقى، رەھىم باقى يەر-
كەندى، شائىر ئاخۇن، ئىبراھىم مەشھۇرى قاتارلىق ئەدىپ
ۋە تەرجىمىشۇناسلارنىڭ ياشىغانلىقى مەلۇم. مۇھەممەتئى-
مىن خوجامقۇلى ھىرقەتى (گۇمنام)، مۇھەممەت بىن ئاب-
دۇللا خاراباتى، مۇھەممەت سىددىق زەلىلى قاتارلىق ئەدىپ-
لەرنىڭ ئاخىرقى ھاياتى دانىيال خوجا ۋە خوجا جاھان دەۋ-
رىدە ئۆتكەن ئىدى. نەۋبەتى ۋە سەلاھى خوجا جاھان ئەرشى
دەۋرىدە ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان.

بۇ زاماندا روياپقا چىققان مەشھۇر ئەسەرلەر جۈملىسىگە
تۆۋەندىكىلەرنى كىرگۈزۈش مۇمكىن: موللا خامۇش يەر-
كەندى مەشھۇر فارس شائىرى فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە»
داستانىنى «شاھنامەئى توركىي» نامى بىلەن ئۇيغۇرچە
نەسرىيلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلغان. مۇھەممەت تۆمۈر قەش-
قەرى «كېلىلە ۋە دىمنە» نى «ئاسار ئىمامىيە» نامىدا شې-
ئىرىي ھېكمەت دۇردانىلىرى بىلەن بېزەپ تەرجىمە قى-
لىپ، قايتا ئىشلەپ چىققان؛ مىرفازىل مىرخاندنىڭ «تارى-
خىي خاۋەند شاھ» ناملىق كىتابىنى، مۇھەممەت سىدىق
رۇشدى «قابۇسنامە» نى «سىددىقنامە» دېگەن نام بىلەن
ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «تەزكى-
رەئىي بۇغراخان». «تەزكىرەئىي ئارسلانخان»، «تەزكىرەئىي
تۆرت ئىمام زەبىھۇللا» قاتارلىق تەزكىرىلەر، «دۇرۇل ئەخ-
بار» (زەينىددىن مۇھەممەت ئىمىن سەدرى قەشقەرىينىڭ)،
«ئىسلامنامە» (شارئى ئاخۇننىڭ)، «تارىخىي كاشغەر» قا-
تارلىق يىرىك ئەسەرلەر ۋە كۆپلىگەن شېئىرىي دىۋانلار
مەيدانغا كەلگەن. مۇھەممەت سادىق كاشغەرىي قاتارلىق
كۆپلىگەن ئىلغار پىكىرلىك ئەدىپلەر شۇ دەۋر تەسىرىدە
ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى.

خوجا ياقۇپ، يەنى خوجا جاھان ئەرشى جوڭغار خانى
غالدان سىرىن ئۆلگەندىن كېيىن تامامەن مۇستەقىل بو-

لۇۋالغانىدى. بۇ ئىش خوجا يەھيانىڭ ئىنىسى خوجا يۈسۈپنىڭ ئىلىغا ئولپان تۆلىگىلى چىقىپ، ھىيلە بىلەن ئۇ يەردىكى بارىمتاي شاھزادىلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ مۇزاتتىن ئۆتۈشى بىلەن تەڭلا باشلانغانىدى.

جۇڭغارلار ئۇچتۇرپان بېگى خوجەسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئالتىشەھەرنى قايتا قولغا ئېلىش ئۈچۈن، ئىلىدا تۇغۇلغان ئافاق خوجا نەۋرىلىرى (ئەھمەد خوجا ئوغۇللىرى) بورھانىدىن خوجا بىلەن خوجاخاننى تۇتقۇندىن بوشىتىپ، جۇڭغار قوشۇنلىرىغا يول باشلىغۇچى قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغدا قەشقەر ھاكىمى خوجا يۈسۈپ ئېغىر كېسەل ئىدى. شۇڭا بورھانىدىن باشچىلىقىدىكى جۇڭغار قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىغا قوشۇن ئەۋەتىشكە قوشۇلمايدۇ. خوجا جاھانمۇ ئۇنىڭ پىكرىنى قوللايدۇ. لېكىن ئوغۇللىرى لەشكەر تارتىپ بېرىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا ئاخىرى ئوغلى خوجا يەھيا باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىدۇ. ئەمما بۇنى خوجا يۈسۈپكە ئۇقتۇرمايدۇ. مۇشۇ پاراكەندىچىلىكلەر ئىچىدە يۈسۈپ خوجا ئۆلۈپ كېتىدۇ. بەگ - ئەمەلدارلار ئۇنىڭ ئوغلى خوجا ئابدۇللانى قەشقەر تەختىدە ئولتۇرغۇزىدۇ.

بورھانىدىن خوجا باشلاپ كېلىۋاتقان قوشۇنغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بارغان خوجا يەھيا ۋە خوجا مۆمىنلەر قول ئاستىدىكىلەرنىڭ پاتپاراق بولۇپ، ئاسىيلىق قىلىشى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ قەشقەرگە چېكىنىدۇ. بورھانىدىن خوجاجىق لەشكەر بىلەن كەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئامورسانانىڭ زور قوشۇن بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى پەش قىلىپ، ئارىنى بۆلۈپ دېگەندەك ۋاستىلەر بىلەن ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئۇزۇندىن بېرى باش كۆتۈرەلمەي ياتقان «ئاق تاغلىقلار» ئۇۋۇلىرىدىن قوزغىلىپ قوتراشقا باشلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بورھانىدىن خوجا ئۆز تەرىپىگە ئۆتكەن قىرغىز سەركەردىلىرىدىن قۇباتنى قەشقەرگە ھاكىم قىلىپ قويۇپ، پايتەخت يەركەننى ئىشغال قىلىشقا يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇلار يەركەننىڭ شەھەر ئىچىگە كىرەلمەي شەھەر سىرتىدا تۇرۇپ، يەركەننى ئىشغال قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەيدۇ. ئالدىنقى قېتىم ساتقىنلىق قىلغان ھاكىم غازىبەگ، ئىشىك ئاغىنىسى نىياز بەگلەرنىڭ يەنە ئاسىيلىق قىلىپ، ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشى بىلەن ئاخىرى يەركەننىمۇ بويسۇندۇرىدۇ. ھەم ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان خوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى شائىر خوجا سىدىق فۇتۇھى باشچىلىقىدىكى «قارا تاغلىق» خوجىلارنى ۋەھشىيلەرچە قىيناپ ئۆلتۈرىدۇ.

بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى زور پاجىئە ئىدى. بۇنى چەت ئەل ئالىملىرى ئافاق خوجا ئەۋلادلىرى ئېلىپ بارغان ئۈچ چوڭ قانلىق پاجىئەنىڭ بىرى، دەپ قاراشتى. بۇلار: ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى بىۋاسىتە ئېلىپ بارغان 1678 - 1679 - يىللاردىكى قانلىق قىرغىنچىلىق؛ بورھانىدىن خوجا ئېلىپ بارغان 1755 - يىلىدىكى قىرغىنچىلىق؛ بورھانىدىن خوجىنىڭ نەۋرىسى باھاۋىدىن خوجىنىڭ ئوغلى ۋەلىخان تۆرە (1821 - 1865) نىڭ 1857 - يىلى تۆت جايغا كاللا مۇنارى تىكلىگەن قانلىق قىرغىنچىلىقتىن ئىبارەت.

شائىر ئەرشى ۋە فۇتۇھىلارنىڭ ھاياتى، ئىككى گۇرۇھ خوجىلارنىڭ جاڭجاللىرى ئىچىدە، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ قولىدا مانا شۇنداق پاجىئەلىك ئاياغلاشتى. ئەرشىنىڭ ئىجادىيىتى قاچان باشلانغانلىقى ۋە قانچىلىك ئەسەر قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ پەقەت «ئەرشى» تەخەللۇسىدىكى بىر قوليازما دىۋانى بىزگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، دىۋاننىڭ بۇ قوليازما نۇسخىسىغا دىۋان تەرتىپى بويىچە ئەرشىنىڭ توقسان غەزىلى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دىۋاندا سەككىز رۇبائىي، بىر ساقىينامە، ئالتە مۇخەممەس، ئىككى مۇسەممەن، ئۈچ مۇھەببەتنامە، بىر مۇستەزاد بار. بۇلاردىنمۇ شائىر ئەرشىنىڭ كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى تۈرلۈك ژانىرلىرىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئەرشى غەزەللىرىدىن نەمۇنىلەر دەسلەپ «بۇلاق» نىڭ 1989 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. كېيىن مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇننىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1995 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئايرىم كىتاب شەكلىدە نەشر قىلىندى. بىز تەتقىقاتىمىزدا ئەرشى دىۋانىنىڭ مانا شۇ نەشرىدىن پايدىلاندۇق.

ئەرشى شېئىرلىرى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئوبرازلارغا بايلىقى، تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى، ھېسسىياتىنىڭ قويۇقلۇقى، تىلىنىڭ راۋانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شائىر شېئىرلىرى ئەرشىنىڭ ئىنسانپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، ئىلىمپەرۋەر قاراشلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيەۋى مەنبەلىرىنى، ئەرشىنىڭ شېئىرىي ماھارىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ بىرىنچى قول مەنبەلىرى ھېسابلىنىدۇ.

شائىر ئىجادىيىتىدە بۈيۈك ئۇستاز ئەلشىر نەۋائىينىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، شائىر شېئىرىيەتتە نەۋائىينى ئۇستاز تۇتۇپ، نەۋائىي ئىزىدىن ماڭغان. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرىيىتىدە مەيلى شەكلى ياكى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن نەۋائىي تەسىرى روشەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. شائىر دىۋانغا قارايدىغان بولساق، دىۋاندىكى بىرىنچى غەزەل نەۋائىينىڭ «خەزايىنۇل مەئانى» دىۋانىنىڭ باشلىنىش غەزىلى بولغان.

www.uyghurkitap.com

ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىل كەئسى ئەنۋارۇل ھۇدا،
يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سادا.

مەتلەئى بىلەن باشلىنىدىغان غەزەلگە تەتەببۇ تەرزىدە يېزىلغان بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر شۇ غەزەل ۋەزنى ۋە قاپىيەسىنى دورىغان ئىدى.

ئەتلەئەت مىن جەبھەتىس ـ ساقى تەجەللىيۇل ـ ھۇدا،
مۇرشىدى ئەھلى ھەقىقەت ۋەجھ ئەيلەر ئىقتىدا.
ئوخشاماس كەئسىفە شەمسۇ كەيفىگە فەيزى مەسىھ.
لامەكان سەير ئۇلغۇسى بۇ نەشئەدىن تاتىغان گەدا.
غەم غۇبارى مەي خۇمارىدىن كۆڭۈل كۆزگۈسىدە،
ساقىيا، بىر جۇرئەت تۇت ئانداغكى يوقتۇر غەمزىدا.
بادە زورىدىندۇر ئەل ئىچرە بەسى ئۇتلۇق فىغان،
يوقسە مەي گەر ئەرغەنۇن قاندىن چېكەر تۈرلۈك سەدا.
قەترە ـ قەترە يەرگە تۆككەچ جۇرئەسىن مەيخارەلەر،
بولسە يۈز جان ھەر بىرىنى بىرگە ئەيلەر يۈز فىدا.
ساقىيا، مەي تەشنەسى مەندىن بۆلەك كىمدۇر بۇدەم،
مەي تەمامىن مەندە سىپقار، مەندىن ئەتكىل ئىبتىدا.
زەر قىزى كەيفىيەتى سەندەكلەردىن مەستۇردۇر.
بىلمەي ئەسرارىن نېچۈك نەفسنى قىلغۇڭ زاھىدا.
جامۇ مەي ئىسمىن جۇدا زىكر ئەيلەمەك مەرغۇپ ئەمەس،
زىكرىنى ئەيلەر كىشى بىر ھەرف بىلە قىلغاي ئەدا.
مەھۇ مۇتلەق بولسا ئانداغ بادە زورىدىن ئىرىپ،
قايدا قالسۇن بۇ كۆڭۈل جامىدا نەقشى مەئادا.
ئەرشىيا مەي ئىچ دەما ـ دەم، قىلماغىل تەئخىركىم،
«ئىشرەبۇ يائەييۇھەل ـ ئەتشان» كېلۇر ھەر دەم نىدا.

شائىر ئۆزى ئەگەشكەن، ئۇستاز تۇتقان نەۋايىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى يۈزىسىدىن دىۋانىنى مانا شۇ نەۋايى ئۇسلۇبىدىكى غەزەل بىلەن باشلىغانىدى. شائىر دىۋانىدا نەۋايىنىڭ نامىنى كۆپ تىلغا ئالىدۇ. نەۋايىنىڭ روھىدىن ئىلھام تىلەيدۇ:

بىنەۋا ئەرشى تىلەر روھى نەۋايىدىن فۇتۇھ
مۇرغىزارى نەزم ئارا مۇرغى خۇش ئەلھانىن كۆرۈپ.

ئۆزىنىڭمۇ شېئىرىيەتتە نەۋايى يولىدىن مېڭىش ئىستىكىنى ئىزھار قىلىپ شۇنداق يازىدۇ:

چەك ئىمدى، ئەرشىيا، تۈرلۈك نەۋانى،
نەۋايى سەۋتىدە چەكسەڭ نەۋا بەس.

شائىرنىڭ دىۋانىدا نەۋايىنىڭ نامى 7 ـ 8 يەردە ئۇچرايدۇ. ھەتتا بەزى غەزەللەرنى نەۋايىنىڭ رادىپلىرىدا يازغانلىقىنى ئەسلىتىپ شۇنداق دەيدۇ:

ئەرشىيا، گەرچە نەۋايى ھەم ئەسىر بولمىش ئىكەن،
بولماغاي مۇنداغ ئانى دىۋانەۋار ئەتكەن يىگىت.

ئۆزىنى ھەرۋاقىت نەۋايى پېشىنى چىڭ تۇتۇشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ:

ئەرشى ئول دامەن نەھەد تۇتغىل نەۋايى دامەنىن،
نەيلەگۈڭ ناياب ئىش ئىستەپ ئۆزگە بۇھتان ئەيلەبان.

نەۋايىنىڭ شېئىرىيەت ئاسمىنىنىڭ قۇياشى ئىكەنلىكى ئۇنىڭ شۆھرىتىگە يەتمەك ئاسان ئەمەسلىكىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ھېس قىلىپ تۇرغان شائىر، شېئىرىيەت پادىشاھلىقىدا نەۋايى شاھ بولسىمۇ، ئەرشىمۇ بۇ مەملىكەتتە ئۆزىگە يارىشا ئورۇنغا ئىگە دەپ، ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ قىممىتىگە بولغان ئىشەنچىنى بايان قىلىدۇ:

نەۋايىدەك نىشانە ئورنىغە باشىن تۇتار ئەرشى،
ئەگەر ئىشقىڭ ھەۋاسىدىن ياغار ھەر ژالە تاش ئولسۇن.

شائىر بەزىدە ئۆزىنىڭ ھاللىرىنى خۇددى ئەتتار، نەۋايىلارغا ئوخشاش مەجازى يول بىلەن قۇش تىلى ئارقىلىق بايان قىلغۇسى كېلىدۇ:

سايراساڭ كويىدا بىھەد قىلماغىلى ئاندىن سەرىھ،
ئەرشى، ئەرزىڭ قۇش تىلى ئىلە ئەيلەسەڭ ئىزھار بەس.

بۇنىڭغا ئوخشاش مىسرالار بىزگە ئەرشى ئىجادىيىتىدە ئەلشىر نەۋايى ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىرى قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىش بىلەن بىرگە يەنە نەۋايىنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات، جۈملىدىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئورنى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا نەۋايى قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، بىر قىسىم ئىجادكارلار شائىر ئەسەرلىرىنى تەسرىيلەشتۈرۈش، شەرھلەش يولى بىلەن يانداشقان بولسا، يەنە بىر قىسىم شائىرلار ئىجادىيەتتە نەۋايى تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش، تەقلىد قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش، پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى ئۆستۈرگەنىدى. مەشھۇرى، زەلىلى، گۇمنام، ئەرشى، فۇتۇھى ئىجادىيەتلىرىدىن بىز بۇنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

ئەرشىي ئۆزى «قارا تاغلىق» خوجىلارنىڭ ۋەكىلى سىۋپىتىدە ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان شائىر بولغانلىقى ئۇ-

چۈن، باشقىچە ئېيتقاندا، شائىر ھاياتى تەسەۋۋۇپ ۋە تەردىقەتلەر بىلەن بىۋاسىتە باغلانغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ تەسەۋۋۇپى خاھىش، بولۇپمۇ ئىلاھىي ئىشىق مەزمۇنلىرى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا شائىرنىڭ دىۋانىدىكى بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن بىرىنچى غەزەلدىلا «ئەھلى ھەقىقەت، مۇرشىد، لامەكان، مەي خۇمارى، ساقىي، بادە (مەي)، مەيخارە، جام» قاتارلىق بىرمۇنچە تەسەۋۋۇپى ئوبراز ۋە ئىستىلاھلار ئۇچرايدۇ.

شائىر شېئىرلىرىنىڭ يېتەكچى تېمىسى ئىشق – مۇھەببەت بولۇپ، مىسرالىرىدىن ئىشق يالقۇنى ئۇچقۇنداپ تۇرىدۇ:

لەبىڭ يادىدا تۆككەن قان ياشىمدۇر كىم شەھدى ئىشق،
تەمەننا ئەيلەگۈم، «يالەيتەنە كۇنتۇ تۇراب» ئەيلەب.
ئاياغىڭ رەخشىنى فىرخۇندە ئۆزرە كۆزلەرىم سۈرتۈپ،
ھەياتى تازە تاپمىش نۇشىدىن سامى گۇلاب ئەيلەب.

ئەرشى شېئىرىيىتىدىمۇ خۇددى باشقا مۇتەسەۋۋۇپ شائىرلار كەبى ئىنسانىي ئىشق بىلەن ئىلاھىي ئىشق گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چەك – چېگرا قويۇش ئاجرىتىش قىيىن. مۇتەسەۋۋۇپ شائىرلار ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە ئىنسان گۈزەللىكىدە ھەق جامالىنى تاماشا قىلىش، مەجاز يولى بىلەن ھەقىقەت ئەسرارىنى بايان قىلىشنى مەقسەت قىلغاچقا ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى ئىشق چۈشەنچىسى دائىرىسى ناھايىتىمۇ كەڭ، چەك – چېكى يوق، پۈتۈن ئالەمگە بولغان ئىشق – مۇھەببەت ئىدى. شۇڭا بۇنى ئالىملار تەتقىقاتلىرىدا ئالەم مەنىسىدىكى «كەيھان» سۆزى بىلەن قوشۇپ، «كەيھانى ئىشق» ⑥ دەپ ئېلىۋاتىدۇ.

ئەرشي ئىجادىتىدە مانا شۇ ئىشقىنىڭ رەمزى بولغان مەيگە شائىر تېز- تېز مۇراجىئەت قىلىدۇ ۋە بۇ رەمزى ئوبرازىنى كۆپ قوللىنىدۇ:

تەقۋا ئەيلەپ دەير ئارا يول تاپمادۇق، كەل، ئەي رەفىق،
مەست ئولۇپ مەيخارەلەر يەڭلىغ بارالى ئۆزگەچە.

ئاخىرقى بېيتتىن مەلۇم بولۇپ تۇرغىنىدەك، بۇ مەيدىن مەقسەت ئۆزلۈكنى يوق قىلىش – فەنا بولۇش.

شائىر نەزەرىدە، بۇ تەۋھىد مەيدىن ئىچىپ مەست بولغان ئاشىقلارنىڭ سەردارى مەنسۇر ھەللاجدۇر.

نەچە ئۆزلۈك رىشتەسىگە قىلغانىن ۋابەستەلىك،
ئال ئاچىغ مەيلىڭ قەدەھ سىپقار دەمى ئۆزنى ئۇنۇت.

بىلۇر مەنسۇر ئەسرارىڭ مەيى تەۋھىد ئىچكەنلەر،
چىقىپ دارى فەناغە دەرگاھى جەببار يەستانمىش.

شۇڭا شائىر ساقىي ئەگەر ئۆزىگە شۇ مەينى سۇنىدىغان بولسا ئۇنىڭ بېشىدىن چاچقۇ چېچىشقا تەييار:

بۇ دەم گەر قۇيسە جامى مەي ئالىپ ئىلكىگە ئول ساقى،
جەۋاھىرلار باشىدىن ساچماقۇ دۇردانە ئاندىن كۆپ.

شائىر ئۆزىنى مەئشۇقى ئەزەلگە ئاشىق ئەھلى ئىشقلاردىن سانايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا زۇھدۇ – تەقۋا، زاھىدلار تەنقىد ئاستىغا ئېلىنىدۇ:

مەن جامىلىغە ئاچارمەن ھەر تاماشا كۆزىنى،
خۇش قىلۇر كۆڭلىنى زاھىد ھۆرلەر دىيارىدىن.

«مەن» دىدار تەلەپ ئاشىق. زاھىدلارغا ئوخشاپ جەننەتتىكى ھۆرۈلەرگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىشنى، يار جامالىنى ئىستەيدۇ. بۇ ئاشىقلىقتا شائىر بەزىدە ئۇستازى نەۋايىغا ئاۋاز قوشىدۇ.

بۇ تەلەپ ۋادىسىدە ھەركىمگە بىر مەقسەد بىل،
زاھىدا، سالۇسغە جەننەت، ماڭا جانانەدۇر.
بۇ مىسرالاردىكى پىكىرلەر نەۋايىنى
زاھىد ئۇجماغ تىلەدىيۇ ياردىن مەن ھەم ئۆزىن،
يارەب ئۇشبۇ ئىككى مەتلۇب بەرابەرمۇ ئېكىن.

بېيىتلىرى بىلەن مەنىداش ئىدى. بۇ شائىر ئىدىيەسىدىكى دىيدار تەلەبلىكىنىڭ ئىزھارلىرى بولۇپ، ئەرشىي دىۋانىغا باشتىن ئاياغ سىڭگەندى.

زاھىدا فىردەۋسى ئارا جەۋرەڭ تەماشاسىن نېتەي،
كۆلبەم ئىچرە گەر خەيالى ھۆسنى جانان بولماسا.

شائىر تەڭرىدىن ئۆزىنى زاھىدلار بىلەن بىر يولدا قويماسلىقنى ئىلتىجا قىلىدۇ.

مېنى ئۇچراتماغىل ئول زاھىدى تەررار زەھرىگە،
كۆڭۈل ئەھلىن بەلايى نەگاھاندىن ئاسراغىل، يا رەب.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەرشى ئىجادىيىتىدە شائىرنىڭ ئىدىيەسى بىلەن باغلىق ھالدا، تەسەۋۋۇپى ئاھاڭ سىزىلىپ تۇرىدۇ. غەزەللىرىدە تەسەۋۋۇپىي ئوبراز ۋە مىسالالار كۆپ قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ لىرىك كۈيلىرى ئىنسانىي كا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مىللىق ئىزدەۋاتقان ئىنساننىڭ مۇھەببەتلىك ھېسسىياتى بىلەن تولغان. ئەرشى ھاكىمىيەت تەپسىدە تۇرۇپ مەلۇم دەۋر ھۆكۈم سۈرگەن بىر ھۆكۈمران بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە يالقۇنجىغان خەلقچىللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك روھى، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن گۈللەنگەن بىر دەۋرنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىنسان ئېتىقادىنى، ئىلمىنى، ئىلىم ئەھلىنى قەدىرلەشتەك ئالىيجاناپ روھى ھەربىر غەزەللىرىدە چاقناپ تۇرىدۇ.

ئەرشى ئىجادىيىتىدە كلاسسىك شېئىرىي ژانىرلاردىن «پەلسەپەۋى ژانىر» دەپ قارىلىدىغان تەرجىئىبەند ژانىرىدىمۇ ئەسەر يازغان بولۇپ، شائىرنىڭ دىۋانىدا 9 بەند، 82 بېيىت، 164 مىسرادىن تەشكىل تاپقان بىر تەرجىئىبەند بار. تەرجىئىبەندىدە شائىرنىڭ ئىنسان، ئالەم، تەبىئەت ھەققىدىكى پەلسەپەۋى كۆزىتىشلىرى، مۇلاھىزە، خۇلاسىلىرى بايان قىلىنغان. شائىرنىڭ تەرجىئىبەندىدە يېزىپ ئۆزىنى سىناپ كۆرۈشىمۇ نەۋايى تەسىرىدىن بولسا كېرەك. تۆۋەندىكى شۇ تەرجىئىبەندىنىڭ بىرىنچى بەندىنى كۆرەيلى:

بۇ ئالەم مۈلكىدۇر يەل بىلە بەرباد،
كېتەر ئاندىن بارى بىر دەمدە ناشاد.
بۇ رەڭ بەرباد بولماغلىق بىل ئەل،
ئەجەپ ئۇلدۇركى، بولغايلار ئاڭا شاد.
ئېرۇر تەمكىنى ئانىڭ زەررە مانەند،
ئەمەس مۇمكىن ئانىڭ بۇدىيدە بۇنياد.
تىرىكلىك قوشلارىن تۇتماققا تارتىپ،
ئەجەل سەررىشتەسىن مانەندى سەييياد.
سىنان كىرپىكلەرىدىن تارتىبان يۈز،
قىلىچلار قاشدى ئەيلەپ مىسلى جەللاد.
جەھان ئەھلىنى ئاھۇ بەررە يەڭلىغ،
خورەك ئەتمەكلىك ئۇلمىش ئاڭا مۇئتاد.
تەرەھھۇم ئايەتىن ئەيلەپ فەرامۇش،
نىدايى «ئۇقتۇلۇ» بولمىش ئاڭا ياد.
فەنادىن ئۆزگە كىم تاپتى بەقاسىن،
مەلەكدۇر، گەر پەرى، گەر ئادىمىزاد.
سىتەم تىغىن ئۇرارادا بىدەرىغ ئول،
فەزا ئورنىغەدۇر خاراۋۇ فۇلاد.
**بۇ ئالەم زىۋەرىدۇر فانى ۋەللاھ،**
**ئەمەس زىۋەرىكى، يەئنى ماسىۋەللاھ.**

تەرجىئىبەند مانا شۇ بەند بىلەن باشلىنىدۇ ۋە بىز قارا بوياپ قويغان ۋاستە بېيىت ھەر بەندنىڭ ئاخىرىدا تەكرارلىنىدۇ. دىۋاندىكى تەرجىئىبەنددىنمۇ ئەرشىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

دېمەك، ئەرشىي دىۋاندىكى غەزەللەر، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن ۋە تەرجىئىبەندلەر ھەقىقەتەنمۇ شائىرنىڭ تەپەككۇرىدىكى يۈكسەكلىك ۋە تىلىدىكى پاساھەتتىن دېرەك بېرىپ، ئەرشىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىگە مەخسۇس ياندىشىش زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما شۇ بىر نۇقتىنىمۇ ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى، تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتى نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا، ئەرشىي مەنسۇر ھەللاجى، شەيخسەنئان ۋە باشقا «ئىشق شەھىدلىرى» نىڭ ناملىرى كۆپ تىلغا ئېلىنىپ، قوش تىلى بىلەن ئىلاھىي ئەسرارنى بايان قىلغۇسى كەلگەنلىكىنى يازمىسۇن، نېمىشقىدۇر شائىر ئىجادىيىتىدە زەلىلىي، گۇمنام، مەشرەپ، مەشھۇرىي غەزەللىرىدىكىگە ئوخشاش ئىشق مەيدىن مەستخۇش بولغاندىن كېيىنكى مەستخۇشلۇقنىڭ يۇقىرى پەللىسى، تەسەۋۋۇپ ئىستىلاھى بىلەن ئېيتقاندا، «سەكر» (بىھۇشلۇق، مەستلىك) ھاللىرىدىكى سەۋدا، جۇنۇنلۇق كەيپىياتلىرى كۆزگە تاشلانمايدۇ. ئەكسىچە، دىۋانىدا باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل ۋەزمىن، تەمكىن كەيپىيات يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ بەلكى ئەرشىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ـــ ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغانلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە دىنىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى قاتارلىق ئامىللار بىلەن باغلىق بولسا كېرەك.

---

## ئىزاھلار:

① مۇھەممەت سادىق قەشقىرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988ـ يىلى نەشرى، 54 ـ 55 ـ بەتلەر

② مۇھەممەت سادىق قەشقىرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 63 ـ 64 ـ بەتلەر

③ ھۆرمەتچان فىكرەت: «خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى» ـــ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 2000 ـ يىل، 1 ـ 2 ـ 3 ـ سانلار

④ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «شائىر خوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ھەققىدە» ـ «بۇلاق» 1988 ـ يىل 4 ـ سان، 99 ـ بەت

⑤ مۇھەممەت سادىق قەشقىرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان» 83 ـ بەت

⑥ بۇنى غەرب ئالىملىرى «cosmic love» دەپ ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئىران ئالىملىرى «ئىشقى كەيھانى» دەپ ئالغان. بۇ ھەقتە قاراڭ: نەسرۇللا پۇرجەۋادى: «جان ھىمدى: ئىسلامدا شېئىرىيەت مېتافىزىكىسى»، تۈركچە تەرجىمىسى، ئىستانبۇل، 1998 ـ يىل، 391 ـ 410ـ بەتلەر

تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت

# «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى ھۈنەر ـ سەنئەتكە دائىر مەزمۇنلار

ئادىل غاپپار كارىزى بۇمەريەم شېرىپ خۇشتار

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى 830054)
(شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسى 830049)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدا ئاپتور «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى ھۈنەر ـ سەنئەتكە دائىر مەزمۇنلارنى فولكلورشۇناسلىق ۋە تىل ئىنسانشۇناسلىقى نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. شۇنداقلا بىر تەرەپتىن بۇ ئاساستا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تۈرلىرى، فۇنكسىيەسى، ئۇنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يەتكۈزۈلۈش شەكلى، مەزمۇنى ۋە ئۇسۇللىرى توغرىسىدا مۇئەييەن چۈشەنچە بەرگەن.

**摘要**: 本文以《突厥语大词典》中提出的有关手工艺为例、从民俗学和语言学角度分析了维吾尔族手工艺来源、发展规律、分类、职能作用、传承方式、内容和形式等问题。

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 11 ـ ئەسىردە (تەخمىنەن مىلادى 1076 ـ 1077 ـ يىللار ئارىلىقىدا) بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى، ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي تەرىپىدىن يېزىلغان مونۇمېنتال ئەسەر. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا دائىر مەلۇماتلار بار. مەسىلەن، ياخشى كۆرىدىغان ئايرىم غىزالارنى ئېتىش، مەي ئېچىتىش ئۇسۇللىرى، چالغۇ ئەسۋابلار، كىيىم ـ كېچەكلەر، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى، كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇش ـ قوپۇشقا دائىر ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى ئاپتور پەقەت سۆزلەم تەرىقىسىدىلا بېرىپ قالماي، بەلكى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ يازغان ①. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە خاتىرىلەنگەن بۇ مەلۇماتلار، بىزنى 10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ كەسىپ تۈرلىرى، ھۈنەر ـ كەسىپ تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب ـ قوراللار توغرىسىدا مۇئەييەن بىلىشكە ئىگە بولۇشتا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك ئۆرپ ـ ئادىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ ماقالىدا، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت مەزمۇنلارنى فولكلورشۇناسلىق ۋە تىل ئىنسانشۇناسلىقى نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى ھۈنەر ـ سەنئەتكە دائىر مەزمۇنلار ئاساسىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تۈرلىرى، فۇنكسىيەسىنى، شۇنداقلا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈش شەكلى، مەزمۇنى ۋە ئۇسۇللىرى توغرىسىدا مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ جەھەتتىن 15 تۈرلۈك ئەنئەنىۋى قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن، بولۇپ، بۇ ئەنئەنىۋى قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ياساش ھەم ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. تىل ئىنسانشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ سۆزلەر ۋە مەزمۇنلارنىڭ ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەرگىزمۇ بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس. بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن كۈندىلىك تۇرمۇش ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، ياساش ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى بېزەپ ھۇزۇرلىنىش ئۇسلۇبى ۋە تېخنىكىلىرى.

www.uyghurkitap.com

نىڭ مۇكەممەل ئىزناسى دەپ قاراش مۇمكىن. چۈنكى، تىل تارىخىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەرقانداق بىر مىللەت تىلىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە شەكىللەنگەندە، شۇ مىللەت ياشاۋاتقان ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى بايقايمىز. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تىلغا بولغان بۇ خىل تەسىرى بىر تىلنىڭ فونكسىيەسى، لېكسىكىسى، گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە دىيالېكتىكىسى قاتارلىقلاردا ئومۇمىيۈزلۈك كۆرۈلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئوخشاش بىر ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمىنىڭ نامىنى، ئوخشاش بولمىغان قەبىلىلەر ئوخشاش بولمىغان سۆز ۋە تەلەپپۇزدا ئىشلىتىدىغانلىقىنى، بىر ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ناملىرىنىڭ بارلىقىنى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆتكەن. دېمەك، 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىمۇ، ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تارىخىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئەنئەنىۋى قول - ھۈنەرچىلىك سەنئىتىنىڭ ئۆچمەس ئىزنالىرىنى ناھايىتى مۇكەممەل ساقلاپ قالغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل ئىزنالار «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى لېكسىكا كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولغان ئىسىم، سۈپەت، پېئىل قاتارلىقلاردا بىرقەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

ھۈنەر - سەنئەت، ئۆرپ - ئادىتى — كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇش ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، ياساش ۋە ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى بېزەپ ھۆزۈرلىنىش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب بولۇپ، ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ئەڭ قەدىمكى سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئىجادىيەت ساھەسىنى ئۆزىگە كېلىش مەنبەسى قىلغان بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىيەت قۇدرىتىنى ۋە ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلەپ بەرگەندى ②. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، «ھۈنەر - سەنئەتنىڭ باشلىنىش مەنبەسىنى ئىنسانلار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تاش قوراللار گەرچە ھۈنەر - سەنئەت بويۇمى بولسىمۇ، ئۇنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بېزەكچىلىك گۈزەللىك ئېڭىنىڭ قوراللاردىكى بىر خىل بىخلىنىش ئىنكاسى دېيىشكە بولىدۇ»③.

يۇقىرىقى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت، ئۆرپ - ئادىتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا بارلىققا كەلگەن دېيىش مۇمكىن. بۇ توغرىسىدا ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق ئەپەندى «ئۇيغۇر ھۈنەر - كەسىپ رىساللىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازغان: «تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ھۈنەر كەسىپلەر ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنى ئېتىقادى پەيدا بولۇشتىن كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن، كۆنچى دەريا ۋادىسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەردىلا بۇغداي تېرىلغان، چارۋا مال بېقىلغان، ئىپتىدائىي كۆن - خۇرۇم، كىگىز، ئۇچلۇق تۇماق ئىشلەنگەن، يۇڭ رەخت توقۇلغان، يۇڭ رەخت ۋە ئاشلانغان تېرىدىن كىيىم تىكىلگەن، ياغاچتىن ھەيكەل ئويۇلغان، قۇرمىتام ئۆيلەر بىنا قىلىنغان، ساپال بۇيۇملار ياسالغان ④». «ئۇيغۇر ھۈنەر - كەسىپ رىساللىرى، بايانىدا، ئۇيغۇرلاردا 365 خىل ھۈنەر - كەسىپ بولغانلىقى مەلۇم ⑤». ئەمما «ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ھۈنەر - كەسىپلەردىن تېرىقچىلىق (دېھقانچىلىق)، ناۋايلىق، ئاشپەزلىك، باققاللىق، قۇيمىچىلىق، قاسساپلىق، كىگىزچىلىك، تېرىچىلىك، جۇۋا - تۇماقچىلىق، شامچىلىق، سوپۇنچىلىق، باپكارلىق (توقۇمىچىلىق)، بوياقچىلىق، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، سودىگەرچىلىك، ساتىراچلىق قاتارلىق 22 خىل ھۈنەر - كەسىپنىڭ رىسالىسى بار ⑥». مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە خاتىرىلەپ قالدۇرغان قول - ھۈنەرچىلىككە ئائىت سۆز ۋە چۈشەندۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ جەھەتتىن 15 تۈرلۈك ئەنئەنىۋى قول - ھۈنەرچىلىك سەنئىتى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ جەھەتتىكى 15 تۈرلۈك قول - ھۈنەرچىلىك ئادىتىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

### 1. يېمەك - ئىچمەك ھۈنەر - سەنئىتى

يېمەك - ئىچمەك سەنئىتى — ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن يېمەك - ئىچمەك توغرىسىدىكى ئۆرپ - ئادەت ۋە قاراشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يېمەك - ئىچمەك ئادىتى ۋە پەرھىزلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانلار

بارلىققا كەلتۈرگەن يېمەك - ئىچمەك سەنئىتى، ئوزۇقلۇقنىڭ كېلىش مەنبەسى بولغان جۇغراپىيەلىك مۇھىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيەلىك رايوندا ياشاۋاتقان مىللەتلەردە ئوخشاش بولمىغان يېمەك - ئىچمەك سەنئىتى بارلىققا كەلگەن. جۇغراپىيەلىك رايوننىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئوزۇقلۇقنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۇسۇلىنى بەلگىلەيدۇ. ئوزۇقلۇقنىڭ تۈرلىرى ئۆز نۆۋىتىدە يېمەك - ئىچمەكنىڭ تۈرى، ياساش ئۇسۇلى ۋە ئىستېمال قىلىش ئادىتى ۋە قاراشلىرىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدا بارلىققا كەلگەن يېمەك - ئىچمەك سەنئىتى ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك سەنئىتىگە دائىر مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەك سەنئىتى — ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا باشتىن كەچۈرگەن ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، يايلاق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدا شەكىللەندۈرگەن. يېمەك - ئىچمەك سەنئىتىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپقان كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئۆزگىچە يېمەك - ئىچمەك سەنئىتىدۇر. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئۆزگىچە يېمەك - ئىچمەك سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تاماق تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇللىرى ۋە ئىستېمال قىلىش ئادەتلىرىدە ناھايىتى روشەن ئەكس ئېتىدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تاماق تۈرلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

1) ئۇن تائام تۈرلىرى: ئۇن تائام تۈرلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئىنسانلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدە بارلىققا كەلتۈرگەن يېمەك - ئىچمەك سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن. چۈنكى تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ، پىششقلاپ ئىشلەشنى ئاساسلىق تىرىكچىلىك مەنبەسى قىلىدۇ. ئۇن تائاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى بۇ خىل تىرىكچىلىك ئىقتىسادىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇن تائاملىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

توقاچ - (1 - توم 504 - بەت)

قاتلىما نان - (3 - توم 44 - بەت)

تۈرمەل - (1 - توم 622 - بەت)

ئۈگرە - (1 - توم 171 - بەت)

ئۇن - (3 - توم 62 - بەت)

قاغۇت - بىر خىل تاماق (1 - توم 528 - بەت)

چۆپ - (1 - توم 591 - بەت)

قۇچقاچ تىلى ئاش - (1 - توم 683 - بەت)

2) گۆش تائام تۈرلىرى: گۆش يېمەكلىكلىرىنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدا بارلىققا كەلتۈرگەن يېمەك - ئىچمەك سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن. چۈنكى بۇ خىل مەدەنىيەت تىپلىرى ئاساسلىق ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ۋە ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىشنى ئاساسىي تىرىكچىلىك مەنبەسى قىلىدىغان بولغاچقا، گۆش بۇ خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تۈرمۇشىنىڭ ئاساسلىق ئىستېمال ئوبيېكتى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوخشاش بولمىغان گۆش يېمەكلىكلىرىنى ئىستېمال قىلىش ئادەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى گۆش يېمەكلىكلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

ھېسىپنىڭ بىر خىلى - (1 - توم 543 - بەت)

كاۋاپ - (3 - توم 333 - بەت)

ھېسىپ - (3 - توم 74 - بەت)

قېزا - ( 3 - توم 309 - بەت)

3) ئىچىملىك تۈرلىرى: ئىنسانلار ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدا ئوخشاش بولمىغان ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئادەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا سۈت، قېتىق، شورپا، ئاساسلىق ئىچىملىك ئوبيېكتى قىلىنغان. تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدا بولسا، چاي، مېۋە شەربىتى قاتارلىقلار ئاساسلىق ئىچىملىك ئوبيېكتى قىلىنغان. چۈنكى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە بۇ خىل مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىچىملىك ئىچىش ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسى خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن:

بوزا - ئىچىملىك (3 - توم 81 - بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شاراپ ـ (3 ـ توم 167 ـ بەت)

سىركىنىڭ بىر تۈرى ـ (1 ـ توم 548 ـ بەت)

قېتىق ـ پىشلاق (1 ـ توم 462 ـ بەت)

هاراق ـ (1 ـ توم 470 ـ بەت)

ئايران ـ (1 ـ توم 163 ـ بەت)

ئۆرۈك قېقى شىرنىسى ـ (1 ـ توم 165 ـ بەت)

قېتىق ـ (1 ـ توم 195 ـ بەت)

سۈت ئارىلاشمىسى ـ (1 ـ توم 137 ـ بەت)

ھەسەل ـ (3 ـ توم 213 ـ بەت)

ئۇنىڭدىن باشقا يېمەك ـ ئىچمەك سەنئىتىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ تۈرگە يەنە باغۋەنچىلىك ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھۆل ـ قۇرۇق مېۋىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىقلارنىمۇ كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، باغۋەنچىلىك — ئۇيغۇرلار بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتتىن يىغىپ توپلاش تۇرمۇش ئادىتىنى تېرىقچىلىق ئىقتىسادىغا ماسلاشتۇرغانلىقىنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراش مۇمكىن. باغۋەنچىلىك ئىقتىسادى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشىدا، تېرىقچىلىق ئىقتىسادى بىلەن گىرەلەشمە ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۇيغۇرلار باغۋەنچىلىك ئىقتىسادىدىكى ئېشىنچى مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مېۋىلەرنى ئاۋارلاشتۇرۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى باغۋەنچىلىك كەسپى ۋە ئۇنىڭ مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىلىرى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن:

ئالما ـ 1 ـ توم، 186 ـ، 520 ـ بەت

ئالىگىرات ـ 1 ـ توم 155 ـ بەت

ياڭاق ـ 3 ـ توم 36 ـ بەت

جىگدە ـ 3 ـ توم 39 ـ بەت

ئۈزۈم ـ 1 ـ توم 103 ـ بەت

ئامۇت 1 ـ توم 128 ـ بەت

ئالۇچا ـ 1 ـ توم 164 ـ بەت

مېۋە ـ 3 ـ توم 13 ـ بەت

ئىككىنچى، قۇرۇق مېۋىچىلىك — مېۋە قۇرۇتۇش تېخنىكىسىنىڭ كېلىش مەنبەسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئىنسانلارنىڭ بوستانلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدە بارلىققا كەلتۈرگەن يېمەك ـ ئىچمەك سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن. چۈنكى بوستانلىق ئىقتىسادىي باغۋەنچىلىكنى ئاساس قىلىپ، مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساسلىق تېرىقچىلىك مەنبەسى قىلىدۇ. مېۋە قۇرۇتۇش تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى بۇ خىل تىرىكچىلىك ئىقتىسادىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىستېمالى بولغان قۇرۇق مېۋە تۈرلىرىنىڭ نامى ۋە ياساش ئۇسۇللىرى خاتىرىلەنگەن.

قۇرۇق ئۈزۈم ـ 1 ـ توم 216 ـ بەت

گۈلە ـ 3 ـ توم 322 ـ بەت

ئامۇت قېقى ـ 3 ـ توم 444 ـ بەت

قاق ـ 3 ـ توم 179 ـ بەت

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە، يەنە ئۇيغۇرلار يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە ئىشلىتىدىغان قورال ـ ئەسۋابلارمۇ خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن:

تەگنە (566 ـ بەت)، ياغاچ چېلەك (593 ـ بەت)، ئاشتاختا (50 ـ بەت)، چىغرىق، تۈگمەن چاقى (549 ـ بەت)، قىڭراق (522 ـ بەت)، پىچاق (499 ـ بەت)، كوزا (501 ـ بەت)، ئىدىش (83 ـ بەت)، ئاياق، قاچا (114 ـ بەت)، چىنە (566 ـ بەت)، زىخ (432 ـ بەت).

## 2. توقۇمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى

توقۇمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ئىنسانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەككە بولغان ئېھتىياجىنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ھۈنەر تېخنىكا بولۇپ، ئىنسانلار تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىنىڭ مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن. بۇ خىل تېخنىكا بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ كۆپ خىل تېخنىكىلارنىڭ ۋە ئۆزگىچە گۈزەللىك قاراشلىرىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن:

داستىخان ـ (1 ـ توم 558 ـ بەت)

يىپ ـ (1 ـ توم 631 ـ بەت)

رەخت ـ (1 ـ توم 636 ـ بەت)

يىپەك زەخت — (1 ـ توم 121 ـ بەت)

ئىگىرىلگەن يىپ ـ (1 ـ توم 142 ـ بەت)

گىلەم ـ (1 ـ توم 474 ـ بەت)

تاغار ـ (1 ـ توم 535 ـ بەت)

چىت، ئالاچىپار رەخت ـ (3 ـ توم 166 ـ بەت)

## 3. تىككۈچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ھاياتلىقىنى ساقلاش ئېھ-

ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش فۇنكسىيەگە ئىگە بولغان كىيىم - كېچەك، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى، مىللىي خاسلىقنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇرۇپ كەلگەندى. بۇ خىل ئېھتىياج ۋە ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى جۇغراپىيەلىك شەرت - شارائىت، دىنىي - ئېتىقاد، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئادەت - قاراشلىرىغا ماس ھالدا، مەلۇم خىل كىيىم - كېچەك تىكىش ھۈنەر - سەنئىتى بارلىققا كەلدى. تىككۈچىلىك ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، تېرىقچىلىق ۋە شەھەر ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا مەۋجۇت ئىدى.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تىككۈچىلىككە ئائىت تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

تىككۈچى - 3 - توم 297 - بەت

توپچا - 3 - توم 332 - بەت

يامغۇرلۇق بۆك - 3 - توم 530 - بەت

كۆرپە - 3 - توم 50 - بەت

جۇۋاپ قىلىنىدىغان تېرە - 1 - توم 148 - بەت

بوخچا - 1 - توم 168 - بەت

قولياغلىق - 187 - بەت

پەلەي - 1 - توم 207 - بەت

ئۆتۈك - 1 - توم 93 - بەت

يېپىنچا - 1 - توم 98 - بەت

جىلىتكە - 1 - توم 133 - بەت

رومال - 1 - توم 634 - بەت

كۆرپە - 1 - توم 589 - بەت

ساپما (كەش) - 3 - توم 23 - بەت

ياستۇق - 3 - توم 57 - بەت

يانچۇق - 3 - توم 60 - بەت

ئويما - 3 - توم 61 - بەت

**4. كۆنچىلىك (خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش) ھۈنەر - سەنئىتى**

كۆنچىلىك (خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش) ھۈنەر - سەنئىتى — ئىنسانلارنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۆرپ - ئادەت ۋە قاراشلارنى كۆرسىتىدۇ. كۆنچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى ئىنسانلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە يايلاق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى دىيىشكە بولىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆنچىلىك (خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش) ھۈنەر - سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

تاسما قىيىش - قىيىشتىن ئۆرۈلگەن ئارغامچا - 3 - توم 15 - بەت

كەمەر - 1 - توم 631 - بەت

قۇيقا، خام تېرە - 3 - توم 238 - بەت

ئۆتۈك - 1 - توم 93 - بەت

تېرە جىلىتكە - 1 - توم 138 - بەت

**5. بوياقچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى**

بوياقچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى — ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىغا ماسلاشقان ئېستېتىك قاراشلىرى ۋە رەڭ قاراشلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىنى تونۇش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى بوياش جەھەتتە بارلىققا كەلتۈرگەن ئۆرپ - ئادەت ۋە تېخنىكىلارنى كۆرسىتىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى بوياقچىلىققا ئائىت مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بوياقچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى — ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدا ئېتىقاد قىلغان كۆپ خىل دىنىي ئەقىدىلەر ئاساسىدىكى دۇنيا قارىشى، گۈزەللىك قارىشى ۋە رەڭ قاراشلىرىنى ماددىي شەكىلدە ئىپادىلەيدىغان بوياق ياساش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى رەڭ ئارقىلىق بېزەش جەھەتتە بارلىققا كەلتۈرگەن ئۆرپ - ئادەت ۋە تېخنىكىلارنى كۆرسىتىدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بوياقچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

بوياق - 3 - توم 222 - بەت

سىر - 3 - توم 214 - بەت

بويىدى - 3 - توم 355 - بەت

چىت، ئالاچىپار رەخت - 3 - توم 166 - بەت

توق سېرىق رەڭلىك بىر خىل يىپەك رەخت - 1 - توم 56 - بەت

**6. ياغاچچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى**

ياغاچچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى — ئىنسانلارنىڭ ئۆز تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن شەكىللەندۈرگەن، ياغاچتىن قورال - سايمان ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش توغرىسىدىكى ئۆرپ - ئادەت ۋە قاراشلارنى كۆرسىتىدۇ. ياغاچچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدا بارلىققا كېلىپ،

يايلاق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر مەدەنىيەت ئىقتىسادىي تىپىدا ئەڭ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن دېيىشكە بولىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ياغاچچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

ياغاچ - 3 - توم 9 - بەت
يىلىم - 3 - توم 24 - بەت
چىغرىق، توگمەن چاقى 1 - توم 549 - بەت
ياغاچ ئاياق - 1 - توم 560 - بەت
تەگنە - 1 - توم 566 - بەت
ساندۇق، تاۋۇت - 1 - توم 107 - بەت
تاغاق - 1 - توم 611 - بەت
ياغاچ چىلەك، سوغا - 1 - توم 495 - بەت
ئۆي جاھازلىرى - كېلىن بولغۇچى قىز ئۈچۈن تەييارلانغان. 1 - توم 418 - بەت
ياغاچ ساپان، ئاماچ - 1 - توم 73 - بەت
يالپا - ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان تېيىز تاۋاقتا ئوخشاش يايپلاق نەرسە 3 - توم، 38 - بەت

## 7. چالغۇ ئەسۋاب ياساش ھۈنەر - سەنئىتى

چالغۇ ئەسۋاب ياساش ھۈنەر - سەنئىتى — ئىنسانلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ھەربىي ئىشلار ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن مۇزىكا چىقىرىدىغان ئەسۋابلارنى ياساش تۇغرىسىدىكى ئۆرپ - ئادەت ۋە قاراشلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھۈنەر - سەنئەت ئىنسانلار ناخشا - مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىشقا باشلىغان دەۋرلەردىلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن چالغۇ ئەسۋاب ياساش ھۈنەر - سەنئىتىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىق دېيىشكە بولىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋاب ياساش سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

قوۋۇزنىڭ بىر خىلى - 3 - توم 238 - بەت
بورغا - 3 - بەت 331 - بەت
چالغۇ - 1 - توم 185 - بەت
قوبۇز - 1 - توم 473 - بەت
چاڭ - 3 - توم 487 - بەت

## 8. كېمىچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى كېمىچىلىككە ئائىت مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كېمىچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىكى دەريا (كۆل) بويىدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا شەكىللەندۈرۈپ، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدا ناھايىتى يۇقىرى بىر سەۋىيەگە يەتكەن كېمە ياساش جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى ھۈنەر تېخنىكىسىنى كۆرسىتىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كېمىچىلىك ھۈنەر - سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

قېيىق - 3 - توم 496 - بەت
كۆرەك قېيىقنىڭ پالىقى - 1 - توم 422 - بەت
كېمە - 3 - توم 323 - بەت

## 9. تۆمۈرچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى

تۆمۈرچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى — ئىنسانلارنىڭ ئۆز تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن شەكىللەندۈرگەن تۆمۈردىن قورال - سايمان ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش تۇغرىسىدىكى ئۆرپ - ئادەت ۋە قاراشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىش تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، تۆمۈرچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى — ئىنسانلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدا بارلىققا كېلىپ، يايلاق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر مەدەنىيەت ئىقتىسادىي تىپىدا ئەڭ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن دېيىشكە بولىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۆمۈرچىلىك ھۈنەر - سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

پىچاققا ساپ ياسىلىدۇ - 3 - توم 300 - بەت
زىق، زەنقچە - 3 - توم 173 - بەت
قىڭراق - 3 - توم 522 - بەت
يىڭنە تۆشۈكى - 68 - بەت
تۆشۈك تېشىدىغان ئۈشكە - 1 - توم 63 - بەت
ئاچقۇچ - 1 - توم 463 - بەت
ئوغاق - 1 - توم 161 - بەت
دەزمال - 1 - توم 93 - بەت
ئوغاق - 1 - توم 594 - بەت
خەنجەر 1 - توم 545 - بەت
ئۇسترا - 3 - توم 240 - بەت
سوقا - 3 - توم 299 - بەت
كان ئوچاق - 147 - بەت

قىلىچ ۋە خەنجەرگە ئوخشايدىغان نەرسىلەرنىڭ سىپىنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تىكىپ قويۇلىدىغان ئىنچىكە تۆمۈر زىقچە 549 ـ بەت

**10. زەرگەرچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى**

زەرگەرچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى ــ ئىنسانلارنىڭ مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلتۈرگەن، مەخسۇس پارقىراق مېتال بۇيۇملاردىن زىبۇ ـ زىننەت ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ زىبۇ ـ زىننەت ياساش تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، زەرگەرچىلىك ھۈنەر سەنئىتى ـ ئىنسانلارنىڭ ئۈۋچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدا بارلىققا كېلىپ، يايلاق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر مەدەنىيەت ئىقتىسادىي تىپىدا ئەڭ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن دېيىشكە بولىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى زەرگەرچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

مارجان ـ 3 ـ توم 301 ـ بەت

كۈمۈش ـ 1 ـ توم 481 ـ بەت

ئالتۇن ـ 1ـ توم 162 ـ بەت

ئۈزۈك ـ 3 ـ توم 22 ـ بەت

**11. ساپالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى**

ساپالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ــ ئىنسانلارنىڭ تاش ـ قوراللارنى ياساش تېخنىكىسىدىن كېيىن بارلىققا كەلتۈرگەن، تۇپراقتىن پايدىلىنىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش جەھەتتىكى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە تېخنىكىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تېخنىكا ئىنسانلار ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەن دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى ۋە شەھەر ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى خەلقلەردە كەسپلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىپ، ناھايىتى يۇقىرى بىر سەۋىيىگە يەتكەن.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ساپالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

كوزا ـ 3 ـ توم 501 ـ بەت

ساپال قاچا ـ 1 ـ توم 535 ـ بەت

تەشتەك ـ 1 ـ توم 495 ـ بەت

كۈندۈك ـ قاچا 1 ـ توم 627 ـ بەت

ئىدىش ـ 1 ـ توم 83 ـ بەت

ئاياق، قاچا ـ 1 ـ توم 114 ـ بەت)

چىنە ـ 1 ـ توم 566 ـ بەت ...

**12. تاشچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى**

تاشچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ــ ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى تاش ـ قوراللارنى ياساش تېخنىكىسىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى بولۇپ، تاشتىن پايدىلىنىپ تاش ـ قوراللارنى ياساش، تاش بۇيۇملارنى ئويۇش، سىلىقلاش ۋە تاشتىن قورۇلۇشلارنى سېلىش قاتارلىق ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە تېخنىكىسىنى كۆرسىتىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى تاشچىلىققا ئائىت مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تاشچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ــ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى تاش ـ قورال ياساش تېخنىكىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، كېيىنكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا تەرەققىي قىلغان تاش ـ قوراللارنى ياساش تاش بۇيۇملارنى ئويۇش، سىلىقلاش ۋە تاشتىن قورۇلۇشلارنى سېلىش قاتارلىق ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە تېخنىكىلىرىدىن ئىبارەت. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تاشچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

تۈگمەن تېشىنى چەكتى (3 ـ توم 364 ـ بەت)

تۇما ياسىدى (3 ـ توم 445 ـ بەت)

**13. تامچىلىق (قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق) ھۈنەر ـ سەنئىتى**

تامچىلىق (قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق) سەنئىتى ــ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېھتىياجلىرىنىڭ بىرى بولغان ئولتۇراقلىشىش ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تېخنىكىلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن تامچىلىق (قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق) ھۈنەر ـ سەنئىتىنى كۆرسىتىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تامچىلىق (قۇرۇلۇش) ھۈنەر ـ سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

مەرەپ ـ ئۈستىگە كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى تىزىپ قويىدىغان لىمتاق (3 ـ توم 60 ـ بەت)

قالاق ـ لاي ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب (3 ـ توم 320 ـ بەت)

ئوچاق (1 ـ توم 88 ـ بەت)

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تامچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى توغرىسىدىكى بۇ خاتىرىلەر، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇرۇلۇش بىناكارلىق ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم بىر ئۇچۇر مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**14. كىگىزچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى**

كىگىزچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى ــ ئىنسانلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدا بارلىققا كەلتۈرگەن چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇي ھايۋانلىرىنىڭ يۇڭىدىن پايدىلىنىپ كىگىز باسىدىغان ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تېخنىكىسىنى كۆرسىتىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى كىگىزچىلىككە دائىر مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىگىزچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى ــ ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ھايۋانلارنىڭ يۇڭىدىن پايدىلىنىپ كىگىز باسىدىغان ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتىنى كۆرسىتىدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىگىزچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتىگە دائىر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

كىگىز ـ 1 ـ توم 474 ـ بەت

كىگىز ـ كۆرپىنىڭ ئىچىگە سېلىنىدىغان ۋە يامغۇرلۇق تىكىلىدىغان يۇپقا كىگىز 3 ـ توم 243 ـ بەت

كىگىز ـ ئوغۇزچە 3 ـ توم 302 ـ بەت

قىز ئانىسىغا كىگىز شىرىپ بەردى (2 ـ توم 128 ـ بەت)

**15. باشقا ھۈنەر ـ سەنئەتلەر**

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھۈنەر ـ سەنئەت كەسىپلىرىدىن باشقا يەنە شامچىلىق، ئارغامچا ئېشىش، كۆكتاتچىلىق، يار ـ يېلىمچىلىق، ساتىراچلىق، ئەينەكچىلىك، قاسساپلىققا دائىر بىر قىسىم مەزمۇنلارمۇ خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن:

① شامچىلىق: چىراغ (3 ـ توم 31 ـ بەت)، پىلىك ـ چىراغ پىلىكى، ئارغۇچە (1 ـ توم 621 ـ بەت)، شامدان (3 ـ توم 516 ـ بەت)

② ئارغامچا ئېشىش: ئات بەيگىسى ۋە چۆگەن ئويۇنىدا مەيداننىڭ چېكىگە تارتىلغان ئارغامچا. (1 ـ توم 474 ـ بەت)

③ كۆكتاتچىلىق: سەۋزە ـ قەشقەردە تېرىلىدىغان تاتلىق ئاق سەۋزە (1 ـ توم 175 ـ بەت)

④ يار ـ يېلىمچىلىق: شىلىم (3 ـ توم 332 ـ بەت)، يار ـ يېلىم (3 ـ توم 29 ـ بەت)

⑤ ساتىراچلىق: ئۇستۇرا (3 ـ توم 240 ـ بەت)

⑥ ئەينەكچىلىك: كۆزگۈ (3 ـ توم 517 ـ بەت)

⑦ قاسساپلىق : قۇشخانا (1 ـ توم 169 ـ بەت)

⑧ سودىگەرچىلىك: سېتىق (1 ـ توم 485 ـ بەت)، تاۋار (1 ـ توم 469 ـ بەت)

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى بۇ خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئىتى ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە بولۇپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تولۇق كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت، ئۆرپ ـ ئادىتى ــ ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا باشتىن كەچۈرگەن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساش ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى بېزەپ ھوزۇرلىنىش ئۆرپ ـ ئادەت ئۇسلۇبى ۋە تېخنىكىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ، 11 ـ ئەسىرلەردە گۈللەنگەن بىر مەنزىرە بارلىققا كەلگەن. ھۈنەر ـ سەنئەت كەسىپلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى بىرقەدەر ئىنچىكە ئايرىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

---

ئىزاھلار:

① «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم 22 ـ بەت

②③ ۋۇ جۇڭجۇن: «جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى» شەرقىي شىمال مالىيە ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 143 ـ بەت

④ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1994 ـ يىل 4 ـ ماي، 3 ـ بەت

⑤ جەمىلە ئابلا: «ئۇيغۇرلاردا قاچىلىتىرچىلىق»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق 1 ـ سانى، 63 ـ بەت

⑥ ئەنۋەر سەمەت قورغان: «ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى كەسىپى ئەخلاق»، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 2 ـ سانى، 81 ـ بەت

تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت

# ئۇيغۇر دولان مەشرەپلىرى توغرىسىدا يېڭىچە چۈشەنچە

گۈلنار ئوبۇل

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى پەن ـ تەتقىقات باشقارمىسى 844000)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە ئەل ئىچى قىزىقچىلىق مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىن دولان مەشرىپىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيەت پائالىيىتىلا ئەمەس، بەلكى ئالەم مۇھىمى ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك ھاياتنى تونۇش شەكلى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە، ئاڭ ۋە ھەرىكەت شەكلىنىڭ پەيدا بولۇشى، مىللىي خاراكتېرى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

摘要: 本文以民间趣味文化角度论述了维吾尔刀郎麦西来甫不仅是维吾尔风俗习惯、而且体现了维吾尔族的世界观和人生观的认识形态、 对维吾尔族的思想意识和活动形式、民族个性和文学艺术的形成具有重要意义。

مەشرەپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىختا ئىگە ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە ئويۇننى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيەت پائالىيىتى. مەشرەپ مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق جەھەتتىكى خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. تەتقىقاتچىلار ئوخشىمىغان نۇقتىدىن بۇ قەدىمىي ھەم يېڭى ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيەت پائالىيىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، نۇرغۇن سەمەرىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى. شۇغىنىسى تەتقىقاتتا يەنە بىر قىسىم ئاجىز ھالقىلارمۇ ساقلىنىپ، بۇلار بىزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىزنى، ئىنچىكە قېزىشىمىزنى كۈتمەكتە. يەنى بۇ يېڭى ھاياتى كۈچكە ئىگە ئاممىۋى پائالىيەتنىڭ ئاۋۋال ئىپادىلىگىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنياغا بولغان مۇستەقىل تونۇشى ۋە ئىگىلەش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر مۇھىم نۇقتا يەنىلا مەشرەپ تەتقىقاتىدىكى ئاجىز ھالقا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ئاممىۋى پائالىيەتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە ئەنئەنىسى، ھەرىكەت شەكلى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىقلارنىڭ خاسلىشىشىنى بەلگىلىگەنلىكىدىن ئىبارەت نېگىزلىك مەسىلىگە سەل قارالغانلىقتىن، تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىغۇلارچە مەشرەپنى قەدىمكى، كونا، ئەل ئىچىدىلا ساقلىنىپ قالغان دەپ قاراپ، تەتقىقاتتا يەككە، يېيىق ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە بۈگۈنىمىزدىكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمەسلىكتەك ئەھۋال كېلىپ چىقتى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، شاد ـ خۇراملىق خاراكتېرىگە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەشرىپىمىز ئەدەبىياتىمىز ۋە سەنئىتىمىزگە ئاساس سېلىپ، ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا ئەل ئىچىدىكى يېڭى ۋە جانلىق ماتېرىياللارنى تۇرمۇشتىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، ئۇنى تېخىمۇ يېڭىملايدۇ.

ھالبۇكى، بۈگۈنىمىزدە ھازىرقى زامان تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تور مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ مەشرەپمۇ خىرىسقا دۇچ كەلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىر قىسىم كىشىلەر مەشرەپنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئىچكى مەزمۇنىنى تازا چوڭقۇر بىلىپ يەتمىگەنلىكتىن ئۇنى بىر تەرەپلىمە ھالدا چاكىنىلاشتۇرۇپ، ئۆز خاھىشى بويىچە قۇراشتۇرۇپ، ھەتتا مەلۇم ئىقتىساد ياكى ساياھەت ئۈچۈن ئۆز مەيلىچە مەشرەپ «ياساپ»، ئەزەلىي مىللىي ئاڭ ۋە ئەخلاقنى سەنئەتلەشتۈرۈپ ئىپادىلەيدىغان مەنىۋى پائالىيەتنى ئەسلىدىكى ئەھمىيىتى ۋە رولىدىن ئايرىپ قويماقتا.

بىزنىڭ مەشرەپ توغرىسىدا ئاددىيغىنە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىمىزدىكى سەۋەبمۇ دەل ھازىرقى مەشرەپ تەتقىقاتىدا ئۆزى پەيدا قىلغان ئاتالمىش زامانىۋىلاشتۇرۇش يۈز-

مۇزىكا تەتقىقاتى

www.uyghurkitap.com

لىنىشى بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ئانالىز قارىشى بويىچە دولان مەشرىپىنى چۈشەندۇرۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئۆرپ - ئادەت جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋاتقان قىسمەن كىشىلەرنىڭ سەمىگە بۇ ئۆرپ - ئادەت پائالىيىتىمىز ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا قاراشقا ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مىللىي خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم رولىغا ئانچە دىققەت قىلمايۋاتقانلىقىنى سەمىگە سېلىپ قويۇشتىن ئىبارەت، خالاس.

## 1. مەشرەپ ۋە دولان مەشرىپى

«‹مەشرەپ› ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ‹ئۆزلەشتۇرۇلگەن يەر› دېگەن مەنىدە. ئۇيغۇر تىلىدا ‹يىغىلماق، توپلانماق› دېگەن مەنىنى بىلدۇرۇپ، كېيىنچە بۇ ئەل ئىچى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان مەخسۇس ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىلغان.»① بۇنىڭدىن قارىغاندا مەشرەپ ئويۇن، كۆڭۈل ئېچىش ۋە يىغىلىش دېمەكتۇر. ئۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئاساسلىقى ھەر يىلى دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا ئۆتكۈزىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە تارىخىي مۇساپىسى ئوخشىمىغانلىقتىن ئوخشىمىغان ئويۇن، كۆڭۈل ئېچىش شەكلى ۋە ئۇنى چۈشەندۇرۇش ئۇسۇلى بار. مەشرەپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە دۇنيا قارىشىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى، شۇنداقلا قىزىقارلىق ئويۇن شەكلى ئارقىلىق دۇنيانى بىلىشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چۈشىنىشىدۇر. ئۇ تۇرمۇشنىڭ زىننەت بۇيۇمى ياكى كىشىلەرنىڭ ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش ۋاسىتىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىيەسىنىڭ نەق ئۆزىدۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر مەشرىپى كۆڭۈل ئېچىش تىپىدىكى تۇرمۇشتۇر. ئۇ سەنئەتخۇمار، قىزىقچى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە تۇرمۇش شەكلىنىڭ نامايان قىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

مەشرەپنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئۇيغۇر ئالىملىرىمىز «مەشرەپنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بۇرۇنقى نەزىر - چىراغ، ئىبادەت، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە سۈرۈشكە بولىدۇ» ② دەپ قارايدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، مەشرەپ ئەڭ دەسلەپ مەلۇم بىر خىل مۇراسىمدىن كېلىپ چىققان. ئۇيغۇلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دە قەھرىمان ئوغۇزخان غەلىبە قىلغاندىن كېيىن «ئۇلۇغ توي» ئۆتكۈزىدۇ. كۆپچىلىك يىغىلىپ بىللە يەپ - ئىچىپ ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قەدىمكى مۇراسىمى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا بىرقەدەر تولۇق خاتىرىلەنگەن. «ۋېينامە، قاڭقىللار تەزكىرىسى» دە ئېنىق قىلىپ: «گاۋزۇڭ زامانىسىدا قاڭقىللارنىڭ بەش قەبىلىسى يىغىلىپ تەڭرىگە نەزىر بەردى. يىغىلغۇچىلار نەچچە تۈمەن بولاتتى. چوڭ يىغىلىش قىلىپ، مال سويۇپ، ئات بەيگىسى قىلىپ، سەيلە قىلاتتى. ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇلار بۇنى ئەجدادلىرىدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ...» ③ دەپ خاتىرىلەنگەن. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە:

«ئىۋرىق باشى قازلايۇ،
ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ.
ساقىنچ قوزى كىزلەيۇ،
تۈن - كۈن بىلەن سەۋنەلىم.»④

(مەنىسى: ئىۋرىق بويىنى غاز كەبى، قەدەھ تولۇق كۆز كەبى، ھەسرەتنى تۇۋىگە يوشۇرۇپ، تۈن - كۈن بىلەن سۆيۈنەيلى) دېگەن مۇراسىم قوشاقلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. مەھمۇد كاشغەرىي يەنە بۇ خىل مۇراسىم قوشاقلىرىنى «سۇرچۇك» ۋە «سوغدىچ» نامىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كەچلىك يىغىلىشتا ۋە قىشتا ئۆزئارا نۆۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان قاتار زىياپەتتە ئېيتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تەبىرى مەشرەپنىڭ قەدىمكى مۇراسىملاردىن شەكىللەنگەن بىر خىل تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى ئىكەنلىكى، ئاساسلىقى كەچلىك يىغىلىش ۋە زىياپەتلەردە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىشتا ئۆزئارا نۆۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى قاتارلىق مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. تەتقىقاتچىلار شۇنى كۆرسەتتىكى، «بۇنداق مۇراسىملار شىنجاڭ مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق يىغىلىش مۇراسىملىرى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئاستا - ئاستا تەرەققىي قىلىپ، كېيىنكى مەشرەپلەرنىڭ شەكلى بولغان. قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەشرىپى ئەشۇ قەدىمكى مۇراسىملاردىن بارلىققا كەلگەن. ئەمما، ھازىرقى مەشرەپلەر ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتكەنلىكتىن، ئۇ ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، تەدرىجىي موللىشىپ تەرەققىي قىلغان. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن.»

ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەشرەپلەر ئاساسلىقى يېزىلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەل ئىچى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر شەھەرلەردە مەشرەپ بولسىمۇ، ئۇ مەشرەپ نامىدىكى ئەدەبىيات - سەن-

ئەت پائالىيىتى بولۇپ، مەشرەپنىڭ ئەسلىي ئىچكى مەزمۇنىدىن ئايرىلىپ قالغان. ھەقىقىي مەنىدىكى مەشرەپنىڭ سەھنىسى بولمىغانلىقتىن، ئارتىس ۋە تاماشىبىن دەپ ئايرىلمايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ مەشرەپلىرى ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. كۆپلىگەن مەشرەپلەر ئىچىدە قەدىمىيلىكنى نىسبەتەن تولۇق ساقلاپ قالغىنى دولان مەشرىپىدۇر.

«دولان» سۆزى خەنزۇچىغا ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «朵兰、都兰、多兰、多浪、刀郎» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. نۆۋەتتە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ «دولان» ۋە «دولانلىقلار» نىڭ كېلىپ چىقىشىغا قارىتا ئوخشىمىغان قاراشلىرى بار. ⑤ «دولان» سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسى ھەققىدە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل تەبىر بار.

بىرىنچى، «تارىملىق يەرلىك ئاھالە» دەپ قاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر دولانلىقلارنى ئاساسلىقى تەكلىماكان بويىدىكى مەكىتنى مەركەز قىلغان رايونلارغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، مارالبېشى، يەكەن، قاغىلىق، يوپۇرغا قاتارلىق ناھىيەلەرنىڭ مەكىت بىلەن چېگرىلىنىدىغان يېزىلىرى شۇنداقلا ئاقسۇ ئاۋات ناھىيەسى، تارىم دەرياسىنى بويلاپ بۇگۇر، لوپنۇردىن تارتىپ تاكى قۇمۇلغىچە بولغان كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار تارىختىن بۇيان بۇ باي، مۇنبەت گۈزەل تۇپراقتا ياشاپ، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، جاپالىق ئەمگىكى بىلەن سانسىز بايلىقلارنى يارىتىپ، تارىمدىن ئىبارەت بۇ تۇپراقنى گۈللەندۈرگەن دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى، «ئۇيغۇرلار» (回纥) دەپ قاراش. بۇ قاراشتىكىلەر «كونا تاڭنامە» دە «تېلى قەبىلىسى ئارىسىدا دولان (多览葛) قەبىلىسى بار.» دەپ خاتىرىلەنگەن، غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى (西回鹘汗国) غەربىي دىيارنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇلار ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان. موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى دولان قەبىلىسى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە (多浪、多兰) دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بايىنبۇلاق يايلىقىدىن شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ، قارا شەھەر قاتارلىق جەنۇبىتىكى رايونلارغا يۆتكىلىپ، ئاستا ـ ئاستا چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا ئۆتۈپ، ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن» دەپ قارايدۇ.

ئۈچىنچى، موڭغۇل ھەم موڭغۇللار بىلەن تۈركىيلەرنىڭ بىرلەشمىسى دەپ قاراش. بۇ قاراشتىكىلەر «مەكىت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە دولانلىقلار بار. 13 ـ ئەسىردە چىڭگىزخان شىنجاڭنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن زېمىننىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان. چاغاتاي خان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى ئومۇمىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان دوغلات قەبىلىسىگە سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن. شۇ چاغدا مەكىتلىكلەر ئاز، ئورمانلىقلار كەڭرى، تۇپرىقى مۇنبەت، ئوت ـ چۆپلىرى مول ئىدى، موڭغۇل قەبىلىلىرى ئولتۇراقلىشىپ، تورمۇش كەچۈرۈپ، چارۋىچىلىق قىلىدىغان بىر ياخشى زېمىنغا ئايلانغان، شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم موڭغۇللار كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 17 ـ ئەسىردە جۇڭغارلار شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەربىي موڭغۇل دوغلاتلىرى (厄鲁特人) جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆچكەن بولۇپ، ئۇلاردىن بىر قىسىملىرى مەكىتكە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇزاق ۋاقىت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش، بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىش ۋە ياشاش داۋامىدا بارا ـ بارا ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار، دولانلىقلار دەپ ئاتالغان.» دەپ قارايدۇ.

بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈشى داۋامىدا، مەكىتنىڭ يەرلىك دولان سەنئەتچىلىرى دولان دېگەن سۆز «تالا» ياكى «دالا» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. چۈنكى دولانلىقلار شەھەردىن يىراق بولغان باياۋانلاردا، قويۇق ئورمانلىقلاردا ياشىغان. ئۇلارنىڭ ئەسلىي ماكانى زەرەپشان دەرياسى بويلىرى بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇرۇنقى دولانلىقلار تۆيزە ئۆيدە (تاملىرى ياغاچتىن توقۇپ ياسالغان ئۆي. مەكىت شېۋىسىدە تۆيزە ئۆي دېيىلىدۇ) تۇرىدۇ. يىگىرمە ـ ئوتتۇز تۆيزە ئۆي بىر كەنت بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا 72000 تۆيزە ئۆيلۈك دولانلىقلار بار ئىكەن. ئەگەر مۇھىم ئىش بولۇپ يىغىلماقچى بولسا، ناغرا چالىدىكەن، دەپ تەبىر بەرگەن. يەنە خېلى كۆپ خەلق سەنئەتكارلىرى «دولان»، «بىر توپ، بىر توپ» دېگەن مەنىدە، دولانلىقلار زەرەپشان دەرياسىنى بويلاپ تارقالغان بولۇپ، دەشت ـ باياۋاندا يەرنى كولاپ ئۆي ياسىغان، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرغان، دەپ قارايدۇ.

بىز يۇقىرىقى ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ دولان قەدىمىكى يەر ـ جاي نامى دېگەن قاراشقا كېلىمىز. «ھازىر قەشقەر مەكىت ناھىيەسى ئەتراپى دولان رايونى دەپ ئاتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بۇ يەردىكىلەر ئۆزىنى دولانلىقلار دەپ ئاتايدۇ. قەدىمدە بۇ يەردىكىلەر ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئاددىي، كىشىلەرنىڭ مىجەزى مەردانە. مەكىتنى كەڭ كەتكەن، چۆللۈك، دەريا ئوراپ تۇرغان بولۇپ، سىرت بىلەن ئالاقىسى نىسبەتەن ئاز. شۇڭا خەلقنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرىنىڭ ساقلىنىشى بىرقەدەر مۇكەممەل، قەدىمكى مەشرەپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىنتايىن قويۇق. «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ھەرقايسى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىكى ۋارىيانتلىرى ئىچىدە «دولان مۇقامى» نىڭ ھاياتىي كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، ھازىرغىچە دولان مەشرىپىدە كەڭ تارقىلىپ كەلمەكتە. «دولان رايونى، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار ئىچىدە مەشرەپ ئەڭ كۆپ، ئەڭ رەڭدار بولىدىغان رايون ...»⑥.

مەكىتتە ھەر خىل مەشرەپلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ئاۋامنىڭ تەبرىكلەش بايرىمىنىڭ ھەممىسىدە بايرام مەشرىپى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. كىمنىڭ ئۆيىدە توي بولسا، شۇ ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرى قاتناشقان توي مەشرىپى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەكلىپ قىلىش مەشرىپى، ناماقۇللۇق مەشرىپى، ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى قاتارلىق مەشرەپلەرمۇ بار.

قەشقەر مەكىتنى مەركەز قىلغان رايونلارنىڭ مەشرەپلىرىدىكى ئالاھىدىلىكنىڭ ساقلىنىشى بىرقەدەر قەدىمكى ھەم مۇكەممەل بولغاچقا بىز ئەل ئىچى قىزىقچىلىق مەدەنىيتى نۇقتىسىدىن دولان مەشرىپىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە مىللىي خاراكتېرىنىڭ يارىتىلىشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە رولىنى تەھلىل قىلىمىز.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئەل ئىچى مەدەنىيتى بولغان بۇ مەشرەپ بىر كۆلكە دېگىنى. دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدىكى جىددىي ئەمگەك ۋە باشقا سىرتقى بېسىملار بولمىغان، بىر يىللىق مول ـ ھوسۇل خۇشاللىقنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ مەدەنىيەت پائالىيىتى يەنە بىر خىل ئۆزگىچە تۇرمۇش شەكلىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ رېئال تۇرمۇشتا تولىمۇ ئىنتىلىدىغان، ئەمما ئېرىشەلمەيدىغان، بېسىم بولمىغان، ئادىل، ئەركىن، تەسەۋۋۇرىدىكى تۇرمۇش شەكلى ۋە تەسەۋۋۇرىدىكى دۇنيا. مەشرەپتە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى رەھبەر ۋە باشقۇرغۇچىنى سايلاپ چىقىدۇ. ئۇلار بارلىقى بىلەن مەشرەپ ئەھلى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا، كۆپچىلىكنىڭ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتلىق خىيالىي جەمئىيەتتە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا، دۇنياغا بولغان ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ جەرياندا كىشىلەر تۇغقانلاردەك مۇئامىلە قىلىشىدۇ، چەكلىمە، دەرىجە پەرقى بولمايدۇ. بۇ دەل مەشرەپتىكى خۇشاللىق كۈلكىسىنىڭ تارىختىن بېرى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىشىنىڭ پسىخىك ئامىلى. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چاقچاقلىرىدىن تەشكىل تاپقان، ھەر خىل سىرتماقلاردىن قۇتۇلغان، قايىنام تاشقىنلىقتا تولغان تۇرمۇشىدۇر.

## 2. دولان مەشرىپىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەزمۇنى

كۆپلىگەن ئەل ئىچى مەدەنىيتى بۈگۈنكى كۈندە بارغانسېرى يوقىلىپ بارغاچقا، دالا تەكشۈرۈش فولكلورشۇناسلىقتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمما ھازىر ھەر خىل ئۆرپ ـ ئادەت ماتېرىياللىرىنى يىغقاندىن كېيىن ئۇنى مۇئەييەن مۇددىئا بىلەن تەھلىل قىلالماسلىق ئۇيغۇر مەشرەپلىرى تەتقىقاتىدا ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر مەسىلە. ماتېرىياللارنى يىغىش بىلەن بىرگە يەنە تىل مۇھىتىغىمۇ (كونتېكىست) دىققەت قىلىش زۆرۈر. «تىل مۇھىتىدىن ئايرىلغان ئۆرپ ـ ئادەت ئەسلىي ماتېرىياللىرى ئەمەلىيەتتە فوكلور مۇزېيىنىڭ زىنىنەتلەپ قويغان تاملىرىغا ئوخشايدۇ، شۇنداقلا ئۇ بەئەينى شەخسلەرنىڭ تۇرالغۇلىرىنى بېزەش ئۈچۈن سىرتتىن ئەكېلىپ تىزىپ قويغان چالغۇ ـ ئەسۋابلىرىنىڭ ئۆزى. بىراق چالغۇنىڭ ئاۋازى، ئۇدارى، ئىقتىدارى شۇنداقلا چالغۇ ئارقىلىق ئورۇنلانغان نومۇر شۇنچە مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئۇ بىزگە بەش قولدەك ئايان.»⑦ شۇڭا ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە يەنە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق مەسىلە بارلىقىنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش زۆرۈر، ئەلۋەتتە. مەشرەپ جۈملىدىن دولان مەشرىپى ئۇسسۇل قىسمى، ئويۇن قىسمى، جازا قىسمى قاتارلىق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ⑧

ئۇسسۇل قىسمى. دولان مەشرىپى ناخشا ۋە ئۇسسۇل بىلەن باشلىنىدۇ. باشلىنىش قىسمى چېكىتمە دېيىلىدۇ. باش مۇقامنى بىر ناخشىچى يالغۇز كىشىلىك ناخشىسى بىلەن باشلايدۇ، ئۇلاپلا مۇزىكانتلار ساز چالىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا مۇزىكا ساداسى ئىچىدە مەشرەپ ئەھلى ئۆزلۈكىدىن ئەر ـ ئايال، جۈپ ـ جۈپ بولۇشۇپ، مەردانە قەدەملەر بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بۇ ئۇسسۇل ھەرىكىتى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئەر ئىككى قولىنى نۆۋەت بىلەن ئوڭ ـ سولغا تاشلايدۇ، ئايالمۇ ئەرنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، نۆۋەت بىلەن ئوڭ ـ سول قولىنى ئېگىز كۆ-

تۇرىدۇ. بۇ قىسىمدىكى مۇزىكا بىرقەدەر تۇراقلىق، رىتىمى بىرقەدەر ئاستا بولىدۇ. پۈتۈن مەيداندىكى ئۇسسۇلچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئىنتايىن رەتلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، پۇت ـ قول ھەرىكىتى ئۆلچەملەشكەن بولىدۇ. بۇ ئۇسسۇلنىڭ بىرىنچى بۆلىكى. ئىككىنچى بۆلىكى سەنەمگە كەلگەندە، ناغرا رىتىمى تېزلىشىدۇ، ئۇسسۇل ھەرىكىتىمۇ ئۆزگىرىپ، ھەرىكەت تېزلىشىدۇ. ئۇلاپلا ئۈچىنچى بۆلىكى سەلىقە باشلىنىدۇ. مۇزىكا رىتىمى تېخىمۇ تېز بولۇپ، ئۇسسۇل ھەرىكىتىمۇ ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشكەن كىشىلەر بىراقلا بىر چوڭ چەمبىرەك بولۇپ ئوينىشىدۇ، مەيدان ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بولىدۇ. تۆتىنچى بۆلەك سىيرىلمىنىڭ مۇزىكا رىتىمى تېخىمۇ تېز بولۇپ، مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ چوڭ يۇملاق بىر ـ بىرلەپ پارچىلىنىدۇ، كىشىلەر كۈچ بىلەن ساماغا سەكرىشىدۇ. بۇ چاغدا مۇزىكا ئاۋۋالقىدەكلا تېزلىشىدۇ، ناغرا تېخىمۇ تېز ئۇرۇلۇپ، ئۇسسۇلچىلاردىن ئايلىنىش سۈرئىتىنىڭ يېتىشىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. سۈرئەتنىڭ تېزلىشىشىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم كۈچى يېتىشمىگەن، بېشى قېيىپ، كۆزلىرى ئىلىشىپ كەتكەنلەر بىر ـ بىرلەپ مەيداندىن ئايرىلىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بىرقانچە، ھەتتا بىر ئادەم قالسىمۇ ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرىدۇ. ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرەلىگەنلەر «ئۇسسۇل پادىشاھى» دەپ ئاتىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

ئويۇن قىسمى. مەشرەپ ناخشا ـ ئۇسسۇلدىن كېيىن ئىككىنچى قىسمى بولغان ھەر خىل ئويۇن قىسمىغا كىرىدۇ. بەزمىنىڭ تەرتىپلىك ھەم كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەشرەپ ئەھلى بىر يۈرۈش قاتتىق «قائىدە ـ تۈزۈم» ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان بىر قىسىم «خادىم» لارنى بېكىتىدۇ. بۇ «قائىدە ـ تۈزۈم» نى مەشرەپكە قاتناشقۇچىلار ئورتاق مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىدۇ. «خادىم» نىمۇ بارلىق مەشرەپ ئەھلى تاللاپ چىقىدۇ. بۇ «قائىدە ـ تۈزۈم» لەر مەشرەپكە قاتناشقۇچىلارنىڭ ئېسىل پەزىلەت، گۈزەل قىلىق، كوللېكتىپ ئىنتىزامغا بويسۇنىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىشتۇرۇشى ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. مەشرەپنىڭ خىزمەتچىلىرى يىگىت بېشى، قازى، پاششاپ، كۆزەتكۈچى ۋە يايلاردىن تەركىب تاپىدۇ. مەشرەپكە قاتناشقۇچىلار ئادەتتە «ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى خىزمەتچىلەر، بولۇپمۇ قازى ئىقتىدارسىز چىقىپ قالسا «ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز» نىڭ ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شۇ ۋاقىتتىلا باشقىسىنى تاللاپ چىقىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئەگەر «قائىدە ـ تۈزۈم» گە خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولسا، «ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز» قاتارىدىن قوغلاندى قىلىنىدۇ. بۇ «قائىدە ـ تۈزۈم» لەر مەشرەپكە قاتناشقۇچىلارنىڭ مەشرەپكە كېچىكمەسلىكى، سەۋەبسىز، رۇخسەتسىز ئايرىلماسلىقى، سەممىمي بولۇشى، كەيىپ قىلماسلىقى، ئەيش ـ ئىشرەتتە بولۇشقا ئۇرۇنماسلىقى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ كىچىكلەرنى ئاسرىشى، قىز ـ ئاياللارغا بىھۇدە چاقچاق قىلماسلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دولان مەشرىپىدىكى ئويۇندا ئاساسلىقى ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ياكى تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى دوراش، مەھكىمە شەرئىنىڭ سوت قىلىشىنى دوراش قاتارلىقلار بار. مەسىلەن، «بوۋا ئويۇنى»، «سوتلاش ئويۇنى»، «ئۆردەك ئويۇنى» قاتارلىقلار. ۋەكىل خاراكتېرلىك ئويۇنلار تۆۋەندىكىچە:

بوۋا ئويۇنى. بۇ ئويۇندا، ئاۋۋال بىر «ئايال» (ئايالچە ياسانغان ئەر) ئۇسسۇل سەھنىسىنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ قەستەن ھەر خىل قىلىقلارنى قىلىدۇ، ئارقىدىنلا بىر ئادەم ھاسىغا تايىنىپ بوۋاينى دورىغىنىچە كىرىدۇ، ئۇ ئۆزىنى ئورمىچى، ساتىراچ، چىش دوختۇرى دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئاۋۋال ئورمىچىنى دورايدۇ. ئۇ زوڭزىيىپ، ھاسىسى بىلەن ئورما ئورغاننى دورايدۇ. بوۋاي يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى راۋۇرۇس ئولتۇرمىغانلارنى ھاسىسى بىلەن «ئورۇش» قا باشلايدۇ، «ئۇرۇلغانلار» ۋارقىرىشىپ كېتىدۇ، ئۇلار تاكى راۋۇرۇس ئولتۇرغىچە «ئۇرۇلىدۇ». سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھېلىقى «ئورمىچىغا» قاراپ ھېسداشلىق قىلىپ كۈلىدۇ. مانا بۇ قىزىقارلىق بولغان «ئورما ئورۇش» ئويۇنىدۇر. مۇشۇنىڭدىن باشلاپ مەشرەپنىڭ ئاساسىي مۇددىئاسى كۈلكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن «بوۋا» يەنە ساتىراچنى دورايدۇ. ئۇ بىر ئادەمنى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ چېچىنى يالغاندىن ياسايدۇ. يەنى ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى كۈچەپ قىسىدۇ، يۈزىگە ئۇرىدۇ، چېچىنى تارتىدۇ تاكى بۇ ئادەم ۋارقىراپ تۇرۇپ ئەپۇ سورىغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئاللىقاچان پۈخادىن چىققىدەك ئۇرۇلغان بولۇپ، تۇرقىدىن كىشىنىڭ كۈلكىسى كېلىدۇ، بۇ چاغدا مەشرەپ ئەھلىمۇ يەنە بىر قېتىم تازا كۈلىدۇ. «بوۋا ئويۇنى» نىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى چىش دوختۇرىنى دورىغان يېرى بولۇپ، چىشى ئاغـ

رىغان بىر «بىمار» ۋايجانلىغىنىچە كېلىپ، دوختۇردىن داۋالاپ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ. چىش دوختۇرى ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، ناھايىتى مۇبالىغە قىلىپ، چوڭ ئامبۇر بىلەن ئۇنىڭ چىشىنى تارتقان ھەرىكەتنى قىلىدۇ، ھېلىقى چىشى تارتىلغىنى ئاغرىق دەستىدىن ۋارقىراپ كېتىدۇ، چىش دوختۇرى يەنىلا بولدى قىلماي تېخىمۇ كۈچەپ تارتىدۇ. بىمار ئاغرىق دەستىدىن يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ، سېزىمىنى يوقىتىدۇ. بۇ چاغدا بىر ئادەم كېلىپ داد ئېيتىپ: «ۋاي دادا! ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، بۇ ئادەم ئاكامنى زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ خۇن دەۋاسىنى كۆرگەن «قازى» دەۋانى سوراشقا باشلايدۇ. ئۇ ئىنچىكە تەكشۈرگەندىن كېيىن «بوۋاي دەۋاگەرنىڭ ئاكىسىنى دەرھال تىرىلدۈرسۇن» دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بوۋاي «مېيىت» نىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى ئۇرغاندەك قىلىپ، قاتتىق ۋارقىراپ: «سېنى بىرنى ئۇرسام يەنە مىدىرلىمىدىڭ، يەنە بىرنى ئۇرسام مىدىرلا، ئۈچىنچى قېتىم ئۇرسام...» دېگىنىچە مۇشتۇمىنى توگۇپ ئۇنى ئۇرغاندەك قىلىدۇ. بۇ چاغدا «مېيىت» ئورنىدىن دەس قوپۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا: «ۋايجان، ئۇرمىغىن» دەيدۇ ـ دە، دەرھال قاچىدۇ. بۇ چاغدا «دەۋاگەر» ھارۋىغا ئولتۇرغان بىر ئايالنى تارتقىنىچە قاچىدۇ. بوۋاي ئۇياق ـ بۇياققا قارىغاندىن كېيىن مومىيىنىڭ يوقلۇقىنى بايقايدۇ ـ دە، جىددىيلەشكەن ھالدا: «قېنى مېنىڭ مومىيىم، ئالىيلىرى؟» دېگىنىچە مەيداندىن ئايرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىزىقچىلىق ئويۇنى كۈلكە ساداسى ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئويۇنلارنىڭ سەھنە جابدۇقلىرى يوق، پۈتۈنلەي ئويۇن قويغۇچىنىڭ ئويۇن قويۇش ماھارىتىگە تايىنىدۇ. بۇنداق «قىزىقچىلىق» ئويۇن قويغۇچى بىلەن مەشرەپ ئەھلىنى باغلاپ تۇرىدىغان يىپ بولىدۇ.

سوتلاش ئويۇنى. بۇ ئويۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيانقى مەھكىمە شەرئىيىسىنى دورايدۇ. دىنىي خادىم قازى ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتتە قانۇن بىلەن ھوقۇقنىڭ سىمۋولى ئىدى. بۇ ئويۇن دەل تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كەڭ ئاممىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بۇ «مەھكىمە شەرئى» نى قىزىقچىلىق قىلىپ دورىشىدۇر. بۇ ئويۇندا خەلقنىڭ ئادىللىققا ئىنتىلىشى ئىپادىلىنىپلا قالماي، يەنە باراۋەر، ئادىل جەمئىيەتكە بولغان ئىنتىلىشىمۇ نامايان قىلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئويۇندا خەلقنىڭ دىنىنىڭ نۇقسانلىرىغا بولغان مەسخىرىسى ۋە تەنقىدى تولۇپ تاشقان. بۇ ئويۇن بارلىق ئويۇنلار ئىچىدىكى ئەڭ قىزىقارلىق ئويۇننىڭ بىرىدۇر. بۇ ئويۇننىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى ئەرز قىلىش، سوتلاش، ھۆكۈم چىقىرىش، جازالاش قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئويۇن دولان مەشرىپىدىلا ئەمەس. بەلكى يەنە تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى رايونلىرىنىڭ مەشرەپلىرىدىمۇ بار. ئويۇندا قازى (مەشرەپنىڭ يىگىت بېشى ئۈستىگە ئالىدۇ) ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن سۈرلۈك ۋە جىددىي تەلەپپۇزدا: «سوراق باشلاندى!» دەپ تەنتەنىلىك بىلەن جاكارلايدۇ. بۇ چاغدا پاششاپ كۆپچىلىكنى جىم بولۇشقا ئۈندەيدۇ. مەيداندا ئۇزاققا سوزۇلغان جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. بەزىلەر بۇ جىمجىتلىققا چىداپ تۇرالماي پىچىرلىشىدۇ، بەزىلەر تاماكا خۇمارىغا چىدىيالماي، ناھايىتى تېزلىكتە تاماكىسىنى بىر ـ ئىككىنى شورىۋالىدۇ ياكى بىر قانچە تال مېۋە يېۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى باشقىلار دەرھال سېزىۋالىدۇ ھەم شۇ ھامان قازىغا: «قازاخۇنۇمغا مەلۇم بولغايكى، ئۇ خالىغانچە تاماكا چەكتى، تەرتىپنى بۇزدى...» دەپ دەۋا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەرتىپنى بۇزغۇچىنى سوتلاش باشلىنىدۇ. ئۇنى سوتلاش ئۇنىڭ ئويۇن تەرتىپىنى بۇزۇپ خالىغانچە تاماكا چەككەنلىكىدىن تاشقىرى يەنە ئۇنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇشتىكى بىر قىسىم ئوسال ئادەتلىرىنىمۇ ئاشكارىلاپ سوتلاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ جىنايەت ئەھۋالى بىر ـ بىرلەپ شىكايەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن «قازى» بۇ جىنايەت ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ، خاراكتېرىنى بېكىتىشكە باشلايدۇ. ئاخىرىدا مۇۋاپىق بولغان «ھۆكۈم» نى چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر قىسىم سورۇندىن رۇخسەتسىز ئايرىلغان، كېچىككەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ چاغدا قاتتىق تۈزۈم بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. (بۇ جەرياندا «قازى» نىڭ قەستەن چىقارغان قىياپەتلىرى كىشىلەرنى توختىماستىن كۈلدۈرىدۇ. بۇ ئويۇن باشلىنىشى بىلەنلا كۈلكە ساداسى ئۈزۈلمەيدۇ) قازى ئاخىرى جازالاش قارارىنى چىقىرىدۇ. جازالاش بۇ ئويۇننىڭ كۈلكىسىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ.

جازالاش ئويۇنى. دائىم ئۇچرايدىغان جازا ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇللىرىدىن تامغا سۈرىتىنى چىقىرىش، ئۆپكە ـ ھېسىپ قۇيۇش، ياغ تارتىش، ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلار بار. بۇ جازا ئويۇنى كىشىلەرگە ئاجايىپ زور خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. «بىر خىل مۇھىم بولغان خۇشاللىق يەنە بىر خىل زۆرۈر بولغان ئەخلاق بۇلىقى بولغانلىقتىن، ئۇ ئۆرپ ـ ئادەت ئىچىدە بارلىققا كېلىدۇ. كىشىلەر ئادەتلەنگەن ئىشلىرىنى ناھايىتى ئوڭاي، جايىدا قىلغانلىقتىن،

ئېخمىۇ خۇشاللىق بىلەن قىلىدۇ. قىلغان ئىشلىرىدىن خۇشاللىق تاپىدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا يانداشقان ئۇرپ - ئادەت ھەممىنى يېڭىلايدۇ. ھازىرغىچە تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن سىناق بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ سالامەتلىككە پايدىلىق ئىكەنلىكى، مەنپەئەت قىلىدىغانلىقى ئاللىقاچان ئىسپاتلانغان. شۇڭا ئۇرپ - ئادەت خۇشاللىق بىلەن مەنپەئەتنىڭ بىرىكمىسى، بۇنىڭدىن سىرت ئۇنىڭغا ھەر قانداق مۇلاھىزىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.» ⑨

تامغا سۈرتىنى چىقىرىش دېگەندە، ئاۋۋال جازانلانغۇچىنىڭ ئۆچىسىدىكى كىيىملەر سالدۇرۇلىدۇ، بىر قانچەيلەن كېلىپ ئۇنى تامغا چاپلايدۇ، كېيىن سوغۇق سۇنى ئۇنىڭ بەدىنىگە پۈركىيدۇ. تامنىڭ ئۇنىڭ بەدىنى چاپلىشىپ تۇرغان يېرى نەملەشمەي، بەدىنىنىڭ نەملەشكەن يېرىنىڭ ئىزى ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. مانا بۇ «تامغا سۈرتىنى چىقىرىش» دەپ ئاتالغان، قىزىقارلىق بولغان «جازا» ئويۇنىدۇر.

مەشرەپتە بىراۋ رۇخسەتسىز خالىغانچە بىر نەرسە يېسە، «سامسا يېقىش» جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇ جازا سامسا يېقىشنى دوراش جەريانىدۇر. جازالانغۇچى تارتىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ئۆچىسىدىكى كىيىمى سالدۇرۇلۇپ، دۈمبىسى تونۇر قىلىنىدۇ. بىر قىزىقچى جازالانغۇچىنىڭ بېشىنى ئوڭ - سولغا يېنىك تەۋرىتىپ، ئۇن تاسقىغاننى دورايدۇ. كېيىن يەنە ئۇنىڭ دۈمبىسىنى ئىشقىلاپ خېمىر يۇغۇرغاننى دورايدۇ، «تونۇر» غا ئوت يېقىپ، تۇز چېچىپ، «تونۇر» نىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەيدۇ. يۇقىرىدىكى ئىشلاردىن كېيىن ئاستا - ئاستا سامسا يېقىشقا باشلايدۇ. قىزىقچى ئالقىنى بىلەن جازالانغۇچىنىڭ يالىڭاچلانغان ھەم خېلى ئۇزاق ئىشقىلانغان دۈمبىسىگە ئۇرۇپ، بىر قىزىل ئىزنى چىقىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ تونۇرغا بىر - بىرلەپ سامسا ياقىدۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ سامسىنىڭ پىشقىنىنى پەرەز قىلىپ، يەنە ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن بىر - بىرلەپ سامسىنى قومۇرىدۇ. ھەر بىرنى قومۇرغاندا جازالانغۇچىنىڭ دۈمبىسىنى بىر قېتىم قاتتىق چىمدىيدۇ. بۇ جەريانلارنىڭ ئورۇنلىنىشى ناھايىتى ئەستايىدىل، جانلىق بولۇپ، جازالانغۇچى ئەلۋەتتە خېلى رىيازەت چېكىدۇ. ئەمما بۇ جازالاش كۈچلۈك مۇبالىغە، دوراش كومېدىيەلىك تۈسكە تولغان بولۇپ، كۆرگۈچىگە ئاجايىپ ھوزۇر بېغىشلايدۇ.

«ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» نىڭ جازالىشى ئېخمىۇ قىزىقارلىق، ئېخمىۇ دراماتىك تۈسكە ئىگە. بۇ جازا مەشرەپتە مەخسۇس ئاياللارغا بىھۆرمەتلىك قىلغانلارغا تۈزۈلگەن بولۇپ، جازالانغۇچى چوقۇم بىر ۋاقىتتا ئىككى خوتۇن ئېلىشى كېرەك. بۇ ئىككى «خوتۇن» نى ئىككى يىگىت دوراپ چىقىدۇ. ئۇلار جازالانغۇچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تورىدۇ، ئۇلار قولىنى قازاننىڭ قارىسى ۋە سۇ يېغىنىڭ ئارىلاشمىسىغا چىلىغان بولۇپ، بىرى ئېرىنىڭ ئوڭ قولىقىنى، بىرى سول قولىقىنى تارتىپ، بەس - بەس بىلەن «ئېرى» گە «مۇھەببەت» ئىزھار قىلىدۇ. بۇ بىر تارتىپ بىر سوزۇپ دېگەندەك جەريانلاردا، بىچارە ئەرنىڭ ئىككى كۆزى ۋە ئېغىزىدىن باشقا يەرلىرى قارا ماي بىلەن بويىلىپ، گويا بىر قارا ئالۋاستى سىياقىغا كىرىپ قالىدۇ. مەشرەپ ئەھلى ئىككى خوتۇننىڭ بەس - بەس بىلەن «مۇھەببەت» ئىزھار قىلىشىدىن ۋە ئەرنىڭ رەسۋا بولغان ھالىدىن قانغىچە كۈلۈشىدۇ.

مەشرەپ ئويۇنلىرى نوقۇل بۇلارلا ئەمەس، شۇنداقلا ئەزەلدىن بۇنداق قېلىپلىشىپ قالغانمۇ ئەمەس. مەسىلەن، ئوۋچىلىق دەۋرى تۇرمۇشىنى دورايدىغان «غاز ئويۇنى» ۋە چار بازارچىلىق تۇرمۇشىنى دورايدىغان «تۆگە ئويۇنى» قاتارلىقلارمۇ بار. بۇ ئىككى خىل ئويۇن ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئىككى مۇھىم دەۋر - بۆرۈنقى ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى دەۋرى ۋە كېيىنكى يېپەك يولى مەدەنىيىتى دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇڭا مەشرەپنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل، ئويۇن پائالىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۇرپ - ئادەت پائالىيىتى ياكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىلا ئەمەس. بەلكى ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مۇساپىسىنىڭ شاھىدى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇشى. بۇندىن سىرت يەنە ھەرقانچە قىلىپمۇ باشقا ھەرقانداق بىر شەكىل ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كەچۈرمىشىنى، ئىدىيەسى ۋە دۇنيا تونۇشىنى مەشرەپتەك ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.

### 3. ئەل ئىچى قىزىقچىلىق مەدەنىيىتى — دولان مەشرىپى

دولان مەشرىپى ئالدىنقىلاردىن ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى بىلەن ئۇلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ زامانىدىن چەقىش قىلىپ دولان مەشرىپىنى بايقىشىمىزغا موھتاج. ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت نۇۋەتتە بىزنىڭ چۈشەنگەنىمىزدىن يەنە نەچچە ھەسسە كۆپ. ھازىرچە ئۇنى بىلىشىمىز خۇددى يىراقتا تۇرۇپ مۇز تاغنىڭ چوققىسىنى كۆرگىنىمىزچىلىكلا بولدى، خالاس.

بىرىنچىدىن، دولان مەشرىپى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھەم يېقىنقى زامان ئۇيغۇر فولكلورىدىكى ئەڭ مۇھىم خۇشاللىق پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ قىزىقچىلىق شەكلى ئارقىلىق ئۇي-

غۇرلارنىڭ دۇنيانى بىلىشىنى، باراۋەر، ئەركىن، ئىناق، غا-
يىۋى تۇرمۇشقا ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، شۇنداقلا
دۇنيا قاراش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەشرەپتە
مەشرەپ ئەھلىگە بىردەك باراۋەر مۇئامىلە قىلىنغاچقا،
ھېچقانداق دەرىجە پەرقى بولمايدۇ. بەزى رايونلاردا مەشرەپ
كېچىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. پۈتكۈل جەريانى شۇنداق تەرتىپلىك
بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا تۇغقانلارچە مۇناسىۋەت شەكىل-
لىنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئادەتتىكى تۇرمۇشىدا ئىنتە-
لىدىغان، ئەمما ئېرىشەلمەيدىغان غايىۋىلەشتۈرۈلگەن جەم-
ئىيەت. مەشرەپتە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى باش-
لىقنى (يىگىت بېشى) نى تاللاپ چىقىدۇ، ئادىل قانۇن
ئورگىنى قۇرۇلۇپ، «قانۇن ئالدىدا بىئەدەپلەر جازالىنىدۇ.
ئاجىزلار قوغدىلىدۇ، كىشىنىڭ ئىززىتى ھۆرمەت قىلىنى-
دۇ. رېئال تۇرمۇشتىكى كىشىلەر ئارىسىدىكى رەھىمسىز
دەرىجە مۇناسىۋىتى بۇ ئويۇنلاشقان غايىۋى جەمئىيەتتە
ۋاقىتنچە ئەمەلدىن قىلىپ، كىشىلەر ئارىسىدا سىنىپىي
جەمئىيەتتە ۋاقىتنچە مۇمكىن بولمايدىغان ئالاقە ۋە بېرىش
- كېلىش شەكىللىنىدۇ. بۇ يەردە سەممىيەتسىزلىك
جازالىنىدۇ، شۇڭا سەممىي گەپ - سۆز بۇ يەردىكى ئا-
ساسلىق تىل، ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدا ھەقىقىي چىن
مەنىدىكى كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇلار مەشرەپنىڭ
ئالاھىدە تىلى - قىزىقچىلىق تىلى ئارقىلىق ئالاقىلىشى-
دۇ. بۇ خىل تىل كۈچلۈك كومېدىيەلىك تۈسكە ئىگە بو-
لۇپ، كىشىلەرنىڭ بۇ پائالىيەتتىكى خۇشاللىق تەسىرا-
تىنى سىمۋوللۇق ھالدا ئىپادىلەيدۇ. «تەنتەنە شەكلىدىكى
دۇنيا ھۇزۇرىنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆزىتىشى ۋە ئويلىنىشىغا
پەيدا قىلغان تەسىرىگە قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ خىل
تەسىر كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىدىن
(مەيلى ئالىم، مەيلى دىن مۇخلىسى بولسۇن) ۋاز كەچكۈ-
زىدۇ، تەنتەنە شەكلىدە قىزىقچىلىق نۇقتىسىدىن دۇنيانى
كۆرىدۇ» ⑩ دەپ كۆرسىتىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر ھۆكۈمەت
دىنىي جەمئىيىتى ۋە قۇلدار بيۇروكراتلارنىڭ يۇقىرى
قاتلىمىدىكى رەزىللىك قىزىقچىلىق نۇقتىسىدىن تەنقىد
قىلىنىدۇ، مەسخىرە قىلىنىدۇ. مەشرەپ ئەل ئىچى كۆڭۈل
ئېچىش ئاپالىيىتى بولغاچقا، كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇ-
شىدا كۆڭلىدە بولسىمۇ ئېغىزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمى-
غانلىرىنى بۇ يەردە تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن بايان قىلىدۇ،
بۇ چاغدا ئۇلار ئاجايىپ كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشىدۇ.
بارلىق ساختىلىق ۋە رەزىللىك بۇ يەردە ئاشكارىلىنىدۇ،
چۈنكى بۇلار رېئاللىق ئەمەس بەلكى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇ-
نى، خالاس.

ئىككىنچىدىن، مەشرەپ ئېچىۋېتىلگەن، مۇقىم قېلىپى
بولمىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. كىشىلەر تۇرمۇشى-
نىڭ ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇرۇشى بىلەن مەشرەپكە قات-
نىشىدىغانلارمۇ دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ھەر قې-
تىمقى ئويۇن خىلمۇخىل بولغاچقا ئاممىنىڭ مەشرەپكە
بولغان ئىنتىزارلىقى داۋاملىق كۈچىيىپ تۇرىدۇ. ئاممى-
نىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مەشرەپنى تەشكىللى-
گۈچىلەر ۋە مەشرەپكە قاتناشقۇچىلار ئۆزىگە تېخىمۇ يۇقى-
رى تەلەپ قويۇپ، ئامالىنىڭ بارىچە تەسەۋۋۇر كۈچىنى قانات
يايدۇرىدۇ، ئويۇن كىشىنى تېخىمۇ كۈلدۈرىدۇ. «كىشىنى
كۈلدۈرۈش» مەشرەپنىڭ ئاساسلىق مۇددىئاسى، بۇ كۈلكى-
گە ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىقچىلىق شەكلىدە دۇنيانى بىلىش ۋە
ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىش شەكلى مۇجەسسەملەشكەن.
ئۇنىڭدا ھاياتقا، دۇنياغا ھەتتا كەلگۈسىگە بولغان مۇئەييەن-
لەشتۈرۈش تولۇپ تاشقاندىن سىرت يەنە ھوقۇقتا، دىننىڭ
ساختىلىقىغا بولغان مەسخىرىمۇ، شەخسنىڭ ئۆز كەمچى-
لىكىگە بولغان مەسخىرىسىمۇ يوشۇرۇنغان. بۇ بىر ھەر-
كەتچان پائالىيەت. ئەمما بۇ ھەرىكەتچان، مۇقىملاشمىغان
ئەسلىي ھالەت دەل تۇرمۇشىمىزدىكى ساقلىنىش ھالىتى-
دۇر. بۇ بىزنىڭ دۇنيانى بىلىشىمىزدىكى زۆرۈر بولغان
شەكىل. ئۇيغۇر مەشرىپى قىزىقچىلىق شەكلى ئارقىلىق
دۇنيادىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئالەمنىڭ ئەسلىي ماھىيەتلىك
ھالىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئادەمنى كىچىك دۇنيا
دەپ قاراپ، بۇ كىچىك دۇنيانىڭ چوڭ ئالەم بىلەن بولغان
ئىناق ئىندۇكسىيە شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر دولان مەشرىپىنىڭ سەھنىسى
يوق، ئارتىس ۋە تاماشىبىنىمۇ يوق، چىراغلىرى، ئالاھىدە
لايىھەلەنگەن سەھنە دېكراتسىيەسى، ھەتتا ئادەتتىكى ئەس-
لىھەلىرىمۇ يوق. ئۇ ئومۇمىي خەلقنىڭ بولۇپ، مەشرەپ
ۋاقتىدا كىشىنىڭ مەشرەپتىن باشقا ھېچقانداق تۇرمۇشى
بولمايدۇ. ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ قاتنىشىشىنى تەشەببۇس قى-
لىدىغان، تۇرمۇشنىڭ ئوچۇق بولغان ساقلىنىش ھالىتى-
دۇر. بۇ مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئويۇنى ئەمەس، بەلكى تۇر-
مۇشنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك.
شۇڭا دولان مەشرىپى ئەۋلادمۇئەۋلاد كىشىلەرنىڭ «مۇ-
شۇنداق بولۇشى كېرەك» دېگەن تۇرمۇش گۈزەللىك ئىنتى-
لىشىنى داۋاملاشتۇرغان، شۇنداقلا ئۇنى تۇرمۇشنىڭ ھەر-
قايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرگەن، كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان
تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى سەنئەتلەشتۈرۈلگەن. دېھقانچىلىق-

نىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدىكى مەشرەپلەردىن باشقا ھەر بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى «بايرام مەشرىپى» ئۆتكۈزىدۇ، تويدا «توي مەشرىپى» بولىدۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئالاقىمۇ مەشرەپلەشكەن. مەسىلەن، «تەكلىپ قىلىش مەشرىپى»، «ناماقۇللۇق مەشرىپى»، «ئادەۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى» قاتارلىقلار. بارلىق پائالىيەتلەر كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىگە ئىگە، سەنئەتلەشكەن بولۇپ، ھەممىسى تەنتەنە تۇسىگە چۈمگەن. ئۇزاق تارىختا كۆپ قېتىملىق كۆچۈش، مەدەنىيەتتىكى كۆپ قېتىملىق سۈپەت ئۆزگىرىشى بولغان بىر مىللەتنىڭ بۈگۈنگىچە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالالىشى، ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىزىقچىلىق ئارقىلىق دۇنيانى بىلىش شەكلى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئوچۇق پىسخىك ھالەت بىلەن ھەرىكەتچان تەرەققىي قىلىۋاتقان كەڭ ئالەمنى قوچىقىغا ئېلىپ ھەم ئۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا ئورتاق مەۋجۇت بولۇش غايىسى ئۇلارنى تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقنى ئاسايىشلىقتا، ئوڭۇشلۇق ھالەتكە، قىزىقارلىق تۇسكە ئايلاندۇرالىغان، تۇرمۇشنى سەنئەتلەشتۈرەلىگەن. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەزىنىڭ يۇمۇرلۇق، ئوچۇق - يورۇق بولۇشىنىڭ تىرەن مەدەنىيەت پىسخىك ئاملى.

ئۈچىنچىدىن، مەشرەپنىڭ ئۇسسۇل قىسمىدا ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرەلىگەنلەر «ئۇسسۇل پادىشاھى» ياكى «ئۇسسۇل خانىشى» دەپ ئاتىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە قايىللىقىغا ئېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتى يۇقىرى بولۇپلا قالماي يەنە ئۇلار ئەخلاقىي جەھەتتىمۇ ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان. شۇڭا سەنئەتكە بولغان سەمىمىي مۇھەببەت ۋە ئىنتىلىش بىلەن ئېسىل پەزىلەتكە بولغان ئىنتىلىش بىردەكلىككە ئىگە. بۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەتكارغا بولغان تەلىپى. خەلق قەلبىدە يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى، بولۇپمۇ ناخشىچى، ماھىر تەمبۇرچى، خەلق ئۇسسۇلچىلىرى تېخىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر. چۈنكى بۇ مەشرەپ شەكىللەنگەن ۋاقىتتىن بۈگۈنگىچە بولغان ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيانقى پىسخىك جۇغلانما بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى خەلق نەزىرىدە سەنئەتكار ئاقىللىقنىڭ نامايەندىسى، ئالىيجاناب پەزىلەتلىك ئادەم. يەنە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇ سەھنە، ئارتىس، تاماشىبىن دەپ ئايرىلمايدىغان پائالىيەتتە ھەر خىل پېرسوناژلارغا تەقلىد قىلىدىغان قىزىقچىلار ئەل ئىچى قىزىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك پېرسوناژلىرى. (مەسىلەن، «بوۋا ئويۇنى» دىكى پېرسوناژ، «ساماسا» ئويۇنىدىكى قىزىقچى قاتارلىقلار) بۇ پېرسوناژلار ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيانقى دىنىي يۇقىرى قاتلام كۈچلىرى ۋە فېئودال بىيۇروكراتلارنى ناھايىتى كۈچلۈك ھەجۋىي قىلغانلىقتىن ئومۇمىي خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. بۇ قىزىقچى پېرسوناژلارنىڭ ئويۇن قويغاندا ئاجايىپ مۇبالىغە قىلىشى بىلەن تۇرمۇشقا يوشۇرۇنغان قىزىقچىلىق ئېلېمېنتلىرى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۈچىيىدۇ. ئۇلار تۇرمۇش بىلەن سەنئەتنىڭ گىرەلەشمىسىدە تۇرىدۇ. بۇ پېرسوناژلار كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى بىغەيرى ئادەم ئەمەس، شۇنداقلا كومېدىيە ئارتىسىمۇ ئەمەس، ئۇلار پەقەت بۇ تەنتەنىنىڭ باش رولچىسى، خالاس. كىشىلەر ئىمكان بار ئۆز تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئۇنىڭ نومۇرىنى چۈشەنسە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئاجايىپ سەنئەتلەشكەن ھالەت. قىزىقچىنىڭ قىزىقچىلىقى بىلەن ھەممە ئادەم كۈلىدۇ، قىزىقچىلىقتا باشقىلارنىمۇ، ئۆزىنىمۇ مەسخىرە قىلىدۇ. رېئاللىقتا، كەلگۈسىگە كۈلكە ئارقىلىق يۈزلىنىدۇ.

بەشىنچىدىن، ئۇيغۇر دولان مەشرىپىنىڭ ئەل ئىچى قىزىقچىلىق مەدەنىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر يۈرۈش مۇكەممەل، مۇۋاپىق چاقچاقلىرى بار. بۇ قىزىق گەپ - سۆزلەر ئاۋامچە بولۇپ، ئاغزاكىلىققا ئىگە. بۇ شۇنچىلىك ئىخچام ھەم جانلىق ئىپادىلەنگەن قىزىقچىلىق مەدەنىيىتى بولغانلىقتىن كىشىلەر (بولۇپمۇ تەتقىقاتچىلار) نىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولۇپ قالغان. ئويلاپ باقىدىغان بولساق، جانلىق بولغان ئېغىز تىلى بولمىسا، بىز بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى قانچىلىك دەرىجىدە ھېس قىلالايمىز؟ مەسىلەن، مىخايىل فوكالت (Michel Foucault) ئېيتقاندەك: «خۇددى ھاياتلىق ئورگانىزمى ئۆزىدىكى بىردەكلىك ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ ھەر خىل فۇنكسىيەسىنى قامدىغاندەك تىلمۇ ئۆز گىراماتىكىسىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ئارقىلىق بىر خىل ئاساس خاراكتېرلىك ئىرادىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئىرادە بۇ مىللەتنىڭ ھاياتىنى قامداپ ھەمدە ئۇنىڭغا كۈچ بەخش ئېتىپ، ئۇنى ئۆزى تەۋە بولغان ئاشۇ تىلدا سۆزلىتىدۇ ... بۇ خىل تىلدا سۆزلەيدىغىنى ھەم گەرچە ئاڭلىيالمىسىمۇ، بارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بەلگىسىنى ئىپادىلەپ، پەرچىلايدىغىنىمۇ يەنىلا شۇ مىللەت»⑪. بۇلارنى مىخايىل فوكالت «تۈۋەن تەرەپتىن» كەلگەن تىل، مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان تىل دەپ ئاتايدۇ. دولان مەشرىپىدىكى قىزىقچىلىق گەپلىرى يەنىلا خەلق ئېغىز تىلىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئاساسلىقى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىسىم ماقال ـ تەمسىللەر، خەلق قوشاقلىرى، تەنە (语反) (تىللاش سۆزىدىكى مۇبالىغە قىلىنغان ئىجابىي ۋە سەلبىي مەنىسى بولغان ئورتاق تىل)، خېرىدار چاقىرىش (吆喝) (قەشقەرلىكنىڭ خېرىدار چاقىرىشى ئەڭ ۋەكىللىك) ۋە ئەل ئىچىدە كۆپ مىقداردا ساقلانغان ئەپسۇن قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىنايىدۇر. «كىنايە ھاقارەتلەش تەرىپىدە تۇرىدۇ، ماختاش ھاقارەتكە تولغان، شۇ چاغدا ئېنىق بولغان چېگرانى ئايرىشمۇ تەس، ھەقنى كۆرسىتىپ بېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، ماختاش قەيەردە ئاخىرلاشسا، ھاقارەت شۇ ۋاقىتتا باشلىنىدۇ.» ⑫

«نەچچە يۈز يىل مابەينىدە شەكىللەنگەن، ئەل ئارىسىدا بارلىققا كېلىپ، ھۆكۈمەت تەشكىللىمىگەن ئەھۋالدىمۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئەل ئىچى قىزىقچىلىق مەدەنىيىتى غەيرىي ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ مۇقىملىشىشى ۋە يېڭىدىن ھۆكۈمەتلىشىش خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇستۇنلۇك ئىگىلىدى. ئەمما ئۇ ژانىر دەرىجىسىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا چۈشۈپ، بۇ تۆۋەن قاتلامغا چۆكۈپ قالدى. شۇڭا ئۇ زور دەرىجىدە ئەل ئىچىدىكى يىلتىزىدىن ئايرىلىپ، بارغانسېرى چاكىنىلاشتۇرۇلۇۋاتىدۇ، خۇسۇسىيلىشىۋاتىدۇ ھەمدە چېكىنىۋاتىدۇ.» ⑬

دېمەك، بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇيغۇر دولان مەشرىپى ھەققىدە بىزنىڭ چۈشەنچىمىز خۇددى يىراقتا تۇرۇپ مۇز تاغنىڭ چوققىسىنى كۆرگەندەكلا بىر ئىش. ئەمما دېڭىز ئاستىغا كۆمۈلگەن قىسىملىرى يەنىلا بىزنىڭ قېزىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بىزنىڭ ئۇيغۇر دولان مەشرىپىنى ئەل ئىچى قىزىقچىلىق مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشىمىز يۈزەكى بىر ئۇرۇنۇپ كۆرۈشلا، خالاس. بىزنىڭ ئاداققى مەقسىتىمىز تېخىمۇ كۆپ ئالىملار ئۇيغۇر دولان مەشرىپىگە دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرسا، ئۇنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى چۈشەنسە، بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت مىراسىنى زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ داۋاملىق روھىي ئوزۇقىغا ئايلاندۇرسا دېگەندىن ئىبارەت.

---

## ئىزاھلار:

① يۇ تەيشەن قاتارلىقلار تۈزگەن: «شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيەت لۇغىتى»، بېيجىڭ، جۇڭخۇا كىتابخانىسى نەشرى، 1996 ـ يىل، 166 ـ، 167 ـ بەت

②③ ئابدۇكېرىم راخمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىل، 9 ـ بەت

④ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (خەنزۇچىسى)، بىرىنچى توم، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، 108 ـ بەت

⑤⑥ تەتقىقات گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «دولان مۇقامىنىڭ ئېكولوگىيە ۋە ھالەت (مورفولوگىيە) تەتقىقاتى»، بېيجىڭ مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىل، 6 ـ، 10 ـ بەت

⑦ ئالەن داندىس (ئامېرىكا): «ئۆرپ ـ ئادەت ئانالىزى»، خۇشاۋ خۇي تەرجىمە قىلغان، گۈيلىن، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005 ـ يىل نەشرى، 46 ـ بەت

⑧ ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» (ئۇيغۇرچە)، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى، 447 ـ، 460 ـ بەت

⑨ نېتىزى (گېرمانىيە): «نېتىزى ھاياتلىق پەلسەپەسى»، ياڭ خىڭدا تەرجىمە قىلغان، بېيجىڭ، جيۇ جوۋ نەشرىياتى، 2003 ـ يىل نەشرى، 255 ـ بەت

⑪ مىخايىل فوكالت (فىرانسىيە): «فوكالت ئەسەرلىرىدىن توپلام»، دۇ شاۋجېن تەرجىمە قىلغان، شاڭخەي يىراق شەرق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، (20 ـ ئەسىر چەت ئەل مەدەنىيىتى مەشھۇر كىشىلىرى كىتاب ئامبىرى) 101 ـ بەت

⑩⑫⑬ باختىن (رۇسىيە): «رابېلايس تەتقىقاتى»، لى جاۋلىن، شيا جۇڭشيەن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان، شىجياجۇاڭ، خېبېي مائارىپ نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى، 84 ـ بەت

تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى ھەر قايسى جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ، جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ، توپ ۋە پارچە سېتىشنى ئۈرۈمچى «ئىزچىلار» كىتابخانىسى ئۈستىگە ئالىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ ئۈرۈمچى «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 2850601

# مۇزىكا سېزىمى ۋە مۇزىكىدىن زوقلىنىش ھەققىدە

ئابدۇرېھىم ئابلىز

(شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى 830049)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئاڭلاش سېزىمى ئارقىلىق مۇزىكىدىن زوقلىنىشقا بولىدىغانلىقى، مۇزىكىنىڭ كىشىلەرگە روھىي ئازادىلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدىغانلىقى، مۇزىكىنىڭ ھېسسىيات ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈش رولى ۋە مۇزىكىدىن زوق ئېلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، مۇزىكا سېزىمىنىڭ پەيدا بولۇشى، كومپوزىتور، سازەندە ۋە زوقلانغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ۋە باشقا نادىر مۇزىكىلاردىن قانداق زوقلىنىش قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنغان.

**摘要**: 本文论述了欣赏音乐、可使人精神愉快、 提升审美能力。提出了如何欣赏《维吾尔十二木卡姆》和其他著名的音乐作品等问题。

ھازىرقى دەۋردىكى زامانىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى ئۈچۈن خىلمۇخىل يوللارنى ئېچىپ بەردى. رادىيو - تېلېۋىزىيە، ئۈن - سىن ئەسۋابلىرى، سەھنە پائالىيەتلىرى، كىنو قاتارلىق شەكىللەر سەنئەتتىن زوقلىنىش ئۈچۈن ئاجايىپ قولايلىقلارنى يارىتىپ بەردى. بۇ خىل قولايلىق تارقىتىش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق سەنئەتنىڭ كۆرسىتىلىش ۋە ئاڭلىتىلىش دائىرىسى كېڭىيىپ، كىشىلەرنىڭ سەنئەتتىن تەربىيە ئېلىش ھەم زوقلىنىش شارائىتى ياخشىلاندى. جۈملىدىن، مۇزىكىدىن زوقلىنىش ھازىرقى دەۋردە كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى پائالىيەتنىڭ بىرى بولۇپ، مۇزىكا ئۆزىنىڭ خاس جەزبىدارلىقى بىلەن ئىنسانلار تۇرمۇشىدا كۈندىن - كۈنگە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. كىشىلەر مۇزىكا ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش، ئۇنىڭدىن ھەقىقىي تۈردە زوقلىنىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، مۇزىكىدىن زوقلىنىش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 1. مۇزىكا سېزىمىنىڭ پەيدا بولۇشى

مۇزىكا سېزىمى دېگىنىمىز — مۇزىكىنى چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە مۇزىكىدىن ھوزۇرلىنىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. مۇزىكىلىق سېزىمنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى مۇزىكا سەنئىتىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا مۇزىكا ئورۇنلىغۇچىلار مۇزىكىنى توغرا، ئېنىق ئورۇنلاش ئۈچۈن، مۇزىكا ئەسىرىنى مۇزىكىلىق سېزىمى بويىچە ھېس قىلىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ. مۇزىكانت بىلەن كومپوزىتورنىڭ مەقسىتى بىر پۈتۈن پىكىرگە ئويغۇنلاشقان ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. مۇزىكىدىن ھوزۇرلانغۇچىلارمۇ شۇ ئاساستا مۇزىكىنى چۈشىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بەدىئىي زوق ئالىدۇ.

مۇزىكا سەنئىتى ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن سەنئەت تۈرى بولۇپ، بۇنىڭدىن نەچچە ئون مىڭ يىللار بۇرۇنقى تاش قوراللار دەۋرىدە ئىنسانلار توپلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان؛ ياۋايى ھايۋانلارغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ، ئولجا غەنىيمەتلىرىنى بىللە بۆلۈشكەن، ئوۋچىلىق غەلىبىلىرىنى بىرلىكتە تەبرىكلەپ، گۈلخانلار يېقىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ۋارقىرىشىپ - سەكرىشىپ ئۇسۇللار ئوينىغان؛ ياپىلاق تاش، ياغاچ - توقماقلارنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ ھەر خىل سادالارنى چىقىرىپ بەزمە قىلىشقانىدى. بۇ خىل ئاممىۋى پائالىيەتلەر بارا - بارا مەلۇم چاقىرىق كۈچىگە ئىگە مۇزىكىلىق سادالارغا ئايلانغان. چاقماق چېقىش، كەلكۈن كېلىش، تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش، ئورمانلارغا ئوت كېتىش ... قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى ئىپتىدائىي ئادەملەرگە قايغۇلۇق، ئېچىنىشلىق تەسىرلەرنى بەرگەن بولسا، باھار يامغۇرى، ياپيېشىل بوستانلىقلار، تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، ئەتراپىنى ھەر خىل گۈللەر قاپلىغان، سۈپسۈزۈك مارجاندەك زىلال سۇلار ئېقىۋاتقان ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى شاۋقۇنلار ئۇلارنىڭ ئېڭىغا ئاجايىپ گۈزەل ئېستېتىك زوق بېغىشلىغان؛ يۇقىرىقىدەك تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆز ئېڭىدىكى تەسىراتلىرى بويىچە ھەر خىل سادالار ئارقىلىق رىتىمل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـىق ئاھاڭ ـ تاۋۇشلارنى چىقىرىپ، بىر ـ بىرىگە ئۆز ھېسسىياتلىرىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشقان. شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئادەملەردە مۇزىكىلىق سېزىم پەيدا بولغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى بۇ خىل مۇزىكىلىق سېزىم، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشىدىكى مۇھىم ئالاقە قورالى بولغان تىلدىن بۇرۇن پەيدا بولغان. شۇڭا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشىدىكى مۇھىم ئالاقە قورالى بولغان مۇزىكىلىق تاۋۇشلار بىر خىل تىل بولۇپ، تىلنىڭ ئۆزى مۇزىكىلىق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن يىللار جەريانىدىكى ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان، مۇزىكىلىق تاۋۇش تىلنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان.

ئەڭ دەسلەپكى ئىنسانلار ئاددىي ئاھاڭلار، ئىپتىدائىي مۇزىكىلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى، قايغۇ ـ ھەسرىتى، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى ۋە تۈرلۈك يوشۇرۇن ئىستەكلىرىنى ئىپادىلىگەن. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار مۇزىكا ئارقىلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشتىن باشقا يەنە تۈرلۈك پىسخىك كەچۈرمىشلىرى، خاھىشى، مەۋقە ـ مەيدانى، سۆيگۈ ـ نەپرىتىنى ئىپادىلەشكە باشلىغان. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى مۇزىكىدىن ئايرىلغان ئەمەس. ئىنسانلار مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، مۇزىكا سەنئىتىنىڭ رولى تېخىمۇ زور بولدى.

مۇزىكا سېزىمى قانداق پەيدا بولىدۇ؟ بۇنىڭغا قارىتا ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر مۇزىكا سېزىمى تۇغما بولىدۇ، دېسە، بەزىلەر مۇزىكا سېزىمىغا ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ھەرقانداق ئادەمدە مۇزىكا سېزىمىغا نىسبەتەن پەرق بولىدۇ، ھەرقانداق ئادەم تەربىيەلىنىش ئارقىلىق مۇزىكا سېزىمىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. مەلۇم بىر مۇزىكا بۆلۈكى ئوخشىمىغان ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر مۇزىكا ئاڭلىغاندا خىيالى بىردىنلا قاناتلىنىپ، تەپەككۇر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىدۇ؛ بەزىلەر مۇزىكىغا قۇلاق سالمايدۇ؛ يەنە بەزىلەر مۇزىكىنى ئاڭلىسىمۇ، مۇزىكا ئۇلارغا قىلچە تەسىر قىلمايدۇ. كىشىلەر مۇزىكىغا قارىتا توغرا ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن يەنە بۇ جەھەتتە ئەتراپلىق تەربىيەلىنىشى زۆرۈر.

ھەقىقىي مۇزىكانت مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەنىسىنى ئۆزلەشتۈرگەن بولىدۇ؛ مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ مەنىۋى مۇھىتى ۋە كەيپىياتىدىن تولۇق خەۋەردار بولىدۇ؛ مۇزىكا ئەسەرلىرىنى توغرا ھېس قىلالايدۇ ھەم چۈشىنەلەيدۇ. مانا بۇلار مۇزىكا سېزىمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ۋە مۇزىكا تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇزىكا ئىنساننىڭ خاس ماھىيىتىدە مەۋجۇت بولىدىغان بىر خىل سىرلىق، مۆجىزىلىك سادا بولۇپ، مۇزىكىنىڭ ئىنسان ئېڭىدىكى ئەكس ساداسىنى ھەرگىز تىل بىلەن ئىزھار قىلغىلى، يېزىق بىلەنمۇ ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. ھەربىر ئىنسان ئۇنى پەقەت مەنىۋىيىتىدىكى روھى ئارقىلىقلا سېھرىي كۈچكە ئىگە تۇيغۇ سۈپىتىدە ھېس قىلالايدۇ. مەسىلەن، بىز «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دىكى ھەربىر كۈينى ئاڭلىغىنىمىزدا، ئۇنى ئادەتتىكى قۇلىقىمىز بىلەن ئەمەس، بەلكى مەنىۋىيىتىمىزنىڭ ئەڭ سەزگۈر تۇيغۇلىرى بىلەن ئاڭلايمىز. بۇ چاغدا بىزنىڭ تۇيغۇ ئېكرانىمىزدا پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا خاس بولغان سىما ۋە مەنزىرىلەر، يەنى سەلتەنەتلىك شاھ ئوردىسى، جەننەتتەك گۈزەل مېۋىزار باغلار، پايانسىز بوستانلىقلار، سۇلىرى دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا ـ ئۆستەڭلەر، چۆل ـ جەزىرىلەر ۋە قۇملۇقلار گىرەلىشىپ كەتكەن بىپايان ماكان؛ ھويلىنىڭ سۈپىسىدا يۈكىنىپ ئولتۇرۇپ ساتارىدىن يۈرەك مۇڭلىرىنى تۆكۈۋاتقان ياشانغان يېگانە سازەندە؛ كۈي رىتىمىگە جور بولۇپ شامالدەك ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ھۆر قىزلار؛ باغ ۋە بوستانلىقلاردا قىزىپ كەتكەن بەزمە ـ مەشرەپلەر؛ بەختسىز ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ زېمىنىنىڭ پېنھان بۇلۇڭىدا ۋىسالىغا يەتكەن چاغدىكى خۇشاللىق ۋە ھاياجانلىرى ئارىلاشقان مۇڭلۇق پىچىرلاشلىرى؛ خۇشاللىق، تەنتەنە ۋە شادىيانە كۈلكە بىلەن ھەسرەت ـ نادامەت ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئارىلىشىپ كەتكەن ئۇزاق ئەسىرلىك كەچمىش قاتارلىقلار نامايان بولىدۇ.

### 2. مۇزىكىدىن ئېستېتىك زوق ئېلىش ئۇنۇمى

ئېستېتىك زوق ــ سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سېلىپ، گۈزەللىك، ئۈمىدۋارلىققا يېتەكلەيدۇ. مۇزىكا سەنئىتى كۈچلۈك ئېستېتىك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، مۇزىكا ئېستېتىكىسى سەنئەت ئېستېتىكىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاۋازنىڭ يېقىملىق ۋە قانۇنىيەتلىك تەشكىللىنىشى ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇزىكا ھېسسىيات ئارقىلىق ھاياجان پەيدا قىلىدىغان، ئېستېتىك زوقلىنىش ئارقىلىق ئىنسان ھاياتىغا مەنىۋى ئوزۇق بولىدىغان سەنئەتتۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر شائىرى، پەيلاسوپ ئەلشىر نەۋائىي «سازەندىنىڭ مىجەزى مۇلايىم بولسا، ئەقىل

ـ پەممۇ بولسا ئادەمنىڭ كۆڭلى تاشتىن قاتتىق بولسىمۇ
ئۇنى ئېرىتەلەيدۇ. بولۇپمۇ ناخشىچى ھەم ناخشا ئوقۇپ
ھەم مۇزىكا چالسا، كۆڭۈل مەملىكىتىگە قوزغىلاڭ سالالاي-
دۇ» دېگەن ئىدى. مۇزىكا يۈرەكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىدىن
سىرغىپ چىقىدىغان نازۇك قەلب تىلىدۇر.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ۋە سىستې-
مىلاشقان مۇزىكا سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزىگە مۇ-
جەسسەملىگەن. ئۇ ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ سىر-
لىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ۋە ئۆزىگە خاس غايەت چوڭقۇر
مەنىدار ئاھاڭ، رىتىم ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق، مۇرەككەپ
پسىخولوگىيەلىك ھالەت ھەم ئوبرازلارنى سەزگۈرلۈك بى-
لەن ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىمۇ ئاھاڭنىڭ ساپلىقى، يېقىم-
لىقى، ھېسسىياتنىڭ جۇشقۇن ۋە قايناقلىقى، خەلقنىڭ
يۈرەك سادالىرى، قايغۇ ـ ھەسرەت، خۇشاللىقلىرى، ئىش-
قى ـ مۇھەببەتلىرىنى چىن، جانلىق ۋە يارقىن ئىپادىلەي-
دىغانلىقى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، ئاڭ-
لىغۇچىلارغا ئاجايىپ ئىستېتىك زوق بەخش ئېتىدۇ.

**3. مۇزىكىنىڭ ھېسسىيات ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈش رولى**

مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ھېسسىيات ئىپادىلەش رولى زور
بولىدۇ. چۈنكى مۇزىكا رېئال تۇرمۇشتىن ئالغان ھېسسى-
ياتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش جەريانىدا ئې-
رىشكەن تەسىرات، ھاسىل بولغان كەيپىيات ۋە ئارزۇ ـ
ئىستەكلىرىنى بايان قىلىدۇ. مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ
ئاڭلىغۇچىلارغا بېرىدىغان تەسىرى بىۋاسىتە بولىدۇ. ئۇ
ئارقىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان ھېسسى-
ياتنىمۇ ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. مۇزىكا كىشىلەردە يېقىملىق
تەسىرات پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ غايەت
زور يوشۇرۇن كۈچى ئارقىلىق كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى
چېكىپ، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدىغان جەزبىدارلىق بى-
لەن، كىشىلەرنىڭ ھېسسىيات ۋە مۇزىكىلىق تەپەككۇرىنى
جانلاندۇرۇپ، خۇشاللىنىش، ئارزۇ ـ ئارمان، ئىلھاملى-
نىش، قايغۇ ـ ھەسرەت، مەيۈسلىنىشكە ئوخشاش ئەڭ نا-
زۇك ھېس ـ تۇيغۇلار بىلەن كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا
سالىدۇ. مەسىلەن، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» مۇزىكى-
لىرى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەركىن، ئۈمىدۋار، ئۆز ـ
ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، باتۇر ۋە ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە
بولىدىغان جانلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ ساپ، تەبىئىي،
ئەينەن ئىپادىلىنىشى بولغاچقا، ئۇ شۇ قەدەر چوڭقۇر، نە-
پىس ۋە شۇ قەدەر مۆتىۋەردۇر.

ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرىنىڭ بىر خىل مۇزىكىدىن
ئالغان ھوزۇرى ۋە مۇزىكىنى چۈشىنىشىمۇ ئوخشاش بول-
مايدۇ. «شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت
قازانغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئۇ پۈتۈنلەي مۇزىكىلىق
تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي قا-
مۇس، قېلىپلاشتۇرۇلغان غايەت زور نادىر مۇزىكا ئەسىرى.
ئۇ ئىلمىي، تارىخىي، بەدىئىي زوق ئېلىش ۋە ئۆرنەك قىم-
مىتىگە ئىگە. ئۇ بىزنىڭ پۈتكۈل ناخشا ـ مۇزىكىلىرىمىز-
نىڭ ئانا بۇلىقى، باشلىنىش نۇقتىسى ۋە تۈپ يىلتىزىدۇر.

مۇزىكا ئىجادىيەتلىرى مۇزىكىلىق ئوبراز يارىتىشتا،
ھېسسىياتقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر.
ئەگەر ھېسسىيات ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلسە، ئىجا-
دىيەتچىلەر تاماشىبىنلارغا ئۆز ھېسسىياتىنى ئېنىق چۈ-
شەندۈرەلەيدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.
چۈنكى مۇزىكا ئىجادىيەتچىسىنىڭ ئۆزى تەسىرلەنمىگەن،
ئۆزى ھېسسىياتقا ئېرىشمىگەن مۇزىكا ئەسىرىدىن تاماشى-
بىنلارنىڭ تەسىرلىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىشى
ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

مىللىي مۇزىكا خەزىنىمىزگە ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ئى-
جاد قىلىپ قالدۇرغان ئاتاقلىق كومپوزىتور ۋە مۇزىكانت-
لىرىمىزدىن قۇربان ئىبراھىم، ھۈسەنجان جامى، غىياس-
دىن بارات، ئىسكەندەر سەيپۇللا، خارىس ئاشۇرۇف قاتار-
لىقلار مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزگە ئىجادىي ۋارىسلىق
قىلىپ ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىپ، «ئانا مېھرى»، «ئازاد
زامان»، «سېنى ئەسلەيمەن»، «باھار ۋالىسى» غا ئوخشاش
ناخشىلار ۋە «تاشۋاي»، «مېنىڭ راۋابىم» غا ئوخشاش كۆپ-
لىگەن چوڭ ھەجىملىك مۇزىكىلىق ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا
چىقاردى. بۇ ناخشا ـ مۇزىكىلار ئۆزىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي
يارقىنلىقى، چوڭقۇر مەزمۇن ۋە پەلسەپەۋى پىكىرلىرى بى-
لەن خەلقىمىز ئىنتايىن ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ناخشا ـ
مۇزىكىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇزاقتىن بېرى بۇ
ناخشا ـ مۇزىكىلار رادىيو ئىستانسىسى ھەم تېلېۋىزىيە
ئىستانسىلىرىنىڭ پىروگراممىلىرىدا ھېلىھەم ئۆلمەس
ناخشىلار سۈپىتىدە قايتا ـ قايتا ئاڭلىتىلىپ كەلمەكتە.

**4. مۇزىكىدىن زوقلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش**

دۇنيا مۇزىكا ئىجادىيىتى تارىخىدا نۇرغۇنلىغان ئې-
سىل، نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر
مەشھۇر تالانتلىق كومپوزىتورلارنىڭ سانسىزلىغان، رەڭ-

گارەڭ نادىر مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئەسەرلەر بىرقانچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق مۇزىكا بايلىقى سۈپىتىدە قەدىرلىنىپ، كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلاپ كەلمەكتە. چۈنكى ئۇلاردا مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى نامايان قىلىنىدىغان، مۇزىكىنىڭ خەلققە بىلىم بېرىدىغان، خەلقنى تەربىيەلەيدىغان، خەلققە بەدىئىي زوق بەخش ئېتىدىغان خىسلىتى مۇجەسسەملەنگەن.

18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردە خوتەندە ياشىغان ئۇيغۇر سەنئەت تارىخچىسى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسقيۇن» ناملىق ئەسىرىدە، سازەندىلەرگە ئاتاپ مۇنداق شېئىر يازغانىدى:

«ئەي ھېكمەتتىن گۈلغە بېرىپسەن بۇيۇ ـ رەڭ،
بۇلبۇلنى قىلىپ چەمەندە خۇش ئاھاڭ.
قۇدرىتىڭدىن قىلۇر نالە رەبابۇ ـ تەمبۇر،
دۇتار، ساتار، ئۇد، قالۇن يەنە چاڭ.»

ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى سازەندىلەرنىڭ قولى بىلەن مۇڭزار ئەيلىگەندە، ئىنسانغا ئاجايىپ يېڭى روھ، يېڭى تۇيغۇ، بەدىئىي زوق بېغىشلاپ قالماستىن، ھەتتا گۈل ـ چېچەكلەرگىمۇ خۇشپۇراق ۋە رەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ.

مۇزىكانتلار بىلەن مۇزىكىدىن ھۇزۇرلانغۇچىلار مول تەسەۋۋۇرنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاڭلاش سېزىمى، خىيال ـ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق مۇزىكىدىن زوقلىنىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. يەنى مۇزىكىدىن زوقلىنىشتا، كومپوزىتور، سازەندە ۋە زوقلانغۇچىلاردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ئۆزئارا ماسلاشقاندىلا، ئاندىن تەسەۋۋۇر قىلىش، ئەسلەش ئارقىلىق زوقلىنىش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. مۇزىكىدىن زوقلىنىش جەريانىدا، زوقلانغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا بەزى كۆرۈنۈشلەر ھاسىل بولۇپ، زوقلانغۇچىلارنى يېڭىچە ھېسسىيات دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. مەسىلەن، مەرھۇم كومپوزىتور قۇربان ئىبراھىم ئىجاد قىلغان «تاشۋاي» مۇزىكىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داڭلىق مۇزىكىلىرىدىن بىرى. يەنە داڭلىق راۋاب پېشىۋاسى داۋۇت ئاۋۇتنىڭ راۋاب بىلەن ئورۇنلىشىدىكى «تاشۋاي» پەدىسىمۇ كەڭ ئاممىا ياقتۇرىدىغان نادىر مۇزىكىدۇر. بىز بۇلارنى ئاڭلىغىنىمىزدا قەلبىمىز مۇرەككەپ ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ، قەدىمىي شەھەر قەشقەر توغرىسىدىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەنزىرىلىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

مۇزىكا ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىشتا: ئاپتورنىڭ ۋە ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئىگىلەش كېرەك؛ ئەسەرنىڭ خاراكتېرىنى ئىگىلەش كېرەك؛ ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى چۈشىنىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇزىكىدىن زوقلىنىشتا، مۇزىكىلىق ئەسەرنىڭ تېما، ئىدىيەۋى مەزمۇنى، شەكلى جەھەتتىكى ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى چۈشىنىش زۆرۈر.

ماركس: «مۇزىكىنى چۈشەنمەيدىغان قۇلاققا ئەڭ گۈزەل مۇزىكىنى چېلىپ بەرسەڭمۇ ئەھمىيىتى بولمايدۇ» دېگەن ئىدى. مۇزىكىدىن زوقلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇزىكىلارنى كۆپ ئاڭلاش، مۇزىكىغا دائىر ساۋاتلارنى ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇزىكا سەنئىتى جەھەتتىكى سەۋىيەنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇ ئارقىلىق مۇزىكا سېزىمىنى يېتىلدۈرۈش ۋە مۇزىكىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. مۇزىكا ئەسىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە مۇزىكا گۈزەللىكى مۇزىكىنىڭ مۇھىم ئامىللىرى بولغان مېلودىيە، رېتىم، تاكت، دىنامىكا قاتارلىق مۇھىم ئامىللار ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. بۇ مۇزىكىدىن زوقلىنىشنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، مۇزىكىدىن زوقلانغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، مۇزىكا جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشى ئوخشاش بولمىغاچقا، مەلۇم بىر مۇزىكا ئەسىرىگە بولغان چۈشەنچىسى ۋە ئەسلىمىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بولۇپمۇ لىرىكىنى ئاساس قىلغان مۇزىكىلار زوقلانغۇچىلارغا ئىنتايىن كەڭ تەسەۋۋۇر بوشلۇقى بەخش ئېتىدۇ. شۇڭا زوقلىنىش جەريانىدا، زوقلانغۇچىلاردا ئوخشاش بولمىغان ئېستېتىك پەرق كېلىپ چىقىدۇ. بۇ پەرقلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى كۆپ خىل بولۇپ، مۇزىكىدىن زوقلىنىش ئىقتىدارىمۇ بىر خىل ئىنكاس بولغاچقا، زوقلانغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنىڭ، كومپوزىتور شۇ مۇزىكىنى ئىجاد قىلغان چاغدىكى ھېسسىيات بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇشى ناتايىن. شۇڭا زوقلانغۇچىلار مۇزىكىدىن ھۇزۇرلىنىشتىكى ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈشى، مۇزىكا ئەسەرلىرىگە بولغان چۈشەنچىسى ۋە سۇبيېكتىپ تەسىراتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە مۇزىكىدىن زوقلىنىشتىكى تەسەۋۋۇرنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

**تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت**

# «ئابۇشقا» لۇغىتىنىڭ يېڭى نەشرى ھەققىدە

غەيرەتجان ئابدۇراھمان ئۆزغار   مەقسۇد سېلىم

(ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى 830011)
(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر - تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2012 - يىللىق دوكتور ئاسپىرانتى 100081)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە ئۇزۇندىن بېرى جۇڭگو ۋە چەت ئەل تۈركولوگلىرى تەرىپىدىن «ئابۇشقا» ياكى «چاغاتايچە لۇغەت» نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان، ھەممە بىردەك يېقىنقى زامان (چاغاتاي) ئۇيغۇر تىلىدا تۈزۈلگەن ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ مۇكەممەل لۇغەت دەپ ئېتىراپ قىلغان «نەۋائىينىڭ سۆزلىرى ۋە چاغاتايچە ئىسپاتلار» ناملىق لۇغەتنى ۋە ئەسەر ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى تونۇشتۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ 2011 - يىلى نەشرگە تەييارلانغان يېڭى نۇسخىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھمىيىتىنى مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ.

**摘要**: 本文介绍了长期以来中外突厥学者公认的"察合台文最早最完整的词典《纳瓦伊作品词语及察合台文论征》(即《阿布什卡》)。它是 近代(察合台)维吾尔语的最古老的、最全面的词典。并以实例介绍了2011 年新整理出版的新版本的特点和意义。

ئۇيغۇر تىلىنى تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى (قەدىمكى تۈرك تىلى)، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى (خاقانىيە تىلى، قوچۇ تىلى ۋە خارەزم دەۋرى تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى)، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى (چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى) ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دېگەن تۆت باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئادەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان 14 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىشلىتىلگەن تىلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئوتتۇرىغا چىققان چاغاتاي سۆزى 1227 - يىلى تەختكە چىققان چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خاننىڭ ئىسمىدىن كەلگەن. چاغاتاي خان ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ بۇ رايونلاردىكى خەلقلەر باشقا ئەللەر تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇلۇسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇ يەردە ياشىغان خەلقلەر ئىشلەتكەن تىل چاغاتاي تىلى دەپ تونۇلغان. بىزنىڭ رايونىمىزدا بولسا ئاتا - بوۋىلىرىمىز 600 يىلدىن ئارتۇقراق ئىشلەتكەن بۇ تىلنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ياكى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىمىز.

يېقىنقى زامان (چاغاتاي) ئۇيغۇر تىلى دەۋرى نامى بىلەن ئاتالغان بۇ دەۋرلەردە ئەدەبىيات ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان ۋە نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن يۈكسەك پەللىگە چىققان. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۆز ئىچىدىكى خەلقلەردىلا ئەمەس، ئەتراپتا ياشىغان باشقا خەلقلەر ئارىسىدىمۇ شۆھرەت قازىنىشقا باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن ئەينى دەۋردىكى ئىلىم سۆيەر كىشىلەر ۋە ئەدىبلەر بۇ ئەسەرلەردە ئۇچرايدىغان سۆزلەر بىلەن لۇغەتلەر تۈزگەن. ئەتراپتىكى خەلقلەر بۇ دەۋر شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى شېئىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا تېخىمۇ چۆكۈپ تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن ئەسەردىكى سۆزلەرنى چۈشەندۈرگەن لۇغەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن.

يېقىنقى زامان (چاغاتاي) ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى لۇغەتلەر ئاساسلىقى: «نەۋائىينىڭ سۆزلىرى ۋە چاغاتايچە ئىسپاتلار» ياكى «ئابۇشقا» (ابوشقه)، «بەدايىئۇل لۇغەت» (بديع االلغت)، «سەنگلاخ» (سنكلاخ)، «خۇلاسەئى ئابباسى» (خولاصەی عباسی)، «بەھجەتۇل لۇغەت» (بهجت اللغت)، «لۇغەتى چاغاتاي تۈركى ئوسمانى» (لغتى چغتاي و تركى عثمانى) قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇ لۇغەتلەرنىڭ ئىچىدە «نەۋائىينىڭ سۆزلىرى ۋە چاغاتايچە ئىسپاتلار» ناملىق بۇ لۇغەت تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئەڭ قەدىمكى لۇغەت دەپ ئېتىراپ قىلىنىشى بىلەن مۇھىمدۇر. مەزكۇر لۇغەت نەۋا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىي ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممە شۇ دەۋر ئەدەبىياتى (ئەلۋەتتە ئۇ دەۋر ئەسەرلىرى تىل، ئەدەبىيات، تارىخ قاتارلىق كۆپ ساھەلەرگە چېتىلىدۇ) ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمكى مۇپەسسەل لۇغەت بولۇپلا قالماستىن، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىمىزغا ئائىتمۇ ئەڭ قەدىمكى مۇكەممەل لۇغەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ لۇغەت دەل تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان «ئابۇشقا» نامى بىلەن تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان ئەسەردۇر.

دۇنيا تۈركولوگلىرى ۋېنگىرىيەلىك تۈركولوگ J. Thury نىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ «ئابۇشقا» لۇغىتىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىغا ئائىت ئەڭ قەدىمكى لۇغەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ①. يوژېف تۇرى (Jozsef Thury) (1861 — 1906 - يىللار) «14 - ئەسىرگىچە تۈركىي تىللىرىنىڭ يادىكارلىقلىرى» (1913)، «ئوسمانلى تۈركچىسى» (1906)، «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تىلى ھەققىدە تەتقىقاتلار» (1906)، «ئابۇشقا لۇغىتى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان تەتقىقاتى «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تىلى ھەققىدە تەتقىقاتلار» ناملىق ماقالىسى بولۇپ («Milli Tetebbula Mecmua 2» نىڭ 1913 - يىللىق سانىدا بۇ ماقالىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى ئېلان قىلىنغان)، ئاپتور بۇ ماقالىدە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى بولمىش چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر تىلىدا تۈزۈلگەن لۇغەتلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق توختالغان. ئۇنىڭ مەزكۇر ماقالىسى يېقىنقى زامان (چاغاتاي) ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر ماقالە ھېسابلىنىدۇ.

تۈركىيەلىك تەتقىقاتچى ھەسەن ئەرەنمۇ لۇغەتنىڭ بۇ ساھەدىكى ئەڭ قەدىمكى لۇغەت ئىكەنلىكىنى «چاغاتاي لۇغەتلىرى ھەققىدە خاتىرىلەش» ناملىق ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ. لۇغەت يېقىنقى زامان (چاغاتاي) ئۇيغۇر تىلى ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق لۇغەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلاردا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. لۇغەتكە جەمئىي 2000 ئەتراپىدا سۆز (سۆز تومۇرى) كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، سۆزلۈك سانى جەھەتتىمۇ خېلى مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدۇ. لۇغەتتىكى سۆزلۈكلەر ئوسمانلى تۈركچىسى (ئوسمان ئىمپېرىيەسى ۋاقتىدىكى تۈرك تىلى) بىلەن تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەندىن باشقا يەنە سۆزلۈكنىڭ تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن سۆزلۈك ئۇچرايدىغان يېقىنقى زامان (چاغاتاي) ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەرنى ياكى نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدىن بېيىتلەرنى مىسال قىلىپ بېرىش ئارقىلىق سۆزلۈكلەرنى كونتېكىست ئىچىدە كۆرسەتكەن. شۇ ئارقىلىق سۆزلەرنىڭ لۇغەتلەردە ئۇچرىمايدىغان، پەقەت كونتېكىستتىلا چۈشىنىشلىك بولىدىغان سېمانتىكىلىق مەنىلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تېخىمۇ قولايلىق يارىتىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بېيىتلەرنىڭ نەۋائىينىڭ قايسى ئەسىرىدىن ئېلىنغانلىقىمۇ يېزىلغان.

لۇغەتنىڭ ئىسمى قوليازمىسىنىڭ ئۈستىدە ياكى ئەسەرنىڭ ئىچىدە ئۇچرىمىغانلىقتىن، لۇغەتتىكى بىرىنچى سۆز، يەنى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «لەيلى - مەجنۇن» ناملىق ئەسىرىنىڭ 33 - بۆلۈم 2982 - بېيىتىدە ئۇچرايدىغان «ئەر، قېرى ئەر، ئايالنىڭ ئېرى» مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان «ئابۇشقا» سۆزى بىلەن ئاتالغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ لۇغەت «ئابۇشقا» (Abuska) ئىسمى بىلەن ياكى «چاغاتايچە لۇغەت» دېگەن نام بىلەن ئىلىم ساھەسىدىكىلەرگە تونۇلغان ②. شۇنىڭدىن كېيىن تەتقىقاتچىلار ۋە تىلشۇناسلار بۇ لۇغەتنى شۇ ئىسىم بىلەن ئاتاپ كەلگەن ۋە شۇنداق ئومۇملاشقان.

تۈركىيەلىك پروفېسسور، دوكتور مۇستافا س. كاچالىن ئەپەندى لۇغەتنىڭ تەخمىنەن 1544 - يىلى تۈزۈلگەنلىكىنى ۋە بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇن لۇغەتنىڭ قوليازمىلىرىدا تۈزگۈچى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمىگەنلىكتىن لۇغەتنىڭ تۈزگۈچىسى مەلۇم بولماي كەلگەن ئىدى. پروفېسسور، دوكتور كاچالىن ئەپەندى تەتقىقاتلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئوسمانلى دۆلىتىدە پەقەت نىيازىنىڭ (Niyazi) نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ھەممىگە تونۇلغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ ئاپتور قەلىمى ئارقىلىق مۇنداق ئىپادە قىلىنغانلىقىنى يازىدۇ: «نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئون بەش پارچە كىتابىنى يىغقان ئىدىم، سۆزلەرنى ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى بۇ ئەسەرلەردىن چىقىراتتىم. خۇراسان، سەمەرقەند ۋە چاغاتاي خەلقلىرىدىن خېلى كۆپ تۈركچە سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ دىۋانلىرىنى ۋە مەسنەۋىلىرىنى يىغقان ئىدىم. ئاخىرىدا دۆلەت ئىگىسى مېنىڭ بۇ ئىشلىرىمنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ يىگىرمە سەككىز پارچە كىتابىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا سوۋغا قىلغان ئىدى» ③. بۇ مەزمۇنلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، «نەۋائىينىڭ سۆزلىرى ۋە چاغاتايچە ئىسپاتلار» ناملىق لۇغەتنىڭ تۈزگۈچىسىنىڭ نىيازى ئىكەنلىكىنى تۈنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەسەرنىڭ ئىسمىنىڭ «نەۋائىينىڭ سۆزلەرى ۋە چاغاتايچە ئىسپاتلار» ('l-iyye El-Lugatu 'n-Neva' iyye ve 'l-Istishadatu 'Cagata) ئىكەنلىكىنى، زىرنۇفنىڭ ئىسمىنى توغرا ئىشلەتكەنلىكىنى ۋە بۇ ئىسمىنىڭ ئىشلىتىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا لۇغەتنىڭ تۈز-

گۈچىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تۈنجى قېتىملىق ئىش ھېسابلىنىدۇ.

لۇغەت بۇندىن بۇرۇنمۇ بىرقانچە قېتىم تەتقىق قىلىنغان ۋە بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1) ۋامبېرى ئارمىن (Vambery Armin) 1862 - يىلى پەستتە بۇ ئەسەرنى ماجار (ۋېنگىر) تىلىدا نەشر قىلدۇرغان. بۇ نەشردە ئاپتور ئەسەرنىڭ كىرىش قىسمىدا لۇغەتنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ۋە بەزى سۆزلەرنىڭ ياقۇتچە شەكىللىرىنى بەرگەن. لۇغەت قىسمىدا ئەسلىي سۆزلۈك ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىغا لاتىن يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيەسى بىلەن تەرجىمىسى بېرىلگەن. بۇ لۇغەتنىڭ بىر يېتەرسىزلىكى ئەسلىي قولىيازمىدىكى مىسال ئۈچۈن بېرىلگەن جۈملە ۋە بېيىتلەر بېرىلمىگەن. ئەسەر جەمئىي 107 بەتتىن تەشكىل تاپقان.

2) ۋېلىيامىنوف زېرنوف (V. V. Veliaminof-Zernof) 1869 - يىلى لۇغەتنى پېتىربۇرگتا فرانسۇزچە نەشر قىلدۇرغان. كىتابنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا ۋامبېرىنىڭ تەتقىقاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بېرىلگەندىن كېيىن، نەۋائىي ھەمدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. لۇغەت قىسمىدا سۆزلۈكلەر ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن بېرىلىپ، يېنىغا لاتىن ھەرپلىرى بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. كىتاب جەمئىي 447 بەتتۇر. ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ نۇسخا تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان نۇسخا ھېسابلىنىدۇ.

3) ئالبېل ژان باتىست (Abel-Jean-Baptiste PAVET DE COURTEILLE) 1870 - يىلى پارىژدا نەشر قىلدۇرغان. بۇ نەشرىدە لۇغەتنىڭ مۇقاۋىسىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، نەۋائىيدىن باشقا بابۇر (1483 - 1530)، ئەبۇلغازى (1603 - 1663) قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىنمۇ سۆزلۈكلەر كىرگۈزۈلۈپ، جەمئىي 5507 سۆزلۈك بېرىلگەن. پروفېسسور، دوكتور كاچالىن «سۆزلۈكلەر ئارىسىدا بەزىدە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ۋە خاتا بولۇپ قالغان سۆزلەرمۇ بار. مەتىننىڭ ئوقۇلۇشى ۋە سۆزلەملەرنىڭ يېزىلىشىدا زىر - زەبەرلەر قويۇلمىغانلىقتىن، ئويلىغىنىمىزدەك پايدىلانغىلى بولمايدۇ» ④ غانلىقىنى يازىدۇ.

4) بېسىم ئاتالاي (Besim Atalay) لۇغەتنى ھازىرقى زامان تۈركچىسى بىلەن نەشرگە تەييارلىغان، كىتاب ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن بەش يىل كېيىن نەشر قىلىنغان. بېسىم ئاتالاي ئەپەندى كىتابنىڭ بۇرۇنقى نەشرلىرىنى ۋە بارلىق قولىيازمىلىرىنى يىغىپ، ھەممىسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ كىتابنى نەشرگە تەييارلىغان. ئەسەرنىڭ قولىيازمىلىرى ھەققىدە «ئەڭ توغرىسى فاتىھ نۇسخىسىدۇر»⑤ دېگەن كۆزقاراشقا كەلگەن. بۇ نۇسخىدا خېلى كۆپ خاتالىقلار بولغانلىقى ئۈچۈن تەتقىقاتلاردا كۆپ قوللىنىلمايدۇ.

5) مۇھەررەم گۈزەلدىر (Muharrem Guzeldir) نىڭ دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى ئۈچۈن تەييارلىغان «ئابۇشقا لۇغىتى» (كىرىش، تېكىست، ئىندېكىس) ناملىق دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى. ماقالىنىڭ كىرىش قىسمىدا ئاپتور يېقىنقى زامان (چاغاتاي) ئۇيغۇر تىلى ۋە بۇ ھەقتىكى لۇغەتلەر، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى، ئابۇشقا لۇغىتى ھەققىدىكى بۇرۇنقى تەتقىقاتلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ. لۇغەتنىڭ ھازىر پارىژ، ۋېنا، مىيونخېن، لېنىنگىرادلاردىكى كۇتۇپخانىلاردا جەمئىي 17 پارچە قولىيازمىسىنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇلارنىڭ قايسى كۇتۇپخانىلاردا قانچىنچى نومۇرلۇق قولىيازما ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي يازىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتور يەنە لۇغەتنىڭ تۈركىيەدىكى كۇتۇپخانىلاردا ساقلىنىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىدۇ. ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا تۆت خىل نۇسخىسىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەسەد ئەپەندى نۇسخىسى، لالە ئىسمائىل نۇسخىسى، لالەلى نۇسخىسى، توپ كاپى نۇسخىسى، نۇرى ئوسمانىيە نۇسخىسى قاتارلىق 17 خىل نۇسخىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يازىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تىزىم نومۇرلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ماقالە ھازىرغىچە تېخى نەشر قىلىنمىدى.

لۇغەت ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات 2011 - يىلى پروفېسسور، دوكتور كاچالىن ئەپەندى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ نەشر قىلىندى. كىتاب جەمئىي 1110 بەت بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىگە كىتابنى نەشرگە تەييارلاشتا ئاساس قىلىنغان جەمئىي 190 ۋاراق قولىيازما نۇسخىسى رەڭلىك قىلىپ بېرىلگەن. پروفېسسور، دوكتور كاچالىن ئەپەندى لۇغەتنىڭ سۇلايمانىيە ئەسەد ئەپەندى نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئەسەردە ئىسمى ئۇچرايدىغان 34 پارچە ئەسەر ⑥ بىلەن ئەسلىي قولىيازمىنى سېلىشتۇرۇپ چىققان. بۇ ھەقتە كىتابنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، مەزكۇر لۇغەتنىڭ نەشرگە تەييارلىنىشىدا ھەممە قولىيازما نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىش يولىغا ئەمەس، بەلكى ئەڭ تولۇق، باشتىن - ئاخىر بىر ئادەم يېزىپ پۈتتۈرگەن ۋە يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن بەت ئەتراپىغا ئۆزى كەم قاپتۇ، دەپ ئويلىغان يەرلىرىنى تولۇقلىغان نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ، ئەسلىي ئەسەردە مىسال كۆرسىتىلگەن بېيىت ۋە جۈملىلەرنى ئەسلىي مەنبە بىلەن

سېلىشتۇرۇشتەك تەتقىقات يولىنى تۇتقان. بۇ جەرياندا ئەسلىي يازمىدا خاتا بولۇپ قالغان ياكى كەم قالغان يەرلەرنى بىرمۇبىر تۈزەتكەن. مىسال بېرىلمىگەن سۆزلەرگە ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن مىسال چىققان بولسا ئەسلىي ئەسەر ئىچىدە مىسال كەلتۈرگەن، بۇنداق مىساللارنىڭ سانى جەمئىي 311 گە يېتىدۇ. ئەسلىي ئەسەردىن مىسال تېپىلمىغانلىرىغا «بەدايىئۇل لۇغەت» ۋە «سەنگلاخ» تىن مىساللار تولۇقلانغان بولۇپ، بۇلارنىڭ سانى جەمئىي 222 دۇر. بۇنداق مىساللارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئەسلىي ئەسەرنىڭ قوليازما نۇسخىسىغا ئاساسەن بېرىلگەن.

بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇلىدا بۇرۇنقىدەك بىر ئەسەرنىڭ ھەممە قوليازمىسىنى يىغىپ ئۇلارنى سېلىشتۇرۇش ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن ئەڭ تولۇق دەپ قارالغان تېكىست ئوتتۇرىغا قويۇش ئۇسۇلى ئەمەس، بەلكى مەزكۇر كىتابتا قوللىنىلغان تەتقىقات ئۇسۇلى ۋەسىقىشۇناسلىقتىكى يېڭى بىر تەتقىقات ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

كىتابنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئەسەردىكى مۇھىم سۆزلەر، كىشى ئىسىملىرى، يەر ـ جاي ناملىرى، ئىزاھلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغان سۆزلەر ۋە بەزىدە سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ياكى ئەسەرنىڭ نۇسخا پەرقلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بەت ئاستىدا بېرىلگەن ئىزاھاتلاردۇر. ئىزاھاتلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە كەڭ دائىرىلىكلىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. كىتابتا جەمئىي 8511 ئىزاھات بېرىلگەن بولۇپ، كىتابتىكى ئىزاھلارنىڭ قىممەتلىكلىكى كىتابنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. پروفېسسور، دوكتور كاچالىن ئەپەندى ئەسەرنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن ھەربىر سۆزنى دېگۈدەك قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە نەشرگە تەييارلىغان. ئىزاھات بېرىشكە تېگىشلىك دەپ قارىغان يەرلەرگە بىرمۇبىر تەپسىلىي ئىزاھات يازغان. مەسىلەن: Uzük[<yüz-°k] ئەرەبچىدىكى «ك» دۇر. «بەدايىئۇل ۋاسات» (بۇ يەردە مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: قوليازمىدا «نەۋادىرۇش شەبباب» دەپ يېزىلغان) تا كېلىدۇ [255,331,3] (ئىزاھات: قارالڭ، مۇھەممەد مەھدىخان، سەنگلاخ 15 r 122. ئالبىل ژان باتىست، نەۋائىينىڭ سۆزلەرى ...64).

بېيىت / رەمەلى مۇسەممەنى مەھذۇف: فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن؛

خاتىمى لەئلىڭ ئەگەر ئاغزىمغا يەتكەچ تىشلەگۈم،
مۇھرە ئەتەردە مۇ: م ياپۇشقان كەبى باسقاچ ئۈزۈك.

[= تامغا بېسىش ئۈچۈن ئۈزۈكنى باسقاندا مۇم ئۇنىڭغا يېپىشقاندەك، ھېچ گەپ قىلمايدىغان لەۋلىرىڭ ئاغزىمغا تەگسە چىشلىۋالىمەن.]⑦

دىزىن (ئىندېكس) قەدىمكى ئەسەر تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئەمگەكتۇر. قەدىمكى ۋەسىقىنىڭ تېپىلىپ تەتقىق قىلىنىشى ئەلۋەتتە باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بولىدۇ. ئەسلىي قوليازما ھالىتىدىن ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى ۋە ھازىر قوللىنىلىدىغان تىللارغا ئۆرۈلۈشى باشقىلارنىڭ ئەسەر مەزمۇنىنى چۈشىنىشى ۋە ئەسلىي ئوقۇلۇشىنى كۆرۈشى ئۈچۈندۇر. دىزىن بولسا ئەسەردە ئۇچرايدىغان مۇھىم سۆزلەر، ئاتالغۇلار، كىشى ئىسىملىرى، ھەتتا ئەسەردە ئۇچرايدىغان بارلىق سۆزلەرنىڭ تىزىملىكى بولۇپ، بۇ سۆزلەر رەت ـ تەرتىپى بويىچە بېرىلگەندىن كېيىن، سۆزنىڭ ئاخىرىغا شۇ سۆزنىڭ قايسى يەردە ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان سان ـ سىپىرلار ۋە ئۇندىن باشقا، سۆزنىڭ ھازىرقى تىللاردىكى مەنىسىمۇ يېزىلىدۇ. تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ياكى سۆزلەرگە قىزىققۇچىلار بۇ سۆزنىڭ ئۇ ئەسەردە قايسى يەردە ۋە جەمئىي قانچە قېتىم ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئەسەرنى باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇپ، ئىزدىمەكچى بولغان سۆزلەرنى بىردىن ساناپ چىقىشنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت ئەسەرنىڭ دىزىن قىسمىنى ئېچىپ ئۆزى ئىزدىمەكچى بولغان سۆزنى ئىزدىسىلا كۇپايە، بۇنىڭ ئۈچۈن تولۇق تۈزۈلگەن بىر دىزىن بولسىلا بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ھەل بولىدۇ.

مەزكۇر كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا بېرىلگەن دىزىن شەكلىنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە قوللىنىشچانلىقى بىلەن تەتقىقاتچىلارنى رازى قىلىدۇ. بىرىنچى دىزىندە تۈرك تىلىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپىگە ئاساسەن كىتابتا سۆز بېشى بولۇپ كەلگەن سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ كىتابتىكى تەرتىپ نومۇرى بېرىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدا جەمئىي 2842 سۆزلۈك بار. ئىككىنچى دىزىندە كىتابتىكى سۆز بېشى بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر بېرىلگەن بولۇپ، بۇ قىسىمدا تەكرارلانغان سۆزلەر چىقىرىۋېتىلىپ سۆزلەرنىڭ قوشۇمچە قوشۇلمىغان ھالىتى بېرىلگەن. بۇ قىسىمنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بىر سۆز بېرىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىغا تىرناق ئېچىپ، بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى كۆرسىتىلىش بىلەن بىرگە، ھەربىر سۆز ئۈچۈن بېرىلگەن ئىزاھاتتا سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنىڭ سەۋەبلىرى نوپۇزلۇق لۇغەتلەر ۋە ئەسەرلەردىن سىتاتا كۆرسىتىلىپ، ئۇ سۆزنىڭ قايسى ئەسەر ۋە قايسى لۇغەتتە، قانچىنچى بەتتە ئۇچرايدىغانلىقى بىرمۇبىر كۆرسىتىلگەن. بۇ قىسىمدا جەمئىي 1950 سۆزلۈك بېرىلگەن. مەسىلەن:

يىغلا ـ [ئىغ + لا ـ (8477 ـ ئىزاھات: كلاۋسون، «13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى» 85b. نەۋائىي، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» 158. رەسەنېن ‹RASANEN›، «تۈرك تىللىرىنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى»، 8b. تەكىن، «تۈركچىدىكى بىرىنچى ئۇزۇن سوغۇق تاۋۇش» 175. ستىراستىن ‹DYBO–MUDRAK›، ‹STAROSTIN–› قاتارلىقلار، «ئالتاي تىللىرىنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى» II، 873. ئۆزيەتگىن، «ئەبۇ ھەييان كىتابۇل ئىدراك ...» 470.)]⑧

مىسالدا كۆرگىنىمىزدەك، پىروفېسسور، دوكتور كاچالىن ئەپەندى بۇ قىسىمدا بېرىلگەن ھەربىر سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق لۇغەتلەر ۋە بۇ سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك كىتاب ۋە ماقالىلەردىن پايدىلانغان ۋە سۆزلەرنىڭ كىتابتىكى ياكى ماقالىدىكى ئورنىنى ئېنىق كۆرسەتكەن.

ئۈچىنچى قىسىمدا سۆزلۈكلەر ئىككىنچى قىسىمدا بېرىلگەن سۆزلۈكلەرنىڭ تۈرك تىلىدىكى مەنىسىگە ئاساسەن تىزىلغان بولۇپ، بۇ قىسىمدا تەتقىقاتچىلار سۆزنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن سۆزلەرنىڭ كىتابتىكى ھالىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. يەنى، ئاۋۋال سۆز مەنىلىرى بېرىلىپ، ئارقىدىن سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيەسى كۆرسىتىلگەن.

تۆتىنچى قىسىمدا بولسا، ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان ئالاھىدە ئىسىملار، تېمىلار، مۇھىم سۆز بىرىكمىلىرىدىن جەمئىي 286 سى بېرىلىپ، بۇلار ئۇچرايدىغان بەت ۋە ئىزاھات نومۇرى بېرىلگەن.

بۇ قىسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەسەردە ئۇچرايدىغان ئارۇز ۋەزنىنىڭ تۈرلىرى كىتابتا ئۇچراش قېتىم سانىغا ئاساسەن كۆپتىن ئازغا قاراپ، جەمئىي 26 خىل ۋەزىن بېرىلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى رەمەل بەھرى ئىچىدىكى «فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن» ۋەزنى بولۇپ، كىتابتا جەمئىي 424 قېتىم ئۇچرايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا قولىيازمىنىڭ فاكسىمىلى بېرىلىشتىن بۇرۇن ئەسلىي كىتابتا شېئىرلىرى ياكى سۆزلىرى ئىشلىتىلگەن ئەسەر ئىسىملىرى تەرتىپىگە ئاساسەن بېرىلگەن ۋە بۇ پايدىلانمىلارنىڭ كىتابنىڭ قايسى يېرىدە ئۇچرايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئەڭ كۆپ پايدىلىنىلغان ئەسەر نەۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شېرىن» ناملىق ئەسىرى بولۇپ، جەمئىي 191 قېتىم پايدىلىنىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئاندىن كېيىن ئەسەرنىڭ سۇلايمانىيە كۇتۇپخانىسىدىكى نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىلى تەتقىقاتچىلارنىڭ سېلىشتۇرۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن رەڭلىك باسما ھالەتتە بېرىلگەن.

كىتابنى بۇنچىلىك ئىنچىكىلىك بىلەن بۇنچە كۆپ تارىخىي مەنبەلەرگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق نەشرگە تەييارلاش ئەلۋەتتە ئاسان تاماملىنىدىغان ئىش ئەمەس. كىتابنىڭ نەشرگە تەييارلىنىشى ھەققىدە پىروفېسسور، دوكتور كاچالىن ئەپەندى كىتابنىڭ نەشرگە تەييارلىنىشىنىڭ قارارىدىن ئۆتۈپلا نەشرگە تەييارلاش ئىشىنىڭ دەرھال باشلانمىغانلىقى ھەم بىر قانچە يىل ئىچىدىلا نەشرگە تەييارلانمىغانلىقىنى، نەشرگە تەييارلاش ئىشىنى ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ۋاقىتلىرىدىن باشلانغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. كىتابنىڭ سەۋىيەسى ۋە تەتقىقات جەھەتتىكى ئىنچىكىلىكى بۇ نۇقتىنى مانا مەن دەپلا ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. بۇنچە كۆپ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ نەشرگە تەييارلانغان مەزكۇر كىتاب تەتقىقات ساھەسىدە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك قىممىتىنى تاپقۇسى، ئەلۋەتتە.

## ئىزاھلار:

① Zuhal KARGI OLMEZ *Cagatayca Sozlükler*, Kebikec, Ankara, 1998, 138 ـ بەت

② Mustafa S. KACALIN, *Nevayinin Sozleri ve Cagatayca Taniklar*, TDK, 2011, 13 ـ بەت

③ Mustafa S. KACALIN, *Nevayinin Sozleri ve Cagatayca Taniklar*, TDK, 2011, 14 ـ بەت

④ Mustafa S. KACALIN, *Nevayinin Sozleri ve Cagatayca Taniklar*, TDK, 2011, 18 ـ بەت

⑤ Zuhal KARGI OLMEZ *Cagatayca Sozlukler*, Kebikec, Ankara, 1998, 140 ـ بەت

⑥ 1) بەدايىئىل ۋاسات 2) چىھال ھەدىس 3) دىۋانى بابۇر مىرزا 4) دىۋانى فارىسى 5) دىۋانى ھۈسەينى بايقارا 6) دىۋانى لۇتفى 7) دىۋانى ئۇبەيدى 8) فىرھاد ۋە شىرىن 9) فەۋايىدۇل كىبەر 10) غارايىبۇس سىغەر 11) گۇل ۋە نەۋرۇز 12) ھالاتى سەييىد ھاسان بەگ 13) خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن 14) ھاسبى ھال 15) ھەيرەتۇل ئەبرار 16) خۇسرەۋ ۋە شىرىن 17) مەجنۇن ۋە لەيلى 18) لىسانۇت تەير 19) مەھبۇبۇل قۇلۇب 20) ماھزەنى ئەسرار 21 ) مەجالىسۇن نەفايىس 22) مىزانۇل ئەۋزان 23) مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن 24) مۇناجاتنامە 25) مۇنشەئات 26) نەزمۇل جەۋاھىر 27) نەسايىمۇل مەھاببە مىن شامەيىمىل فۇتۇۋۋە 28) نەۋادىرۇش شەبباب 29) سەبئەئى سەييارە 30) سەددى ئىسكەندەرى 31) سىراجۇل مۇسلىمىن 32) تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۇكەما 33) تەۋارىخى مۇلۇك 34) ۋەقفىيە.

⑦ Mustafa S. KACALIN, *Nevayinin Sozleri ve Cagatayca Taniklar*, TDK, 2011, 281 ـ بەت

⑧ Mustafa S. KACALIN, *Nevayinin Sozleri ve Cagatayca Taniklar*, TDK, 2011, 1043 ـ بەت

تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت

# تەرجىمىنىڭ مەدەنىيەت ئامىلى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

گۈلجەننەت ئىسمائىل

(«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى 830000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئەدەبىي تەرجىمانىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىنىڭ مۇھىملىقى، ئۆزى تەرجىمە قىلىۋاتقان شۇ ئەسەر تەۋە بولغان مىللەتنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىغا چوڭقۇر چۆكۈشى كېرەكلىكى، ئەدەبىي تەرجىمىنى خۇددى تىلشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىقتەك مۇستەقىل پەن سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئەتراپلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن.

**摘要:** 本文阐述了文学译者加强文化修养的必要性、译者要深入实际、掌握异语文化特征、把文学翻译术语、文学艺术作为一个独立课题来研究。

ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات بىلەن مەدەنىيەت بىر ـ بىرىگە باغلانغان بولىدۇ. ئەدەبىي تەرجىممۇ ئەدەبىيات بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغاچقا بىر گەۋدىگە ئايلانغان. تەرجىمىنىڭ مەدەنىيەتكە يۈزلىنىشى كۈنسايىن روشەن بولۇۋاتقان شارائىتتا ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن مەدەنىيەت ئامىللىرى تېخىمۇ مۇھىم بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەدەنىيەت ئامىلى بولغان مەقسەت بىلەن ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ئەدەبىي تەرجىمىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن مەدەنىيەت ئامىلىنى، مەقسەت بىلەن ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا، ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتىنى مەدەنىيەت ئامىللىرى تەتقىقاتىنىڭ تىل مۇھىتىغا قويۇپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

خەنزۇ تىلى دۆلەت تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىغا بولغان مەدەنىيەت تەسىرى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە ئېھتىياجى مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تىل ئۇي ـ پىكىر ئالماشتۇرىدىغان مۇھىم قورال بولغىنىدەك، ئۇ يەنە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭمۇ مۇھىم ۋاستىسى بولىدۇ. ئۇ ـ چۇر يەتكۈزۈش مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەدەبىي تەرجىممۇ ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان بىر خىل مۇھىم قورال بولغاچقا، تەرجىمىنى تىل ـ يېزىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، نوقۇل سۆز مەنىسىدىكى تەرجىمىدىن مەدەنىيەت ئۇقۇمى مۇجەسسەملەشكەن ئەدەبىي تەرجىمىگە ئايلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە ھېچ بولمىغاندا ئىككى خىل تىلغا چېتىلىدىغان مەدەنىيەت مەسىلىسى. ئەدەبىي تەرجىمە ئەدەبىياتنىڭ ئايرىلماس قىسمىغا ئايلىنىپ، بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى دەپ قارالغاچقا ئەدەبىي تەرجىمە ئۇقۇمى بىر خىل تىلنى يەنە بىر خىل تىلغا ئالماشتۇرىدىغان تەرجىمە بولۇپ قالماي، بەلكى بىر خىل مەدەنىيەتنى يەنە بىر خىل مەدەنىيەتكە ئالماشتۇرىدىغان، قايتا زاھىر قىلىدىغان ۋاستە بولىدۇ. بۇنداق ئالماشتۇرۇش، زاھىر قىلىش دەل تىلنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى «口蜜腹剑» دېگەن ئىدىيومنى «ئېغىزىدا ھەسەل بار، قورسىقىدا قىلىچ بار» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. پەقەت «تىلى ھەسەل دىلى زەھەر» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، بۇ ئىدىيومنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مەنىسى ئۇيغۇر تىلىدا تولۇق ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە ئەمەلىيەتتە بىر خىل مەدەنىيەت يەتكۈزۈشكە ۋە مەدەنىيەت شىڭىشىگە ئايلىنىدۇ، بۇ ھال ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ ئىستېتىك تۇيغۇسى بىلەن گۈزەل ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىدۇ. كۆڭۈلدىكىدەك ئەدەبىي تەرجىمە سەۋىيىسىگە يېتىش ئۈچۈن تەرجىمان بىلەن ئاپتور ئوتتۇرىسىدا بىردەكلىك بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلسا، تەرجىمە تېكىستى ئەسلىي ئەسەر تېكىستىنىڭ سەۋىيىسىگە يېتەلەيدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەدەبىي تەرجىمان ئانا تىلىدىكى يېزىقچىلىق سەۋىيىسى بە-

لەن شەرھلەش سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆزگە تىلدا يېزىقچىلىق قىلىش، شەرھلەش سەۋىيەسىنىمۇ ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئەدەبىي تەرجىماننىڭ مەدەنىيەت ئېڭى ئاپتورنىڭ مەدەنىيەت ئېڭى بىلەن تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. تەرجىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش تەرجىمە خىزمىتىدە ناھايىتى مۇھىم. ھازىر دەۋر ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن تىل ئۆگىنىدىغانلار، بولۇپمۇ خەنزۇ تىلى ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەيدىغانلار كۆپ بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىيەت ئامىللىرىغا كەلگەندە ئۇلار يەنىلا تەرجىمىگە مۇھتاج بولىدۇ، چۈنكى تەرجىمە جەريانىدا بۇنداق مەدەنىيەت ئامىللىرى زور تەسىرگە ئۇچرايدۇ ياكى يوقاپ كېتىدۇ. شۇڭا يەنىلا تىللار ئارا مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەدەنىيەت ئامىللىرىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، «金玉其外，败絮其中» دېگەن ئىدىيومنى ئۇيغۇر تىلىدا «تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ. مۇشۇنداق تەرجىمە قىلىنغاندىلا ئاندىن مەدەنىيەت ئامىلىنى تولۇق يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولىدۇ. ئۆزگە تىل مەدەنىيىتىنى پەقەت تەرجىمە ئارقىلىقلا ئۈنۈملۈك ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. ئوخشاش مەدەنىيەت بىلەن ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بېيىتىلىدۇ، ئۆزئارا سىڭىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن تەرجىمە تەتقىقاتىغا خىرىس ئېلىپ كېلىدۇ، ئەدەبىي تەرجىمىدە مەدەنىيەت ئامىللىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا سورۇن ھازىرلاپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيلىك جەھەتتىكى پەرق ۋە توقۇنۇشلارغىمۇ دىققەت قىلىش، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىش كېرەك. بۇ ئامىللار ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتىغا تەسىر يېتىدۇ، بۇلار ياخشى بىر تەرەپ قىلىنسا مەدەنىيەتلەر مۇناسىۋىتىمۇ راۋان بولىدۇ، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمە مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئىچىدىكى بىر تارماق مەزمۇن بولغاچقا، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشۇۋاتقان ۋە ئۆزئارا سىڭىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇ تەتقىقات بارغانسېرى مۇھىم بولۇۋاتىدۇ، ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتى بىلەن بولغان ئارىلىقمۇ يېقىنلىشىۋاتىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە كەڭ مەنىدىكى يەتكۈزۈش ۋاستىسى كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولغاچقا، ئۇ تارىخشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، جۇغراپىيەشۇناسلىق، ۋاستەشۇناسلىق ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. شۇڭا مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي تەرجىمىدە تەرجىمىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇقۇمىنى قايتا بەرپا قىلىش تامامەن مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندە مەدەنىيەت يەر شارىلىشىش يېڭى خىرىسىنى پەيدا قىلىپ، مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكىنى، پەنلەرنىڭ چېگراسىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ، جۈملىدىن تەرجىمىنىڭ ئۆزىدىن بۇيان ئارىلىق پەن بولۇش ھالىتىگىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى ياخشى ئىلگىرىلەش پۇرسىتى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «سادىق بولۇش، راۋان بولۇش، پاساھەتلىك بولۇش» نى داۋاملىق ئۆلچەم قىلىشقا بولامدۇ - يوق دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغاندا تەرجىمە دېگەن بۇ ئۇقۇمنى تولۇق چۈشىنىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ، يەنى سۆز شەكلىدىكى تەرجىمىنى تەدرىجىي ھالدا مەدەنىيەت ئۇقۇمىدىكى تەرجىمىگە ئايلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە ۋە سېلىشتۇرمىسىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، پەقەت تىلنىڭ تېخنىكىلىق ئىقتىدارىغا تايىنىپلا بىر خىل مەدەنىيەتنى يەنە بىر خىل مەدەنىيەتكە تەرجىمە قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي تەرجىمىدە تىلنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، نوقۇل تىل قاتلىمىدىكى بايانىدىن مەدەنىيەت ئۇقۇمىنى شەرھلەشكە ئۆتۈش كېرەك. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى «挂羊头卖狗肉» دېگەن ئىدىيومنى «قويرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتماق» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ «قوي كاللىسىنى ئېسىپ قويۇپ ئىت گۆشى سېتىش» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمىدە سۆز بىلەن سۆزنى ئۇدۇللاپ توغرىلاپ قويۇش ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت قاتلىمى نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئەسلىي ئەسەردىكى مەنانى شەرھلەپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ھەربىر ئەدەبىي تەرجىماننىڭ ئەدەبىي تەرجىمە مەسىلىسىدە ئۆزىگە خاس كۆزقارىشى بولىدۇ. چۈنكى ئەدەبىي ئەسەر ھامان نازۇك مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىكا مەناسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي تەرجىمان خەت مەنىسىگىلا ئېسىلىۋالسا، بۇنداق تەرجىمىنى ئەدەبىي تەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جىمە دېگىلى بولمايدۇ، ئەسلىي ئەسەرنىڭ روھىي ماھىيىتىگە ۋە ئۇسلۇبىغا سادىق بولۇش ئەسلىي ئەسەرنىڭ سۆز ــ جۈملىلىرىگە سادىق بولغاندىن ياخشى بولىدۇ، شۇڭا ئەدەبىي تەرجىمىدە سۆز مەنىسىنى تەرجىمە قىلىپ يەتكۈزۈشتىن مەدەنىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى يەتكۈزۈشكە يۈزلىنىش كېرەك. بۇ ئەھۋال شېئىرىي ئەسەرلەردە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن، بىز گۇمنامنىڭ مۇنۇ شېئىرىغا قاراپ باقايلى:

ئوتمۇ ھەم بار گۈلمۇ ھەم بار يارنىڭ رۇخسارىدە،
يارمۇ ھەم بار ئوقمۇ ھەم بار ئول خۇنخارىدە.

情人妖艳的容貌里有鲜花也有火焰,
情人要命的眼睛里有长弓也有箭囊。

كەڭ مەنىدىكى تەرجىمە مەدەنىيەت مەناسىنى شەرھلەيدۇ ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قايتا زاھىر قىلىدۇ. بەزى پەن خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى ئۆدۈل تەرجىمە قىلغاندا ئەسلىگە سادىق بولغىلى بولسىمۇ، ئەمما ئەدەبىي ئەسەردە ئۆدۈل تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە مەدەنىيەت ئامىللىرى مۇجەسسەملەشكەن بولىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىدە ئەسلىي ئەسەر مەزمۇنىنى ئوقۇرمەنلەرگە يېقىنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ گۈزەللىك تۇيغۇسىنى نامايان قىلىدۇ. مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەرجىمان ئەسلىي ئەسەرنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئەسلىي ئەسەر روھىنى ۋە ئۇسلۇبىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ بۇنداق ئورنىنى تەرجىمە ماشىنىسى ئالالمايدۇ، ئۇ پەقەت ئادەم مېڭىسى ئارقىلىقلا ئورۇنلىنىدۇ، چۈنكى ئادەملا مەدەنىيەت بىلەن نەزەرىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە پەرقلەرنى بىلىپ يېتەلەيدۇ، تەرجىمانلا ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ توغرا بولغان ــ بولمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ، بۇنداق ھۆكۈم ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى نۇقتىسىدىن ھۆكۈم قىلىنسا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

مەقسەت مەدەنىيەت ئامىللىرى مۇجەسسەملەشكەن ئەدەبىي تەرجىمىدە مۇھىم بولىدۇ. مەقسەتلىك ئېلىپ بېرىلغان ئەدەبىي تەرجىمە سۈپەتلىك چىقىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمان ئەدەبىي تەرجىمە جەريانىدا تەرجىمە تېكىستىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆرۈش ئادىتىگە ئاساسەن سۆز قوشۇپ ياكى سۆز قىسقارتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تەرجىمە قىلىدۇ. تەرجىمان نوقۇل تىلنىڭ تەڭ بولۇشىنى چىقىش قىلماي، ئەكسىچە تەرجىمە ئىستراتېگىيەسى ۋە تېخنىكىسىدىن باشقا ئامىللارنىمۇ ئوخشاش نەزەرگە ئېلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا تەرجىمە ناھايىتى راۋان چىقىدۇ. مەقسەت يازغۇچى، تەرجىمان ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا تەرجىمىگە كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئىقتىدار ئاتا قىلىپ، تەرجىمىنى تىل ئالماشتۇرۇشتىن يۇقىرى بولغان ئىلىم قاتلىمىغا، جۈملىدىن مەدەنىيەت قاتلىمىغا كۆتۈرىدۇ. مەسىلەن: ئۆزگە تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «مايتىرى سىمىت»، «چاھار دەرۋىش»، «كەلىلە ۋە دەمنە»، «مىڭ بىر كېچە»، «سىپارتاك»، «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ... قاتارلىق ئەسەرلەر دەل بۇنىڭ مىسالىدۇر. ئەدەبىي تەرجىمىنى يازغۇچى، تەرجىمان ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى يازغۇچى، تەرجىمان ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەدەنىيەت تەربىيەلىنىشى جەريانىدا پەرق بولغاچقا مەقسەتنىڭ تەرجىمە جەريانىدىكى پائالىيىتىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. مەقسەت يازغۇچى، تەرجىمان ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەل قىلغۇچلۇق رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. مەقسەتنىڭ ئەدەبىي تەرجىمە جەريانىدىكى ئالاقىلىشىش ئىزچىللىقىغا باغلاپ، ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا سىڭىشىش نۇقتىسىدىن ئەدەبىي تەرجىمىگە قاراش، ئەدەبىي تەرجىمىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىزچىللىقىغا سادىق بولۇش، ئەدەبىي تەرجىمە جەريانىدىكى سۆز قوشۇش، سۆز كېمەيتىش، ئۆدۈل تەرجىمە قىلىش ۋە مەنا تەرجىمىسى قىلىش قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەرنى تولۇق ئانالىز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا مەقسەتنىڭ ئەدەبىي تەرجىمىدىكى ئورنىنى توغرا تاللاش، توغرا بېكىتىش لازىم.

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

# ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ سۇبيېكتىپ توغرىسىدا

دىلنۇر ئېلى

(ئاپتونوم رايونلۇق تىل ـ يېزىق كومىتېتى · 830002)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ ئىككى خىل مەدەنىيەت ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مەدەنىيەت پائالىيىتى ئىكەنلىكى، ئەدەبىي تەرجىمە سۇبيېكتى بىلەن ئوبيېكتىنىڭ مۇناسىۋىتى، خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

摘要: 本文阐述了文学翻译与文化的关系、文学翻译是在两种文化之间进行的以及文学翻译中主观与客观性的关系和特征等问题。

ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن مەدەنىيەت تەشۋىقاتى مەلۇم بىر
خىل تەبىئىيلىككە ۋە بىۋاستە مۇناسىۋەتكە ئىگە. ئەدەبىي
تەرجىمە ئىككى خىل مەدەنىيەت ئارىسىدا ئېلىپ بېرىد-
لىپ، بىر خىل مەدەنىيەتنى يەنە بىر خىل مەدەنىيەتكە
ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەدەبىي تەرجىمان
تىل توسالغۇسىدىن ئۆتۈپ، ئەسلىي ئەسەرنىڭ ئۇسلۇب،
قىياپىتىنى بەدىئىي ئۇسۇل ئارقىلىق بايان قىلىدۇ، ئەس-
لىي ئەسەردىكى تىل مەدەنىيەت ئامىللىرى تەرجىماننىڭ
ئالدىدا يەنە بىر خىل توسالغۇغا ئايلىنىدۇ. ئەدەبىيات تې-
كىستى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنى ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ، ئەدەبىيات تېكىستىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر
قىسمى ھەم تەرجىمىدىكى ئەڭ قىيىن بىر قىسمى بولىدۇ.
تەرجىمە تىل مەدەنىيىتى بىلەن ئەسلىي تىل مەدەنىيىتى
مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، تەرجىماننىڭ مەدەنىيەتكە تۇتقان
پوزىتسىيەسىمۇ تەرجىماننىڭ تەرجىمە تاكتىكىسىنىڭ
مۇھىم ئامىلى بولىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە ئەسلىي تىل مەدە-
نىيىتى بىلەن تەرجىمە تىل مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا تەسىر
قىلىشى جەريانىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل پائالىيەت
بولغاچقا، ئەدەبىي تەرجىمىنى بىر خىل مەدەنىيەت ھادى-
سىسى، شۇنداقلا بىر خىل مەدەنىيەت بەرپاچىلىق ھەرىكى-
تى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەسلىي تىل مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ
تەرجىمە تىل مەدەنىيىتى ئەدەبىي تەرجىمىگە نىسبەتەن
ھەل قىلغۇچلۇق رول ئوينايدۇ، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماش-
تۇرۇشقا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەسلىي تىل مەدەنىيىتى
تەرجىمە تىلى مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، كىشىلەر-
نىڭ تەرجىمىگە بولغان تونۇشىنى ئاشۇرىدۇ. ئەدەبىي تەر-
جىمىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى ئاپتور، تەرجىمان ۋە ئوقۇر-
مەنلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئېنىقلايدۇ، ئەدەبىي
تەرجىمە پائالىيىتىدە ئاپتورنىڭ تەرجىمانغا بولغان سۇب-
يېكتىپ رولىنى تەرجىمىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلەيدۇ،
تەرجىماننىڭ ئىجادىيىتى ئەسلىي ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئىجا-
دىيىتى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، شۇڭا تەرجىماننىڭ
سۇبيېكتىپ ئىقتىدارى يازغۇچى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ
تۈرلۈك چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. تەرجىماننىڭ سۇبيېكتىپ
رولى تەرجىمە پائالىيىتىدە تەرجىماننىڭ ئىجادچانلىقىنى
ئىپادىلەيدۇ، بۇ تەرجىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ـ
بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەمەلىيەتتە تەرجىمان
ھەم ئوقۇرمەن ھەم تەرجىمان سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ،
بۇ تەرجىماننىڭ تەرجىمە پائالىيىتى جەريانىدىكى سۇبيېك-
تىپچانلىق ئورنىنى نامايان قىلىدۇ. تەرجىمە تېكىستىنىڭ
يۇقىرى سەۋىيەدە تەرجىمە قىلىنىشى تەرجىمان بىلەن ئو-
قۇرمەنلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان مۇھىم
ئۆلچەم.

ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ بارلىققا كەلگىنىگە ئۇزۇن
زامانلار بولغاچقا ئۇنى ئىنسانلار ئەمگىكى پەيدا بولغان
چاغلارغا سۈرۈشكە بولىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ مەڭگۈ-
لۈك تېمىسى بولغان «تەرجىمە دېگەن نېمە، كىم تەرجىمە
قىلىدۇ، قانداق تەرجىمە قىلىش كېرەك؟» دېگەنلەر تەرجى-
ماننىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.
شۇڭا تەرجىمە تەتقىقاتىدا ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ سۇبيېك-
تىپچانلىقىنى تەتقىق قىلىش تولىمۇ مۇھىم. ئۇنى تەتقىق
قىلىش چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ مەدەنىيەت تەتقىقاتى،
يەنى تەرجىمە تەتقىقاتىدىكى مەدەنىيەت يۆنىلىشى بىلەن
تەتقىقات كاتېگورىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۆزىگە مۇجەس-

www.uyghurkitap.com


سەملەشتۈرىدۇ، تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ يۈنىلىشى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يەنىلا تەرجىمىنى تەتقىق قىلىش بولىدۇ. تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ مەدەنىيەت يۈنىلىشى ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ سۇبيېكتىغا يېڭىدىن تەبىر بېرىش مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شەكىل ۋە مەزمۇندا پەرق پەيدا بولىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى بىر ئىزىدا توختاپ قالمايدۇ، بەلكى ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتى بىلەن ئەمەلىيىتى جەريانىدا جانلىنىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەرجىمانىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بۇ تەرجىمە تەتقىقاتىنى ئىنتايىن مول ۋە كۈچلۈك ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ مەدەنىيەت يۈنىلىشى يەنە تەتقىقات شەكلىنىڭ باراۋەر بولۇش، ئىقتىدارىنىڭ تەڭ ئۈنۈمدار بولۇش قاتارلىق تېكىست ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى مەدەنىيەت قاتلىمىغا قويۇپ تەتقىق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى مەدەنىيەت مەسىلىسى — ئانا تىل مەدەنىيىتى بىلەن تەرجىمە تىل مەدەنىيىتى ئارىسىدىكى مەدەنىيەت مەسىلىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ مەدەنىيەت يۈنىلىشى تەرجىمە تىل نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەرجىمە پائالىيىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى ۋە نەتىجىسىنى تەكىتلەيدۇ؛ ئەدەبىي تەرجىمىنى تەرجىمە تىل مەدەنىيەت مۇھىتىغا قويۇپ تەرجىمىنىڭ بىر خىل مۇھىم مەدەنىيەت ئىجادچانلىقىغا، مەدەنىيەت كىملىكىنى ئىپادىلەش شەكلىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ئىنسانلار ئارىسىدا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بارلىققا كېلىشى بىلەنلا تەرجىمە پائالىيىتى بارلىققا كەلگەن. تەرجىمە ئەمەلىيىتى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تەرجىمە نەزەرىيەسى بارلىققا كېلىپ، تەرجىمە ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تەرجىمىگە بولغان تونۇشمۇ ئۈزۈكسىز چوڭقۇرلاپ باردى، تەرجىمە پائالىيىتىمۇ بارغانسېرى ئەقلىيلىككە قاراپ يۈزلەندى. ئەمما مەيلى ئەنئەنىۋى تەرجىمە نەزەرىيەسى بولسۇن ياكى ھازىرقى زامان تەرجىمە نەزەرىيەسى بولسۇن، باشقا پەنلەرگە نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا تازا ئەتراپلىق بولمىدى؛ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسى، ئىلمىيلىق مەسىلىسى باشقا پەنلەردە ھەل بولغان بولسىمۇ، ئەمما تەرجىمىنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيە مەسىلىسى ھېلىھەم تەرجىمە تەتقىقاتىغا توسالغۇ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، شۇنداق بولغاچقا ئۈنۈملۈك تەرجىمە نەزەرىيەسى كەم بولدى.

ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەرجىمە تەتقىقاتىنى مۇستەقىل پەنگە ئايلاندۇرۇش تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. تەرجىمە تەتقىقاتى تىل، ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق كاتېگورىيەلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ، ئۇ قۇرۇلمىچىلىقنى، قۇرۇلمىنى بۇزۇپ تاشلاشنى ئالاھىدىلىك قىلغان ئىككىنچى قۇرۇلمىچىلىق پەلسەپە ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، باشقا مۇناسىۋەتلىك پەنلەر بىلەنمۇ ئۆز ئارا سىڭىشىپ شەرھلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ مۇرەككەپ، قاتلاملىق بولىدۇ، پەلسەپە قاتارلىق چوڭقۇر قاتلاملىق پەنلەرگە تايىنىدۇ، تىلشۇناسلىق، مېدىيە، بەلگەشۇناسلىق، شەرھشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ۋە ئىستېتىكا قاتارلىقلارنى ئۆزىگە تۈۋرۈك قىلىدۇ. بولۇپمۇ مەدەنىيەت نەزەرىيەسى تەرجىمە تەتقىقات نەزەرىيەسىنىڭ يېتەكچى نەزەرىيەسى بولىدۇ. ئەمما تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ مەدەنىيەت يۈنىلىشى تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى بولمايدۇ، بۇنى كونكرېت مۇھىتتىكى مەدەنىيەت يۈنىلىشى بەلگىلەيدۇ. تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ مەدەنىيەت نەزەرىيەسى بىلەن تەتقىقات ئۇسۇلى كونكرېت تىل مۇھىتىدىكى ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ تەسۋىرلىنىش قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرھلەش ئىقتىدارى زور بولىدۇ. تەرجىمىنىڭ تاشقى تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئىچكى تەتقىقاتىغا سەل قارىلىدۇ ـ دە، تەرجىمە باغلاشماسلىقتەك، مۇقىم بولماسلىقتەك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى تەرجىمىگە ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن ئەھمىيەت بېرىلگەندىلا، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغاندىلا ئاندىن بىر پۈتۈن تەرجىمە گەۋدىسى ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، ئەدەبىي تەرجىمىنى ئالساق، بىز مەيلى ئەدەبىي تەرجىمە تېكىستىنى قانداق ئوقۇيلى، تەرجىمە ئەدەبىياتى تەرجىمە تىل سىستېمىسىدا قانداق ئىجتىمائىي، تارىخىي رول ئوينىسۇن، تەرجىمە تىل مەدەنىيىتى يەنە ئەدەبىي تەرجىمە جەريانىدا قانداق رول ئوينىسۇن، بىز ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ يەنىلا بىر خىل شەكىلدىكى ئەدەبىيات ئىستېتىكىسى بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت پائالىيىتى ئىكەنلىكىنى، ئەسلىدىنلا مۇئەييەن بەدىئىي قانۇنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئەدەبىي تەرجىماننىڭ سۇبيېك-

تىپچانلىقى مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئىجادچانلىق بىلەن مۇستەقىللىقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تامامەن تەرجىمە تىل مەدەنىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى بىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمانىنىڭ ئالاھىدە شەكىلدىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمۇ ھەرگىز بېكىنمە ھالەتتە بولمايدۇ، ئۇ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ، بۇ خىل مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلغان تەرەپكىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ ئەدەبىياتتىكى رولى بىلەن ئورنى مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ مەركىزى مەدەنىيەت تارىخىغا، يەنى مەدەنىيەت سەۋىيەتلىرىگە يۆتكىلىدۇ. ئاپتور، تەرجىمان ۋە ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدىكى ھوقۇق مۇناسىۋىتى تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرىدۇ، تەرجىمە تىل مەدەنىيىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەرجىمە ھوقۇق ئاملى بولۇپ، ئۇ بۇ خىل ھوقۇق مۇناسىۋەتنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم قۇدرەت بولىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ سۇبيېكتىپ تەتقىقاتى يازغۇچى، تەرجىمان ۋە ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا مۇستەقىل ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە تۇرىدۇ، چۈنكى يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىلا كۆرسەتمەيدۇ، ئۇ يازغۇچى ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە نامايان قىلىدىغان تەرجىمە تىل مەدەنىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، تەرجىمانىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقىمۇ ئوخشاشلا كەڭ مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ.

ئاپتور، تەرجىمان ۋە ئوقۇرمەن ئەدەبىي تەرجىمە پائالىيىتىدىكى مۇھىم گەۋدە. ئەمما تەرجىمە ھامان ئەسلىي ئەسەرنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى بولغاچقا، ئەسلىي ئەسەر تەرجىمە ئەسەرگە نىسبەتەن مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە بولىدۇ. ئوخشاشلا تەرجىمانىنىڭ ئورنىمۇ ئەسلىي ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئورنىدىن تۆۋەن بولىدۇ. تەرجىمىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىق تەتقىقاتى دەل ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى بولىدۇ. يازغۇچى، تەرجىمان ۋە ئوقۇرمەن ئەدەبىي تەرجىمە پائالىيىتىدە مۇھىم ئۈچ ھەرىكەت گەۋدىسى بولىدۇ. تەرجىمان تەرجىمە پائالىيىتىنىڭ سۇبيېكتى بولۇپ، تېكىستنى كونكرېت يۈرگۈزگۈچى بولىدۇ، شۇڭا ئۇ تەرجىمە پائالىيىتىگە ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە پائالىيىتىدە تەرجىمە پائالىيىتى يازغۇچى، تەرجىمان ۋە ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدۇ. ئومۇمىي مەنادىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەرجىمە پائالىيىتى يازغۇچى، تەرجىمان ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۇبيېكتىپچانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بولغان ئۆزئارا تەسىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق مۇناسىۋەت بىلەن تەسىر تەڭ بولىدۇ، ئەمما ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالدىكى تەرجىمە مۇددىئاسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، بىر - بىرىگە بېقىنىدۇ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. تەرجىمان بىلەن ئەسلىي تىل مەدەنىيىتىنىڭ تەرجىمانغا، ئوقۇرمەنگە ۋە تەرجىمە تىل مەدەنىيىتىگە يۆتكىلىشى تەرجىمان، ئوقۇرمەن ۋە يازغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋەتمەيدۇ، بەلكى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئاپتور ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى بولمىسا تەرجىمە مەۋجۇت بولمايدۇ، ئوقۇرمەنلەرمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. تەرجىمانىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىق تەتقىقاتىمۇ تەرجىمە پائالىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك تەتقىقاتى بولىدۇ. تەرجىمە يازغۇچى، تەرجىمان ۋە ئوقۇرمەننىڭ سۇبيېكتىپچانلىقىنىڭ ئۆزئارا چەكلەش، ئورتاق قۇرۇش نەتىجىسى بولىدۇ. تەرجىمە پائالىيىتىدىكى نۇرغۇن سۇبيېكتىپ ئامىللار ئىچىدە تەرجىمانىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىق رولى شۈبھىسىزكى ئەڭ مۇھىم بولىدۇ. يازغۇچى ئالدىدا تەرجىمان ئوقۇرمەن ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىي ئەسەرنى چۈشىنىش، شەرھلەش ھەرقانداق بىر تەرجىمانغا نىسبەتەن تۈنجى قەدەمنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ، تەرجىمانىنىڭ ئاپتورنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىش، ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەنىسىنى شەرھلەش تەرجىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش - بولماسلىقىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولىدۇ. ئوقۇرمەن ئالدىدا تەرجىمان يازغۇچى بولىدۇ. تەرجىمان ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىش ۋە شەرھلەش ئاساسىدا تىل ۋە بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالدىدا نامايان قىلىدۇ. تەرجىمان ئەسلىي تىلنى بىلمەيدىغان تەرجىمە تىل ئوقۇرمەنلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەسلىي تىلدا ئىپادىلىگەن مەزمۇننى چۈشىنىشكە يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. تەرجىمان تەرجىمە پائالىيىتىدە ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ سالاھىيەتكە ئىگە ۋە شۇنداق مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمما نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر پەقەت ئەسەرنىڭ ئاپتورىغىلا ھۆرمەت قىلىپ، تەرجىمانىنىڭ بۇنداق مۇھىم سالاھىيىتى بىلەن رولىغا سەل قارايدۇ، تەرجىمانىنىڭ ئورنىنى تۆۋەن چاغلايدۇ. تەرجىمە پەقەت ئەسلىي ئەسەرنىڭ تەقلىدىي بۇيۇمى دەپ قارالسا، تەرجىمان ۋە تەرجىمە پائالىيىتى پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. تەرجىمە تېكىستى ھەرقانچە ياخشى ئىش-

لەنگەن تەقدىردىمۇ ئەسلىي ئەسەرگە يەتمەيدۇ، تەرجىماننى يازغۇچىنىڭ كۆلەڭگىسى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل خاتا قاراش. بۇ — تەرجىمىنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ قايتا ئىجادىيەت دېگەن پرىنسىپىغا خىلاپ. مەسىلەن، «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «مىڭ بىر كېچە» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر ھەرگىزمۇ ئەسلىي ئەسەرنىڭ تەقلىدى ئەمەس، بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلغان تەرجىمانلارمۇ ئاپتورنىڭ كۆلەڭگىسى ئەمەس. بىر تەرجىمان بىر پارچە ئەسەرنى تەرجىمە قىلىۋاتقاندا ئەسلىي ئەسەر ئاپتورىغا ئوخشاش ئورۇندا تۇرۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئارتقۇزۇپ تەرجىمە قىلىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە ئاسان ئىش ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئەدەبىي تەرجىماننىڭ تەۋەلىكى بىلەن سۇبيېكتىپچانلىقى ئارىسىدا تالاش تولىمۇ تەسكە چۈشىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمان ھامان ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئەسەرنى تاللاپ تەرجىمە قىلىدۇ. ئۆزى ياقتۇرىدىغان ياخشى ئەسەرنى تاللاش تەرجىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىدىكى تۈنجى قەدەم، بۇنداق تاللاش ھوقۇقى تەرجىماننىڭ سۇبيېكتىپ تاللاش ئىرادىسىگە باغلىق بولىدۇ. مەسىلەن، بىر تەرجىمان ئەرەب ئەدەبىياتىغا قىزىقسا، ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا ئەرەب ئەدەبىياتىنى تاللاپ تەرجىمە قىلىدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمە يەنە بەدىئىي خۇسۇسىيەت بىلەن سەنئەت خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە. ئۇنىڭ مەدەنىيەت خۇسۇسىيىتى سەنئەت خۇسۇسىيىتىدىنمۇ بەك تەرجىماننىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىنى قوزغايدۇ. چۈنكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەت ئارىسىدىكى ئۆزگىچىلىك توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ ھەم تەرجىماندىن بۇ توسالغۇلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن تىرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىدە مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى بايقاش، تەرجىمە قىلىش تەس بولىدۇ. ئەمما بۇ تەرجىماننىڭ سۇبيېكتىپچانلىق ئېڭىنى قوزغايدۇ، چۈنكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قوش يۆنىلىشلىك بولىدۇ. تەرجىمان ھەم ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىگە ھەم ئۆزگە مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە سادىق بولۇپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بۇرچىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەن مەدەنىيىتىنى باشقا مىللەتلەرگە يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق ئەسەر ۋە مەدەنىيەت باشقا بىر تىل ۋە مەدەنىيەت قوينىدا ئۆز ھاياتىي كۈچىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا تەرجىمان يەنە ئۆزگە مىللەتنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن مەدەنىيىتىنى ئۆز مىللىتىگە يەتكۈزۈپ، ئۆزگە ئەسەر بىلەن ئۆزگە مەدەنىيىتىنى ئۆز ئانا تىلىدا ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئاپتور، تەرجىمان ۋە ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدىكى سۇبيېكتىپچانلىق ئەدەبىي تەرجىمە سۇبيېكتىپچانلىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى يەنە تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا زور رول ئوينايدىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ، ئەدەبىي تەرجىمە ھامان بىر خىل قايتا ئىجادىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىشىنى پەيدا قىلىدۇ، ئۇنى توغرا يېتەكلەيدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ بۇنداق رولى بىر خىل مەدەنىيەت ئامىلى سۈپىتىدە تەكشۈرۈلىدۇ. تەرجىمە پائالىيىتى تۈپ ئاساسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يەنىلا بىر خىل مەدەنىيەت پائالىيىتى، تىل پائالىيىتى بولۇپلا قالماي، تىللار ئارا ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت، شۇنداقلا بىر خىل بىلىش پائالىيىتى بولۇپ، بۇنداق بىلىش تىل جەھەتتىن بىلىش، ئىستېتىكا جەھەتتىن بىلىش ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن بىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەرجىمە پائالىيىتى بىر خىل مەڭگۈلۈك ئىنسانلار پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم جەلىپكارلىققا ئىگە. ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى مەڭگۈلۈك تېما بولغاچقا، ئاپتور، تەرجىمان، ئوقۇرمەن ۋە ئۇلار نامايان قىلىدىغان ھەم ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەر خىل تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئەدەبىي ئامىللار ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى بۇ مەڭگۈلۈك تېمىنى ھاسىل قىلىدۇ. پەلسەپە، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، تىلشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقىمۇ بارغانسېرى كېڭىيىدۇ، مەزمۇنىمۇ بارغانسېرى بېيىيدۇ. ئۇ تارىخشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق، ئېستېتىكاشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلىق قاتارلىق جەھەتلەرگە كېڭىيىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى مەيلى قايسى جەھەتتە چېتىلسۇن، ئۇ ھامان مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر تەرجىمىدە تەرجىمە سۇبيېكتى كەم بولمايدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

# تەھرىرلىك ۋە كوررېكتورلۇق توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

خالىدە مامۇت

(«بىلىم - كۈچ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، 830000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن تەكشۈرۈپ ئوقۇش خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى، مۇھەررىر بىلەن ئاپتورنىڭ مۇناسىۋىتى، قانداق قىلغاندا بۇ ھالقىلاردىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىق بىرقانچە مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان، شۇنداقلا مۇھەررىر بىلەن كوررېكتورنىڭ ئۆزىگە قانداق تەلەپ قويۇش كېرەكلىكى بايان قىلىنغان.

**摘要:** 本文论述了编辑工作与校对工作之间的关系、编辑与作者的关系、以及如何做好这一环节的工作等问题、并提出了编辑与校对人员应对自己提出更高的要求。

ئەسەر ئىجاد قىلىش ئەمگىكى يازغۇچىنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتنى تونۇش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق يېزىق، رەسىم قاتارلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ بىلىش جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى ئىپادىلەش جەريانىدۇر. ئاپتورنىڭ ئەنە شۇ ئىجادىي ئەمگىكى مۇھەررىرنىڭ تاللاش، رەتلەش، ئىش قوشۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق خىزمەت ھالقىلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بېسىش، توپلەش ھالقىسى ئارقىلىق ئوقۇرمەن بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. بۇ مەنىۋى مەھسۇلاتلار ئەنە شۇنداق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىش ئارقىلىق ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. مۇھەررىرلەرنىڭ ئەمگىكى بىلەن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەر يېزىش ئەمگىكىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشىمايدۇ. يازغۇچىنىڭ ئەمگەك مېۋىسى يازغۇچى يازغان ئەسەر نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بەزى يازغۇچىلار يازغۇچىلىق بىلەن تەھرىرلىك خىزمىتىنى بىرگە ئېلىپ بارغان، چۈنكى ئۇلار ھەم مۇھەررىر ھەم يازغۇچى ئىدى. بۇ بىر خىل ياخشى ئەھۋال بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر ھەمىشە تەھرىرلىك ئەمگىكى بىلەن يېزىقچىلىق ئەمگىكىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ ياكى تەڭ ئورۇندا قويۇپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەھرىرلىك ئەمگىكىگە سەل قارايدۇ، ھەتتا مۇھەررىرلەرگە يازغۇچىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن تەلەپ قويىدۇ. بەزىلەر «تەھرىر» دېگەن ئۇقۇمنى ئىككى خىل چۈشىنىدۇ. بىرى، ئاپتور بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەسەر يازىدۇ، تۈزىدۇ، تەھرىرلەيدۇ، بۇلار يازغۇچىلارغا تەۋە بولىدۇ؛ يەنە بىرى، كەسپىي تەھرىرنى كۆرسىتىدۇ، بۇلار كىتابلارنىڭ لايىھەلىرىنى تۈزىدۇ، تاللايدۇ، پەرقلەندۈرىدۇ، ئىش قوشۇپ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، بۇ خىزمەت تەھرىرلىك ئەمگىكىگە تالىق بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە يازغۇچىلار بىلەن مۇھەررىرلەرنىڭ خىزمىتىگە بولغان تونۇش يېتەرلىك بولمىغاچقا ھەمىشە مۇھەررىرلەرنىڭ سەۋىيەسى يازغۇچىلارنىڭ سەۋىيەسىدىن ئېشىپ چۈشمەيدۇ دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن يازغۇچى قەدىرلىنىپ، مۇھەررىرنىڭ ئەمگەك مېۋىسى قەدىرلەنمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ، بۇ بىر تەرەپلىمە قاراشتۇر. توغرا، بەزى يازغۇچى، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر مەلۇم جەھەتتە مۇتەخەسسىس بولسىمۇ، ئەمما تىل - يېزىقنى بىر تەرەپ قىلىش، كۆزقاراشنى ئىپادىلەش، تەھرىرلىك تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھەررىرلەردەك خاس سەۋىيەنى يېتىلدۈرگەن بولۇشى ناتايىن. بىر كىتابنىڭ مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە، يېزىقىدىن پەش - چېكىتلىرىگىچە ئازراقمۇ چاتاق چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا مۇھەررىر ئاپتورنىڭ ئەمگىكىگە ئەجىر سىڭدۈرمەي قالمايدۇ. شۇڭا ھەرقانچە ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ يەنىلا ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن مۇھەررىرنىڭ قولىدىن چىقىدۇ. مۇھەررىر پەرقلەندۈرۈش، رەتلەش، ئىش قوشۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق ئەسەرنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

تەھرىرلىك ئەمگىكىنىڭ خاراكتېرىنى ئۇنىڭ ئەمگەك ئوبيېكتى، ئەمگەك شەكلى، ئەمگەك جەريانى ئارقىلىق تو-

www.uyghurkitap.com

نۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇھەررىر ئاپتورنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ئۆزىنىڭ ئەمگەك ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئاپتورنىڭ ئەمگىكى بىر خىل مەنىۋى مەھسۇلات بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىۋاسىتە باسما زاۋۇتىغا ئېلىپ بېرىلمايدۇ. ئۇ بىر قاتار تەھرىرلىك جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن مەنىۋى مەھسۇلاتقا ئايلىنىدۇ. تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ تۈپ مەقسىتى ئىدىيەنى تەشۋىق قىلىش، بىلىمنى يەتكۈزۈش، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى جۇغلاشتىن ئىبارەت.

تەھرىرلىك ئەمگىكى پۈتكۈل تەھرىرلىك خىزمىتى جەريانىغا سىڭدۈرۈۋېتىلىدۇ. تەھرىرلىك ئەمگىكىمۇ ئىجادىي يوسۇندا ئوخشاشلا تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا مۇھەررىر تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ھەربىر ھالقىسىدا پۈتۈن زېھنىي قۇدرىتىنى سەرپ قىلىدۇ، ئىجادىي تەپەككۇر قىلىپ جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرىدۇ. مۇھەررىر تېما تاللاشتىن ئىلگىرى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھەرقايسى باسقۇچتىكى پەن ـ مەدەنىيەت كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشى بىلەن ئېھتىياجىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭدا ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم تەڭ نەزەرگە ئېلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ئۈنۈم تېخىمۇ نەزەرگە ئېلىنىدۇ. بۇ تەھرىرلىك خىزمىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك نامايان قىلىدۇ.

كىتاب ئورگىنالىنىڭ سىياسىي ئىدىيەۋى خاھىشى ئىلمىيلىكى ۋە بەدىئىيلىكىگە باھا بېرىش جەھەتتە ئىجادىي تەپەككۇر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى كىتاب ئورگىنالى خام مەھسۇلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ئۇ كىتاب بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ مەزمۇنىنى پەرقلەندۈرۈش، ئۇنىڭغا باھا بېرىش، ئارتۇقچىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، كەمچىلىكى بولسا تولۇقلاپ تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. كىتاب ئورگىنالى رەتلەش، ئىش قوشۇش باسقۇچىغا كىرگەندە مۇھەررىر ئەسلىي ئورگىنالنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرىدۇ، چۈشۈپ قالغان جايلارنى تولۇقلايدۇ، خاتالىقلارنى تۈزىتىدۇ، ئەدەبىي جەھەتتىن سىلىقلايدۇ، مۇقاۋا ۋە بەت يۈزىنى لايىھەلەيدۇ، بۇ خىزمەتلەر تامامەن بىۋاسىتە ئىجاد قىلىش بىلەن بىرگە ۋاسىتىلىق ئىجاد قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى كىتاب ئورگىنالىنى رەتلەش، ئۇنىڭغا ئىش قوشۇشتىن مەقسەت ئاپتورنىڭ ئەمگىكىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ نەشر قىلىش سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈش، بېسىپ كىتاب قىلىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەمما مۇھەررىر پىشقان، تەھرىرلەشتە ئانچە كۈچ تەلەپ قىلمايدىغان، ئەدەبىي جەھەتتىن ئازراقلا سىلىقلاپ قويسا بولىدىغان ئەسەرلەرگىمۇ؛ ۋەقەلىكى ياخشى، ئەمما سۆز ـ جۈملىلەردە، قۇرۇلمىدا مەسىلە بار، قاتتىق تەھرىرلىك كۈچى تەلەپ قىلىدىغان ئەسەرلەرگىمۇ دۇچ كېلىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى ئىجادىي تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق تەھرىرلەشكە، ھەتتا بەزى جايلارنى ئىجادىي تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى زورىيىدۇ، مۇھەررىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەمگىكىنىڭ ئىجادىيلىقىدىن زىنھار شۈبھىلىنىشكە بولمايدۇ. كىتابنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى بىردەك بولسا كىتابنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئاشىدۇ، تېخنىك تەھرىرلىكى بىلەن گۈزەل سەنئەت تەھرىرلىكىنىڭ ئىجادىي رولى تولۇق جارى بولىدۇ. مۇھەررىرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى نامايان بولىدۇ، بۇنداق تەھرىرلىك ئەمگىكى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا كىتابتىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئىجادىي ئەمگەكمۇ جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. تەھرىرلىك ــ پۈتكۈل نەشرىيات خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى بولۇپ، سىياسىيلىقى، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، كەسپىيلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك خىزمەت، شۇنداقلا جاپالىق، ئىنچىكە ئىجادىي ئەمگەك.

تەھرىرلىك خىزمىتىدە مۇھەررىرنىڭ بىلىم تارقىتىش، ئىدىيە ئالماشتۇرۇش، مەدەنىيەت، بىلىم توپلاش رولى بار. مۇھەررىر ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ يېڭى ئىدىيە، يېڭى نەزەرىيەلەرنى يەتكۈزۈپ، ئىنسانلارنىڭ بىلىم بۇلىقىنى ئاچىدۇ، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئالماشتۇرىدۇ، ئىدىيە، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تۈرلۈك يېڭى كىتابلارنى نەشرگە ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئوقۇرمەنلەرنى بىلىم بايلىقلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ھەر خىل بولىدۇ، ئوقۇرمەن ئوبيېكتىمۇ كۆپ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى ھالىتى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، ئىقتىسادىي كىرىمى، تۇرمۇش ئادىتى، ئوقۇش قىزىغىنلىقىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئوقۇشلۇققا بولغان تەلىپىمۇ ئادەتكە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مۇھەررىر ئوقۇرمەنلەرنى يېتەكلىگەچكە، باش مۇھەررىردىن مۇدىر مۇھەررىر، مەسئۇل مۇھەررىرگىچە سەگەك مېڭە، ئالدىن كۆرەر ئاڭ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش ئېڭى، ئىلمىي تەدبىر بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇھەررىر ئوقۇرمەنلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئوقۇش قىزىقىشى بىلەن ئېھتىياجىغا ئاساسەن تېما تاللاپ كىتاب نەشر قىلىدۇ، بۇ جەھەتتە مۇھەررىر ئوقۇرمەن بىلەن ياز-

غۇچى ئالاقە ـ مۇلاقەتتە بولۇش رولىنى ئوينايدۇ، بۇ مۇھەررىرلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق.

مۇھەررىر يەنە ئاپتورنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى خىزمەت ئوبيېكتى قىلىدۇ، ئەمگەك مېۋىسىنى پەرقلەندۈرۈش، تاللاش، ئىش قوشۇش، نەشر قىلىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مۇھەررىر كىتاب ئورگىنالىنىڭ تۇنجى ئوقۇرمىنى بولىدۇ. شۇڭا كىتاب ئورگىنالىنى تاللاش، پەرقلەندۈرۈش ئۆتكىلىنى مەھكەم ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ، نەشرىياتقا ۋە ئوقۇرمەنلەرگە يۈكسەك مەسئۇل بولىدۇ. كىتاب ئورگىنالىنى تىل، لوگىكا، ئىشلىتىش جەھەتتىن تەكشۈرۈپلا قالماي يەنە سىياسىي جەھەتتىنمۇ تەكشۈرىدۇ، زىنھار خاتالىققا يول قويمايدۇ، كىتابنىڭ مۇكەممەل نەشرىي بۇيۇمغا ئايلىنىشى ئۈچۈن تىرىشىدۇ. مۇھەررىر كىتاب چىقىرىش بىلەن بىرگە يەنە بىر تۈركۈم ئاپتورلارنى تەربىيەلەيدۇ ۋە بايقايدۇ، شۇڭا مۇھەررىرنىڭ كىتاب چىقىرىپ ئادەم تەربىيەلەش رولى بولىدۇ، يۇقىرى سۈپەتلىك كىتاب نەشر قىلىنسا جەمئىيەتكە پايدىلىق بولىدۇ. مۇھەررىر كىتاب چىقىرىپ كىشىلەرنى تەربىيەلەپلا قالماي، يەنە كىتابقا مۇجەسسەملەشكەن ئىدىيە، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تولۇق ئىگىلىشى كېرەك.

مۇھەررىر تەھرىرلىك بىلىملىرىنى ياخشى ئىگىلەپلا قالماي يەنە ئۈچ تەكشۈرۈش خىزمىتىنىمۇ ئەستايىدىل ئىشلىشى كېرەك. دەسلەپكى تەكشۈرۈشنى ئادەتتە تەھرىرلىك ئۇنۋانى بار ياكى ئۆزىدە تەھرىرلىك خىزمىتى جەھەتتە بەلگىلىك شەرت ـ شارائىت ھازىرلىغان ياردەمچى مۇھەررىر ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. دەسلەپكى تەكشۈرگۈچى پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئورگىنالىنى ئوقۇپ تەكشۈرۈش ئاساسىدا كەسپىي نۇقتىدا تۇرۇپ ئورگىنالنىڭ ئىجتىمالىي قىممىتى بىلەن مەدەنىيەت قىممىتى جەھەتتىن تەكشۈرىدۇ. سىياسىي ئۆتكەلنى، بىلىم ئۆتكىلى ۋە يېزىق ئۆتكىلىنى ياخشى ساقلايدۇ. دەسلەپكى ئوقۇشتا ئەسەر ئالدى بىلەن سىياسىي يۆنىلىش ۋە ئىدىيەۋى خاھىش جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈپ، ئاندىن كىتابنىڭ قىممىتى تەكشۈرۈلىدۇ، كېيىن كىتابنىڭ كونكرېت مەزمۇنى تەكشۈرۈلىدۇ. مۇشۇ ئاساستا كىتاب ئورگىنالىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن كەمچىلىكى ئانالىز قىلىنىدۇ؛ كىتاب ئورگىنالىنىڭ سان ـ سۈپىتىگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىلىدۇ. كىتاب ئورگىنالى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قىممىتىگە تەخمىنىي باھا بېرىلىدۇ. ئاخىرى كىتابنى تۇنجى ئوقۇش دوكلاتىنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

ئىككىنچى قېتىم ئوقۇشنى باش مۇھەررىر ياكى كاندىدات باش مۇھەررىر ئۈستىگە ئالىدۇ. كىتاب ئورگىنالى ئىككىنچى قېتىمدا ئومۇمىيۈزلۈك ئوقۇلىدۇ، كىتاب مەزمۇنى تولۇق ئىگىلىنىدۇ. بىرىنچى قېتىم ئوقۇلغاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرگە قاراپ چىقىلىدۇ ۋە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. كىتاب ئورگىنالىنى ئىشلىتىشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. تۇنجى ئوقۇغاندا ھەل بولمىغان بىر قىسىم مەسىلىلەر ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇپ ھەل قىلىنىدۇ، كەم يەرلىرى بولسا تولۇقلىنىدۇ، ھەتتا زۆرۈر تېپىلغاندا تۇنجى قېتىم كۆرگەن خادىمغا ئەسەر ئورگىنالىنى قايتا قاراپ چىقىشقا قايتۇرۇلىدۇ. ئاخىرقى قېتىم ئوقۇشنى ئالىي مۇھەررىر ۋە كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ياكى باش مۇھەررىر، نەشرىيات باشلىقى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ خادىم بىرىنچى، ئىككىنچى تەكشۈرۈش پىكرىگە ئاساسەن ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا مەسئۇلىيەتچانلىق نەزىرى بىلەن قاراپ چىقىپ، ئەسەر ئورگىنالىغا ئادىل باھا بېرىدۇ. ئەسەر مەزمۇنىنى ھەر تەرەپتىن تولۇق نەزەرگە ئالىدۇ، بولۇپمۇ سىياسىي جەھەتتىن قاتتىق تەكشۈرىدۇ. سىياسىيغا ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەرنى قالدۇرىدۇ، ئەسەرنى تولۇق ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئىشلىتىشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا قارار چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كىتاب ئورگىنالىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كوررېكتورلىقىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئوقۇش باسقۇچى باشلىنىدۇ. بۇ باسقۇچ «ئۈچ تەكشۈرۈش، ئۈچ كوررېكتورلۇق» خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەسلىي ئورگىنال ئەمەس، رەسمىي بېسىپ چىقىرىلغان ئورگىنال، يەنى كىتاب بولۇپ چىقىش ئالدىدىكى ئورگىنال ئوقۇلىدۇ. بۇنداق ئوقۇشتا يەنىلا خاتالىق داۋاملىق تۈزىتىلىدۇ، تېخنىكىلىق مەسىلە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئادەم ئىسمى، يەر نامى، تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ ئىسمى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ. بۇ ئەڭ ئاخىرقى ھالقا بولۇپ، كىتابنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

# زامانىۋى نەشرىياتچىلىق توغرىسىدا

گۈلباھار توختى

(شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 830049)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** زامانىۋى مەدەنىيەت يېتەكچى قىلىنىۋاتقان، ھەممە ساھە، ھەممە كەسىپ زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەنگەن بۈگۈنكى كۈندە تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇقنى زامانىۋىلاشتۇرۇشمۇ دەۋرنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى. بۇ ماقالىدە زامانىۋى نەشرىياتلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋە تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇقنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن.

**摘要:** 在各行各业以现代文化为引领的形势下、编辑与校对工作的现代化是时代的紧迫要求。本文阐述了如何实现编辑工作与校对工作现代化的途径。

زامانىۋىلىق ۋە زامانىۋىلىشىش ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خەلقئارالىق ئۇقۇم سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلدى، شۇنداقلا ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى يېتەكلەشتە مۇھىم رول ئوينىدى، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىمىز مىقياسىدا زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، ھەممە كەسىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قاتارلىق چاقىرىقلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە كۈچەپ تەشۋىق قىلىنىشى، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا بەزى تەدبىر، سىياسەتلەرنىڭ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمى ناھايىتى تېز بولماقتا، جۈملىدىن نەشرىياتلارنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمى يىلدىن يىلغا تېزلەشمەكتە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نەشرىياتلاردا ئەنئەنىۋى نەشرىياتچىلىق ئەندىزىلىرى ۋە ئەنئەنىۋى نەشرىياتچىلىق، تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇق چۈشەنچىلىرى يېڭىلىنىپ، زامانىۋى مەدەنىيەت يېتەكچى قىلىنىپ، كىتابلارنىڭ سۈپىتى، تۈرى دەۋرنىڭ تەلىپىگە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشىپ، ئاجايىپ گۈللەنگەن بىر مەنزىلگە كىردى. ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى نەشرىياتلارمۇ دەۋرگە ماسلىشىپ، ئىلغار تېخنىكىلارنى قوللىنىپ، كىتابلارنىڭ تەھرىرلىنىشى، كوررېكتورلۇقى، بەت - مۇقاۋىلىرىنىڭ لايىھەلىنىشى ۋە ياسىلىشىغىچە بولغان جەريانلارغا زور كۈچ سەرپ قىلىۋاتىدۇ. ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى نەشرىياتچىلىق دەۋرىدىكى كىتاب نەشر قىلىش سۈرئىتى بىلەن ھازىرقى كىتاب نەشر قىلىش سۈرئىتىنى، ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى بىلەن ھازىرقى كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى نەشرىياتلارنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئېلىپ كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەردۇر.

گەرچە ھازىر نەشرىياتچىلىقتا زور ئۆزگىرىشلەر، تەرەققىياتلار بولسىمۇ، زامانىۋىلاشقان نەشرىياتلار ئۈزۈكسىز كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، دۇنيانىڭ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغا، ئېلىمىزدىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، شەھەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز نەشرىياتچىلىقىنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى ئاستا دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ نەشرىياتلىرىمىز، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى كىتاب - ژۇرناللارنى نەشر قىلىدىغان نەشرىياتلار تېخى ئۆز ئالدىغا مەخسۇس تور بېكىتى قۇرۇپ باققىنى، تور كىتابخانىسى قۇرۇپ كىتاب بازىرىنى ئاچقىنى ۋە كېڭەيتكىنى يوق.

ئۇنداقتا زامانىۋى نەشرىياتچىلىق قانداق بولىدۇ؟ زامانىۋى نەشرىياتچىلىق نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش جەريانىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ، بىراق بىزنىڭ زامانىۋىلىشىش چۈشەنچىمىز يۈزەكى بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر نەشرىياتلاردا كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىشىنىلا زامانىۋىلاشقانلىق دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ زامانىۋىلىشىشنىڭ بوسۇغىسىدىكى ئىشلار. دۇنياغا قارايدىغان بولساق، نۇرغۇن چوڭ، دۇنياۋى نەشرىياتلار تور بىلەن بىرگەۋدىلىشىپ كەتكەن. دۇنيادىكى تۇنجى تور كىتابخانىسى 1995 - يىلى 7 - ئايدا ئامېرىكىدا قۇرۇلغان، بۇ كىتابخا-

نىنىڭ ئىسمى «ئامازون كىتابخانىسى» بولۇپ، ئەينى چاغدا ئاددىيتتىكى بىر تور بېكىتى ئىدى. قىسقىغىنىچە تۆت يىل ئىچىدە تېز سۈرئەتتە گۈللىنىپ، دۇنيادىكى 110 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايونغا كېڭىيىپ، مەخسۇس تور كىتابخانىسى شىركىتىگە ئايلانغان. 1999 ـ يىلى بۇ شىركەتنىڭ تور كىتابخانىسىدىن كىتاب سېتىۋالغانلار 6 مىليون 200 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشقان، شۇنىڭ بىلەن شىركەت تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كىتاب سېتىۋېلىش، كىتاب سېتىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويغان، VCD ، DVD پىلاستىنكىلىرى ۋە باشقا نەشر بۇيۇملىرىنى، نەشرىياتچىلىقتا مۇناسىۋەتلىك پىلاستىنكا، قوللانما، يۇمشاق دېتاللارنى بازارغا سالغان، بۇ جەرياندا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 4 مىليون 700 مىڭ خېرىداردىن ئارتۇق كىتاب ـ ماتېرىيالنى توپلىغان. بۇ كىتابخانىنىڭ قۇرغۇچىسى جېف بېزلوس دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تور كىتابخانىسى خوجايىنىغا ئايلانغان. ئۇ تور كىتابخانىسى قۇرۇلۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1997 ـ يىلىلا ئاجايىپ تېز تەرەققىي قىلىپ، 50 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق بىر ئامبار قۇرۇپ، كىتابلارنى شۇ يەرگە يىغىپ، خېرىدارلارغا ئەڭ تېز سۈرئەتتە يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويغان، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئالقىشلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارماق شىركەتلەرنى قۇرغان. گەرچە بۇ كىتابخانىنىڭ قۇرۇلغىنىغا 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئېلىمىزدە تور كىتابخانىسىنىڭ تەرەققىياتى ئانچە تېز ئەمەس. 2011 ـ يىلى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەملىكەت بويىچە نەشر بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ئورۇنلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش داۋامىدا ئېنىقلىنىشىچە، مەملىكەت بويىچە تور كىتابخانىسىدىن ئاران 157 سى بار ئىكەن. بۇ سان ئېلىمىزدەك چوڭ بىر دۆلەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن ئاز. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىدا كىتاب نەشر قىلىدىغان نەشرىياتلاردا بۇنىڭدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، تور كىتابخانىسى، تور قىرائەتخانىسى قاتارلىقلار نەشرىياتچىلىقنىڭ پەۋقۇلئاددە زامانىۋىلاشقان شەكلى ئەمەس. ھازىر نەشرىياتلارنىڭ ئۇچۇرلىشىش، سىپىرلىشىش قەدىمى تېزلىشىپ، ژۇرنالدىنمۇ تېز كىتاب نەشر قىلىدىغان نەشرىياتلار ۋۇجۇدقا كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا نەشرىيات خىزمەتچىلىرىنىڭ زامانىۋى نەشرىياتچىلىق چۈشەنچىسىگە ئىگە بولۇشى، بولۇپمۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ھەممىدىن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان مۇھەررىر، كوررېكتورلارنىڭ زامانىۋى ئاڭغا ئىگە بولۇشى ئەڭ مۇھىم. ئۇنداقتا، نەشرىياتلاردىكى مۇھەررىر، كوررېكتورلارنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەت ئېڭى قانداق بولۇشى كېرەك؟ تەھرىرلىك بىلەن كوررېكتورلۇقنى قانداق قىلغاندا زامانىۋىلاشتۇرغىلى، زامانىۋى نەشرىياتچىلىقنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟

**1. ئىدىيەنى يېڭىلاش كېرەك.** ئىدىيەنى يېڭىلاش دېگەن سۆز بىزگە يېڭىلىق ئەمەس. ئاڭلىماققا كونا گەپتەك قىلىدۇ، ئەمما ئىدىيەنى قانداق يېڭىلاش كېرەك؟ دېگەن سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تېپىش بىر مەسىلە بولماقتا. ھەرقانداق كەسىپ، ساھەدىكىلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىر ئىدىيەنى يېڭىلاش ئىنتايىن زۆرۈر. نەشرىيات ساھەسى ئۈچۈنمۇ شۇنداق. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىدىكى نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىدىغان نەشرىياتلار ئۈچۈن بۇ تېخىمۇ مۇھىم، چۈنكى ئۇزۇندىن ئۇزۇن داۋاملاشقان ئەنئەنىۋى نەشرىياتچىلىق چۈشەنچىسى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە ئورناپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە نۇرغۇن جەريان كېتىدۇ. ھازىر پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، نەشرىياتلارنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمى تېزلىشىپ، كىتاب نەشر قىلىش سۈرئىتىمۇ تېزلەشتى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ، مۇھەررىر، كوررېكتورلارغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئاشتى. بىراق، بەزىدىكى نەشرىيات خىزمەتچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭىدا كۆپ ئۆزگىرىش بولمىدى، ھازىرغىچە كوررېكتورلار پەقەت كىتابنىڭ ئىملاسىنى تۈزىسەكلا كۇپايە دەيدىغان، مۇھەررىرلەر ئاددىيتتىكى ئىملا خاتالىقلىرىنىمۇ ئۆزگەرتمەي، تۈزەتمەي، بۇ كوررېكتورنىڭ مەسئۇلىيىتى دەيدىغان خاتا چۈشەنچە مەۋجۇت. شۇڭا نۇرغۇن مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ خېتى ئىنتايىن سەت، ئىملاسى خاتا. ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زاماندا ئۇنىۋېرسال ساپا ئىزچىل تەكىتلىنىۋاتىدۇ، بىر ئادەم بىرلا ئىشنى قىلىشنى تاللايدىغان ۋە بىر ئىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغان زامان كەلمەسكە كەتتى. شۇڭا مۇھەررىرلەرمۇ، كوررېكتورلارمۇ ئىدىيەسىنى يېڭىلاپ، ھەم تەھرىرلىك، ھەم كوررېكتورلۇق قىلالايدىغان، ھەم كومپيۇتېردىن بىمالال پايدىلىنالايدىغان، بەت، مۇقاۋىلارنى ياسىيالايدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلىشى كېرەك. لېكىن بىزدە بۇنداق كۆپ ئىقتىدارلىقلار ناھايىتى ئاز، ئىدىيە يېڭىلانغاندىلا كوررېكتورلارمۇ، مۇھەررىرلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىدۇ. مەسئۇلىيەتنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ قويۇشتىن ساقلىنىدۇ.

**2. كەسپىي جەھەتتە تەربىيەلەشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.** خادىملارنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلەشكە ئە-

مىيەت بېرىش ئەزەلدىن تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان كونا گەپ. ئەمما زادى قانداق تەربىيەلەش كېرەك، قانداق تەربىيەلىگەندە تەربىيەلەشنىڭ ھەقىقىي ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تېپىشنىڭ مۇھىملىقى كۆپ تەكىتلەنمەيۋاتىدۇ. مېنىڭچە، نەشرىياتلاردا خىزمەت قىلىدىغان كەسپىي خادىملارنى تەربىيەلەشتە قاراتمىلىقنى كۈچەيتىش مۇھىم، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى كىتاب نەشر قىلىدىغان نەشرىياتلار قاراتمىلىق تەربىيەلەشكە ھەرگىز سەل قارىماسلىقى كېرەك، چۈنكى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى نەشرىياتلارنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى نەشرىياتلاردىن نۇرغۇن جەھەتتە پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرى بار.

ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشرىيات خىزمەتچىلىرىنى تەربىيەلەشكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ، يەنى مۇھەررىرلەرنى، كوررېكتورلارنى مۇنتىزىم تەربىيەلەش مەكتەپلىرى، كەسپلىرى، كۇرسلىرى يوق. پەقەت ئۇنىۋان ئالغۇچىلارنى ئۈزۈكسىز مائارىپ بويىچە قىسقا مۇددەتلىك تەربىيەلەشكە ئوخشاش تەربىيەلەش كۇرسلىرىدىن باشقا مۇنتىزىملاشقان، سىستېمىلاشقان تەربىيەلەش كۇرسلىرى يوق دېيەرلىك، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت كوررېكتورلىرىنى تەربىيەلەش ئىزچىل ئاجىز ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. شۇڭا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاخبارات كەسپلىرىدە مەخسۇس كوررېكتورلۇق كەسپلىرىنى تەسىس قىلىش، كوررېكتورلارنى سىستېمىلىق تەربىيەلەش كېرەك. سىستېمىلىق تەربىيەلەشتە ئىدىيە جەھەتتىن، كەسپ جەھەتتىن، ئۇنىۋېرسال ساپا جەھەتتىن تەربىيەلەش قاتارلىقلارنى چىڭ تۇتقاندا، ئۇلارنىڭ خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىنكى ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. كەسپىي جەھەتتە تەربىيەلەشنى كۈچەيتىشتە يەنە مۇھەررىرلەر بىلەن كوررېكتورلارنى، تەرجىمانلارنى ئارىلاش تەربىيەلەش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە تەشكىللەش كېرەك. ئىمكانىيەت يار بەرسە، باشقا شەھەر، ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىپ تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللەش كېرەك.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا كىتاب نەشر قىلىدىغان نەشرىياتلاردا ئارىلاش تەربىيەلەشكە سەل قارىلىۋاتىدۇ. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا كىتاب - ژۇرناللارنى نەشر قىلىدىغان نەشرىياتلاردا تەرجىمانلىقتىن ئىبارەت بىر ھالقا ئارتۇق، شۇڭا تەرجىمانلارنىمۇ مۇھەررىر، كوررېكتورلار بىلەن بىرلىكتە تەربىيەلەشنى كۈچەيتىش زۆرۈر. ھازىر بىزدە بۇنىڭغا سەل قارالغانلىقتىن، تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇق سۈپىتىدە ئېغىر مەسىلە كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

يېقىندا مەلۇم گېزىتتە بىر تەرجىمە ماقالىسىنى ئوقۇپ قالدىم، ئۇنىڭدا ئىككى ئاتالغۇ بىرنەچچە خىل ئېلىنغان، يەنى «نازىر دەرىجىلىك كادىرلار»، «نازارەت دەرىجىلىك كادىرلار»، «ئۆلكە دەرىجىلىك كادىرلار»، «ئۆلكە باشلىقى دەرىجىلىك كادىرلار» دەپ ئېلىنغان. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدا تەرجىمانىنىڭمۇ، مۇھەررىرىنىڭمۇ، كوررېكتورىنىڭمۇ دىققىتىدىن ساقىت بولغان بىر مەسىلە بار، بۇ يەردە «نازىر دەرىجىلىك» بىلەن «ئۆلكە باشلىقى دەرىجىلىك» دېيىلسە توغرا بولاتتى، چۈنكى بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنىڭ ھەر خىل بولۇشىلا ئەمەس، لوگىكا جەھەتتىن خاتالىقنى ھەركىم بىلىشى كېرەك، يەنى ئادەمنىڭ ئەملى ئورۇن بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ، ئەكسىچە ئادەم بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ مىسالنى ئېلىشىمدىكى سەۋەب، ئەگەر ئاخبارات - نەشرىيات ئورۇنلىرى تەرجىمان، مۇھەررىر، كوررېكتورلارنى بىرلىكتە تەربىيەلەشنى چىڭ تۇتسا، بۇنداق مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپ خاتالىقنىڭ ئالدى ئېلىنغان بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، كەسپىي جەھەتتە تەربىيەلەشتە يەنە خادىملارنى نوقۇل ئۆزى مەشغۇل بولۇۋاتقان كونكرېت خىزمەت پىرىنسىپلىرى بويىچىلا تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ قالماي، كومپيۇتېر، تىلشۇناسلىق قاتارلىقلار بويىچە تەربىيەلەشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، چۈنكى زامانىۋى تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خادىملارنىڭ كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتمەي بولمايدۇ. ھازىر كومپيۇتېرمۇ نەشرىياتچىلىقتىكى خاس كەسپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىۋېرسال كەسپ بولۇپ قالدى. ئۇنى بىلمەي تۇرۇپ زامانىۋى نەشرىياتنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشقىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، پۈتكۈل جەمئىيەت ئىلغار مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىپ، زامانىۋىلىشىش يولىغا مېڭىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە نەشرىياتلارمۇ زامانىۋىلىشىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇشى، مۇھەررىر، كوررېكتور قاتارلىق نەشرىيات خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىدىيەسىنى يېڭىلاپ، زامانىۋى نەشرىياتچىلىق ئېڭىغا ئىگە قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا نەشرىياتچىلىقنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولغىلى بولىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

# ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا

غەيرەتجان ئوسمان بىلىكيار

(شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىيو – تېلېۋىزىيە مەكتىپى قاغىلىق ناھىيەلىك شۆبىسى 844900)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە ئاپتور ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭ مەنبەسىنى ئانالىز قىلىش ئاساسىدا پەن تەتقىقاتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە بۇ ساھەدە ساقلىنىۋاتقان تەتقىقات تەكرارلىقى، بىلىم بايلىقى ۋە ئۇچۇر مونوپوللۇقى، نەزەرىيەۋى تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، تەتقىقاتتا يېڭىلىق يارىتىش كەمچىل بولۇشتەك مەسىلىلەرنى تۈزەش ۋە ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئۈستىدە توختىلىپ جەھەتتىن كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

**摘要**: 本文在针对社会科学界中存在的问题及其根源分析的基础上、提出了社会科学界学术研究的规范化和标准化的问题、同时对纠正重复研究、独享知识资源、不重视现代研究、缺乏创新意识问题提出了批评。

«قۇتادغۇبىلىك» تەبىئەت، ئىنسانىيەت، ئىلاھىيەت، جەمئىيەت، روھىيەت، ھەققانىيەت، ئادالەت ۋە سەنئەت مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار مۇتلەق كۆپ ساندىكى بىلىش مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئاز بولمىغان كىلاسسىك ئىدىيە، ئەقىل بايلىقلىرىنى مىراس قالدۇرۇپ، نۇرغۇن قىممەتلىك پىرىنسىپ ۋە ئۆلچەم – مىزانلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن بۈيۈك دەستۇر.

بىر جاي، بىر مىللەتنىڭ ئىلىم – پەن تەرەققىياتىدا بىر قانچە ئىلىم – پەن ئۇچقۇنلىرىنىڭ بولۇشى بىلەن سىجىل گۈللىنىشنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولمايدۇ. مۇھىمى، پۈتكۈل قەۋم ئومۇمىي خەلق بويىچە ئىدىيە ئەخلاق، تەدبىر بەلگىلەش لوگىكىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالقىش ۋە يېڭى بۆسۈش بولۇشى، ئىدىيەدە ئۆملۈك، دىلدا بىرلىك بولۇشى زۆرۈر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىجتىمائىي تۈزۈم جەھەتتە ئىلىم – پەننىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تۈزۈم مېخانىزم كاپالىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇپراقنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. ئېنىقكى، يېقىنقى زامان ئىلىم – پەننىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت بۆشۈكلىرى بولغان ئەرەب – ئىسلام مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشلۈك ئەللەردە، قەدىمىي مەدەنىيەتلىك جۇڭگودا ياكى ھىندىستاندا بارلىققا كەلمەي غەربلىكلەردە بارلىق كېلىشىنىمۇ ئۇلارنىڭ ئومۇمىي خەلق بويىچە تەبئىي پەنگە يۈرۈش قىلىشى ۋە تۈزۈم – مېخانىزم جەھەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك يېڭىلىق يارىتىلغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ۋە كېيىن تەبىئەت ھەم جەمئىيەت ساھەلىرىگە تۇتىشىدىغان ئەمەلىيەتچان بىلىم ئەنئەنىسى بولغانىدى. بىز بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ نامايەندىلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە يۈزلەندۇق. ئەۋلادلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئىلىم – پەن تارىخىدىكى تۆھپىلىرى بىلەن ناتونۇش. ئەگەر بىز ئۇلاردىن بىرقانچە سىيمانى غىل – پال ئەسلەپ ئۆتسەكلا، خىرەلىشىپ كەتكەن ئاشۇ قىممەتلىك ئەنئەنىنى جىددىي تىرىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يېتىمىز.

شۇڭا ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى تەتقىقاتنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇشقا، ئۆلچەملەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز مەتبۇئات تەلىپى ۋە سەھىپە ئۆلچىمى بويىچە پەقەت تۆۋەندىكىدەك پەقەت سەككىز تېمىنىلا ئىما قىلىپ ئۆتۈش ئارقىلىق مۇشۇ ساھەدىكى ئىلىمدالارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتىغا بىر قىسىم ئىلمىي خورۇچ ۋە يېڭى ئىلھام ئاتا قىلىش مەقسىتىدە پەقەت تېمىنىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ، كونكرېت تەپسىلاتلار كېيىنكىگە قالدۇردۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات مېتودى، ئۆلچىمى، رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە – پىرىنسىپلار، تېرمىن – ئاتالغۇلار، ئۆلچەم بىرلىكلىرى، نەتىجە باھالاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلچىمى ۋە قىممەت قاراش سىستېمىسى قاتارلىقلارنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۇرۇش ۋە زامانىۋىلىشىشقا جىددىي تۇتۇش قىلىش؛ ئىلمىي ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش؛ ئۆگىنىش ۋە پەن تەتقىقات ئىستىلىنى ھەقىقىي رۇسلاش؛ ھەقىقىي بىر مەيدان ئۆگىنىش ئىنقىلابى قوزغاپ، نەزەرىيە ئەمالىقى ۋە ئىلىم - پەن (شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، ئىلىم - پەندىكى پەن بىلەن پەن - تېخنىكىدىكى پەن ئەڭ ئالدى بىلەن ئوخشاشلا تەبىئىي پەندىكى پەن دېگەننى كۆرسىتىدۇ) ساۋاتسىزلىقىنى تۈگىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى سەككىز مەزمۇننى بىرلەشتۇرۇشنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

1. چوقۇم خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەقىدە - ئېتىقاد سىستېمىسىدىكى كىلاسسىك نەمۇنىلەر ۋە ئەقىل - بىلىم مىراسلىرىنى باش مەنبە، تۈپ يىلتىز (نېگىز)، يېتەكچى ۋە تايىنىش ئاساسى قىلىپ، بۇ ھەقتىكى تەپەككۇر ۋە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەنئەنىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىلىم ۋە نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىردەكلىكىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇش؛

2. ئۆتمۈشتىكىنى بۈگۈنگە، كىلاسسىكلارنى ھازىرقىغا خىزمەت قىلدۇرۇش، خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئەقىدىسى ۋە كىلاسسىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ئاساس قىلىش بىلەن ماركسىزم كىلاسسىكلىرىنىڭ مەنپەئەتلىك بىلىملىرى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيەسى، ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيەسى ۋە ھەممىدە ئادەمنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىشنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛

3. مىللىيلىك، ئەنئەنىلىك، خاسلىق ۋە ئۆزگىچىلىك بىلەن زامانىۋىلىق ۋە ئورتاقلىق، ھەممىبابلىقنى ئۆزئارا جانلىق، ئىجابىي بىرلەشتۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئىلغار مەدەنىيەت مېۋىلىرىنى ئاڭلىق ۋە پائال قوبۇل قىلىپ، ھەزىم قىلىپ، ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلىشنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛

4. تەتقىقاتچىلارنىڭ دىل بىرلىكى ۋە ئىدىيەۋى ئۈملۈكىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزئارا پىكىر ئىختىلاپى تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغان سوغۇقچىلىق ۋە سۈركىلىشنى تۈگىتىپ، ئىچكى خوراشنى يوقىتىش بىلەن كۆپ قاتلام، يۇقىرى سەۋىيەلىك، ئومۇميۈزلۈك ھالدا بىلىم ۋە نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛

5. ئادىمىي كامىللىق ئىزدەش يولىدىكى ئۇيغۇرغىلا خاس بولغان تار مەنىدىكى مەھەللىۋى مەدەنىيەت رامكىسى ۋە شەخسىيەتچىل ئۆزلۈك ئېڭىدىن بۆسۈپ چىقىپ، ئۆزلۈكىدىن ھالقىپ ئۆتۈش بىلەن كەڭ ئالەملىك نەزەر، ئىنسانىي يۈكسەكلىك، دۇنياۋى سەۋىيەدىكى ئىنسانغا، دۇنياغا كائىناتقا تەۋە ۋە ھەممىباب ئەبەدىي بولغان زاماندار، ئىختىراۋىي تەپەككۇر - تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش.

6. كىلاسسىك مەدەنىيەت چۈشەنچىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇيغۇرچە تار مەنىدىكى ئىپتىدائىي مەھەللىۋى مەدەنىيەت چۈشەنچىلىرىمىزنى يېڭىلاش بىلەن كەڭ ھەم يۈكسەك مەنىدىكى ئالىي مەدەنىي (ھازارەت) نىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛

7. ئەنئەنە، مىللىي خاسلىق ۋە ئۆزگىچىلىكنى ساقلاپ قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، شۇنداقلا ئىلغار مەدەنىيەت ئارقىلىق زامانىۋى تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛

8. ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ كەسپىي نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىدىكى نەزەرىيە ئەمالىقىنى تۈگىتىش بىلەن ئىلىم - پەن جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىپ، نەزەرىيە ئەمالىقى ۋە بىلىم قەھەتچىلىكىنى تەڭ تۈگىتىشنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى قېلىپلاشقان، ئۆلچەملەشكەن، زامانىۋىلاشقان، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن ھەممىباب، ئىلغار، زاماندار، نادىر دۇنياۋى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئۆزگىچە ئىدىيە تونۇش ۋە يېڭى مېتودلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. يۇقىرىقىلار پەقەت بۇ چوڭ تەتقىقات تېمىسىنىڭ تايىنىش ئاساسى، قېلىپلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈش توغرىسىدىكى ئاساسىي ئىدىيە، پىكىر يولى ۋە تەتقىقات مېتودى توغرىسىدىكى قىسقىچە ئۇچۇرلاردىنلا ئىبارەت بولۇپ، قالغان تەپسىلاتلار زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن قىسقارتىۋېتىلدى. بۇ ھەقتە داۋاملىق مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارىمىز.

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

# ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

ئامىنە ئەخمەت

(پىچان ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ 838200)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** تىل - ئەدەبىيات ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىنى پاكىزلايدىغان، ئۇلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي گۈزەللىك جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىشكەن ئادەم قىلىپ چىقىشتا يېتەكلەيدىغان مۇھىم پەن. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا تىل - ئەدەبىيات دەرسى ئاساسىي مائارىپنىڭ ئۇلتېشى. بۇ ماقالىدە ئاپتور تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى جەريانىدا ھېس قىلغان تەجرىبىلىرىنى ھەرقايسى تەرەپلەردىن مۇھاكىمە قىلغان.

**摘要:** 语文课是净化学生的精神世界、培养学生德智体全面发展的重要课程。中学语文课程是基础教育的基石。本文作者阐述了中学语文课程的授课经验。

تىل - ئەدەبىيات دەرسى ئاساسىي پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ۋە نىشانى قىلغان. مەن ئالدى بىلەن بىر ئۆگەنگۈچى ھەم ئىزدەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھېس قىلغان بىرقانچە تەرەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

**1. تىل - ئەدەبىيات دەرسىنىڭ سەنئەتلىك خاراكتېرىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.** تىل - ئەدەبىيات سەنئەتلىك خاراكتېرى كۈچلۈك بىر پەن بولغانلىقتىن، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىنىمۇ باشقا پەن ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى باشقا پەنلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغىنى جانسىز بولغان تەجرىبە مودېللىرى، شەكىل، ئىسخېما، قائىدە - فورمۇلالار بولسا، تىل - ئەدەبىياتنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغىنى پۈتۈنلەي باشقىچە بىر دۇنيا، يەنى باشتىن - ئاخىر ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان قەغەز يۈزىدىكى «تىرىك - جانلىق» نەرسىلەر بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى مۇشۇ «تىرىك - جانلىق» نەرسىلەرنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، ئوبرازلىق تەپەككۇردىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارغا بەلگىلىك دەرىجىدە بەدىئىي ۋە ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىپ ئۇلارنى ئەدەبىياتنىڭ گۈزەل دۇنياسىغا باشلاپ كىرىش ئارقىلىق ئۇلارغا ئېستېتىك تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ھەربىر تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئەڭ ئالدى بىلەن تىل - ئەدەبىياتنىڭ سەنئەتلىك خاراكتېرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە دىققەت قىلىشى كېرەك.

**2. تىل - ئەدەبىيات دەرسىنىڭ ئىجادىيلىقىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.** ھەممىمىزگە مەلۇم، تىل - ئەدەبىيات دەرسى ئىجادىيلىقى كۈچلۈك بىر دەرس بولۇپ، ئۇ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىدىن تېخنىكىلىقنى ئەمەس، بەلكى ئىجادىيلىقنى كۆپرەك تەلەپ قىلىدۇ. خاراكتېر جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتىن بولسۇن، باشقا پەنلەرگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. تىل - ئەدەبىيات دەرسىدىن باشقا پەنلەر ئوقۇتۇشتا ئوقۇتقۇچىلاردىن «تېخنىكىلىق مەسىلە»، «تېخنىكىلىق ماھارەت»، «تېخنىكىلىق دەرسلەر» نى بىرقەدەر كۆپ تەلەپ قىلسىمۇ، ئەمما تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ئوقۇتقۇچىلاردىن «ئىجادىيلىق» نى، «ئىجادىي دەرسلەر» نىڭ كۆپرەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداقتا «ئىجادىي دەرس» زادى قانداق بولىدۇ؟ بىز بۇ يەردە دەۋاتقان «ئىجادىي دەرس» ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇستەقىل ئوقۇتۇش ئىقتىدارىنى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئىجادىيلىقى، خاسلىقى، ھەققىي ئۆزگىچىلىكى نامايان قىلىنغان، تۇرلۇك ئەنئەنىۋى ئۆلچەم - قېلىپلارنى بۇزۇپ تاشلىغان، ئىجادىيلىققا باي، ئوقۇغۇچىلار ياقتۇرغان ۋە بىلىپ - بىلمەي، تەبىئىي ھالدا دەرسنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن دەرسلەرنى كۆرسىتىدۇ. تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا ئىجادىي يوسۇندا تەييارلىنىپ، قېلىپۋازلىقتىن خالىي يوسۇندا ئۆزىنىڭ خاسلىقىدا ئىجادىي ئۆتۈلگەن ھەربىر دەرس ئېنىقكى، شەك - شۈبھىسىز ھالدا ھەربىر ئوقۇغۇچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ ئۆزى سىنىپتا بولسىمۇ خىيال كەپتىرى ئاللىقاياقلاردا دانلاپ يۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى دەرسخانىغا قايتۇرۇپ كېلەلەيدۇ.

**3. ئوقۇتقۇچى نۇتۇق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.** مائارىپشۇناس سۇخوملىنىسكىي: «ئوقۇتقۇچىنىڭ تىل ساپاسى ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانىدىكى ئەقلىي ئەمگەك

www.uyghurkitap.com

ئۇنۇمىنى خېلى زور دەرىجىدە بەلگىلەيدۇ» دېگەنىدى. مانا بۇ، نۇتۇق تىلىنىڭ ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئوقۇتۇشتىكى ئالاھىدە ئۆتكۈر قورالى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. باشقا پەن ئوقۇتقۇچىلىرىغا قارىغاندا، تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆزىنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتىگە، تىل ئىقتىدارىغا ئالاھىدە قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك. ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تىلى چوقۇم توغرا، لوگىكىلىقى كۈچلۈك، قايىل قىلىش كۈچى يۇقىرى، ھېسسىياتلىق، جانلىق بولۇشى لازىم. مەيلى، بىلىم سەۋىيەسى قانچىلىك يۇقىرى ئوقۇتقۇچى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ نۇتۇق ئىقتىدارى يۇقىرى بولمىسا، شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس ئوقۇتۇشى مەغلۇبىيەتلىك ئوقۇتۇش بولغان بولىدۇ. ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە شۇنداق ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇكى، ئوخشاش ئوقۇتۇش ئوبيېكتلىرىغا، ئوخشاش ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى سۆزلەۋاتقان بىر قىسىم ئوقۇش تارىخى يۇقىرى، كەسپىي بىلىم سەۋىيەسى مول بولغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈش ئۈنۈمى ئانچە ياخشى ئەمەس. دەرسخانا كەيپىياتى جانسىز، ئوقۇغۇچىلار مۈگدەپ ياكى ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىپ، ئاللىقانداق تەگسىز خىياللار قايىنىمىغا چۆكۈپ ئولتۇرغان، ئوقۇتۇش نەتىجىسى تۆۋەن بولىدۇ. ئەكسىچە بىر قىسىم ئوقۇش تارىخى، كەسپىي بىلىم سەۋىيەسى ئانچە يۇقىرى بولمىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش نەتىجىسى يۇقىرى بولىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب — ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش سەنئىتىنىڭ جېنى بولغان ئوقۇتۇش تىلى ماھارىتىنىڭ يەنى نۇتۇق سەنئىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدە.

**4. ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدا ئازادە مۇھىت ۋە قويۇق ئۆگىنىش كەيپىياتى يارىتىشى كېرەك.** بىرىنچىدىن، ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدا چوقۇم ئەركىن، باراۋەر ئوقۇتۇش مۇھىتى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. شۇنداقىمۇ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار باركى، دەرسخانا كەيپىياتىنى جىددىي ھەم سۈرلۈك تۈسكە كىرگۈزۈپ دەرس ئۆتۈشكە ئامراق بولۇپ، شۇ سائەتلىك دەرستە ئوقۇغۇچىلار ئەركىنرەك نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، ۋاقىتنى توشقۇزالماي سائەتكە نۇرغۇن قېتىملاپ قاراپ چىقىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلى ئازادە بولالماي، دەرس ئۈستىدە ئۆز ئارا پىكىرلىشەلمەيدۇ، كاللىسىدا تەھلىل يۈرگۈزەلمەيدۇ. بۇنداق ئۆتۈلگەن دەرسمۇ تېزلا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئۈمىدۋار، ئاكتىپ كەيپىيات بىلەن دەرسكە كىرىشى، دەرسخانا ئوقۇتۇش سەنئىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى جانلىق، روھلۇق ھالدا ئىدىيە ئالماشتۇرىدىغان ئوقۇتۇش مۇھىتى يارىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىشى لازىم.

ئىككىنچىدىن، ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا ماھىر بولۇش كېرەك. يېتەكچىلىك چوقۇم مۇۋاپىق، جانلىق بولۇشى، ئوقۇتقۇچى قوزغىتىش ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارغا مەدەت بېرىدىغان بىر قىسىم ماختاش سۆزلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىشى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم.

**5. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.** «ئىجادىي تەپەككۇر يېڭىلىق يارىتىش رولىغا ئىگە بولغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش، تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان تەپەككۇر پائالىيىتى. ئىجادىي تەپەككۇر ئىدراك، ئەستە ساقلاش، تەپەككۇر قىلىش، ئۇلانما تەسەۋۋۇر، چۈشىنىش قاتارلىق ئىقتىدارلارنى ئاساس قىلىدىغان ئۇنىۋېرساللىق، ئىزدىنىشچانلىق، يېڭىلىق يارىتىشچانلىقتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك پسىخىك پائالىيەت. ئىجادىي تەپەككۇر كىشىلەرنىڭ بەدەل تۆلىشىگە ئېھتىياجلىق بولغان جاپالىق ئەقلىي ئەمگەك بولۇپ، ئىجادىي تەپەككۇر جەريانى خىلمۇ ـ خىل ئەقلىي خۇلاسە، تەسەۋۋۇر، ئۇلانما تەسەۋۋۇر، بىۋاستە سەزگۈ قاتارلىق تەپەككۇر پائالىيەتلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ مېڭىسى ئارقىلىق، ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنيانى ۋاستىلىك ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ.»①

نۆۋەتتە ساپا مائارىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، تەپەككۇر بۇلىقىنى ئېچىش، يۇقىرى ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش ـ دەۋرنىڭ مائارىپ سېپىدىكى ھەرقايسى پەن ئوقۇتقۇچىلىرىغا، جۈملىدىن تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرىغا قويغان جىددىي تەلىپى. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر بۇلىقىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟

بىرىنچىدىن، ئوقۇتۇش كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش كېرەك. تەسەۋۋۇر تەپەككۇر قىلىپ يېڭىلىق يارىتىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ھاياتىي كۈچكە تولغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدا چوقۇم ئەركىن، باراۋەر، ئىناق ـ ئىتتىپاق، بىر ـ بىرىگە زىچ ھەمكارلاشقان ئوقۇتۇش مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، دەرسخانىنى قايناق كەيپىياتقا تولدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى قانات يايدۇرۇپ، كۆپ خىل تەسەۋۋۇرنى دولقۇنلاتقاندىلا تەبىئىي ھالدا ئىجادىيەتنىڭ مەشئىلىنى تېپىپ چىقىپ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قوزغىتالايدۇ. تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلىگەندە ئوقۇغۇچىلارنى سۆز ـ جۈملىلەر ئارقىلىق مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرىنى، تىل ئارقىلىق تۇرمۇشنى كۆرەلەيدىغان قىلىپ يېتەكلەپ بىر پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئىچىگە سىڭدۈرۈپ ھاياتتىن تەسىرلىنىپ، گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنالايدىغان قىلىشى كېرەك. مەسىلەن، جۇزىچىڭنىڭ «نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ تۆتىنچى ئابزاسىدا: «ئەگرى ـ توقاي كەتكەن نىلۇپەر كۆلىنىڭ يۈزى تاۋاقتەك ـ تاۋاقتەك بولۇپ تۇتىشىپ كەتكەن يوپۇرماقلار بىلەن قاپلانغانىدى. يوپۇرماقلار سۇدىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى تىك تۇرغان ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ ئاق كۆڭلىكىگە ئوخشايتتى.» ② دېگەن سۆز ـ جۈملىلەر بار بولۇپ، ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا نىلۇپەر كۆلىدىكى تاۋاقتەك ـ تاۋاقتەك، قاتمۇقات يوپۇرماقلار سۇدىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغانلىقتىن، ئەمەدىلا ئۇسسۇلدىن توختىغان بالېت ئۇسسۇلچىلىرىنىڭ نەپىس، چىرايلىق ئاق كۆڭلىكىگە ئوخشىتىلغان. بىز ئوقۇغۇچىلارنى تىپتىنچ نىلۇپەر كۆلىنى ھەرىكەت ھالىتىدىكى ئۇسسۇل سەھنىسىگە ئۆزگەرتىپ، ئۇسسۇلچى قىزلار يېشىل رەڭلىك كۆڭلەك كىيىشىپ، قانات قېقىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان دەپ تەسەۋۋۇر قىلدۇرساق، تەسەۋۋۇرنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ ئوقۇغۇچىلار گۈزەل مەنزىرىلىك نىلۇپەر كۆلىنىڭ بويىغا يېتىپ بېرىپ، سۆز ـ جۈملىلەر ئىنتايىن جانلىق تەسىرگە ئايلىنىپ، ئەسەرگە تەسەۋۋۇر جەريانىدا قايتا جان كىرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۇمانىي نۇقتىلارنى مۇنازىرە قىلىشىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلاردا جانلىق تەپەككۇر يېتىلدۈرۈش كېرەك. مەسىلىنى ماھىرلىق بىلەن بايقاش ۋە ئوتتۇرىغا قويۇش يوشۇرۇن ئىجادىيەت كۈچىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۇمانىي نۇقتىلارنى مۇنازىرە قىلىشىغا ئىلھام بېرىشنى ئوقۇغۇچىلاردا ئىجادىي تەپەككۇرنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم يولى دېيىمىز. ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇتقۇچى ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى بەلگىلىك خام ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت ئۇلارنى يەنە تېخىمۇ كۆپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان، ئىجاد قىلىدىغان ۋاقىت ۋە بوشلۇق بىلەن تەمىنلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوخشىمىغان مۇھىتتا ئوخشىمىغان يۆنىلىش ۋە ئوخشىمىغان نۇقتىئىنەزەر بويىچە مەسىلىلەرنى بايقاپ، ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەپەككۇرنىڭ فورمۇلالاشقان كونا ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تەپەككۇر بوشلۇقىنى توختىماي قانات يايدۇرۇشىغا ئىلھام بېرىشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇلانما تەسەۋۋۇرىنى قانات يايدۇرۇپ، خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاساسىي مەزمۇننى ئىگىلىتىش كېرەك. مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى يەنىلا مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنى تەربىيەلەش. تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا ئوقۇتقۇچى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى، ھېس قىلغانلىرىنى ئەركىن ـ ئازادە سۆزلىيەلەيدىغان قىلىپ چىقىشى كېرەك. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «دورا» ناملىق ھېكايىسىنى ئۆتكەن ۋاقىتتا، ئاساسىي مەزمۇننى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، قۇرۇلمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىككى لىنىيە بويىچە «ئاپتور ھېكايىدە نېمە ئۈچۈن خۇاۋشەننىڭ ‹دورا› سېتىۋالغانلىقىنى ئېنىق يىپ ئۈچى، شياۋشىڭنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى يوشۇرۇن يىپ ئۈچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان؟» دەپ سوئال سورىساق، ئوقۇغۇچىلار: «ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىنتايىن كۆپ جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتقانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ قاراش خاتا ئەمەس، ئەمما خۇاۋشەننىڭ دورا سېتىۋېلىشىنى ئاپتور بىر تەرەپتىن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نادانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، خەلقنىڭ نادانلىقى ئىنقىلابچىلارغا ئىنتايىن كۆپ جاپا ـ مۇشەققەت ۋە دەرد ـ ئەلەملەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئېنىق يىپ ئۈچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ «يارىنى تاتىلاپ ئادەم قۇتقۇزۇش» تىن ئىبارەت ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ئېچىپ بېرىش مەقسىتىدە شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان دېسەك تېخىمۇ توغرا بولىدۇ. ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى پەقەت يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىدىكى دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ ئۈنۈملۈك يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاڭلىق ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرىنى يېتىلدۈرۈشنى ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم نىشانى قىلىپ دەرسخانىدا ئەمەلىيلەشتۈرسىلا ئۇلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتى ئاستا ـ ئاستا يېتىلىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ چىقىدۇ.

---

## ئىزاھلار:

① «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا» (خەنزۇچە) گۇاڭشى مائارىپى، 2003 ـ يىللىق 13 ـ سان.

② جۇزىچىڭ: «نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى»، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل ـ ئەدەبىيات» زۆرۈر دەرسلىك بىرىنچى كىتاب

تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپجان مەتىمىن

# كومپيۇتېر ئوقۇتۇشى توغرىسىدا

قۇدرەت رېشىت

(شىنجاڭ ساقچى ئىنستىتۇتى پەن - تېخنىكا ئوقۇتۇش بۆلۈمى 830013)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە ئاپتور ئۆزىنىڭ بىر يىللىق ئاساسىي قاتلام مائارىپىغا ياردەم قىلىش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يېڭىلاش، دەرسخانا سىرتىدىكى مەشغۇلات تەجرىبىسىنى لاھىيىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىزدىنىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ كومپيۇتېر ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

**摘要：** 本文作者论述了在基层支教工作中的调研情况、探索改革传统教学模式革新教学方式、全新设计课外活动和计划等方面的问题、并提出了如何提高中学计算机课程效果的看法。

كومپيۇتېر دەرسلىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كومپيۇتېرغا بولغان قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈپ، كومپيۇتېر ئاساسىي بىلىم ۋە تېخنىكىسىنى چۈشىنىش ۋە قوبۇل قىلىشىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. كومپيۇتېر دەرسلىكىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلار ياخشى بولغان ئۇچۇر تەربىيەسىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇچۇر دەۋرىدىكى ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە تۇرمۇشقا ماسلىشىشىغا ئاسانلىق يارىتىدۇ. كومپيۇتېر ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا ئىزدىنىش، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇچۇر تەربىيەسىنى راۋاجلاندۇرۇش، يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا مەكتەپ كومپيۇتېر ئوقۇتۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

ئالدى بىلەن، ئۆزەم تۇرۇۋاتقان ياردەم نۇقتىسى تېكەس ناھىيەسى چولاق تېرەك يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. مەكتەپتە جەمئىي 18 سىنىپ بولۇپ، تولۇقسىز 1 - يىللىقتا 7 سىنىپ، تولۇقسىز 2 - يىللىقتا 6 سىنىپ، تولۇقسىز 3 - يىللىقتا 5 سىنىپ بار. 2011 - يىلى سېنتەبىردىن باشلاپ، بۇ مەكتەپتە كومپيۇتېر دەرسلىكى تەسىس قىلىنغان، يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىلەر بىرقەدەر مۇكەممەل بولۇپ، مەخسۇس كومپيۇتېر تەجرىبىخانىسىدىن ئىككىسى، جەمئىي 90 دانە كومپيۇتېر بار، ھەر بىر تەجرىبىخانىغا كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۈپىسى سەپلەنگەن، ھەر بىر سىنىپقا ھەپتىسىگە بىر سائەتتىن بىر مەۋسۇمدە 20 سائەت دەرس ئۆتىلىدۇ. دەرسلىك كومپيۇتېرنى ئېچىش ۋە ئېتىش، كومپيۇتېردا خەت بېسىش، ھۆججەت ئۈستىدە ئاددىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ۋە رەسىم تاختىسى قورالى ئارقىلىق رەسىم سىزىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئاساس قىلغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كومپيۇتېرغا بولغان چۈشىنىشى ۋە ئۆگىنىش ئەھۋالىنى بىلىش مەقسىتىدە، پۈتۈن مەكتەپ دائىرىسىدە سوئال ۋاراقچىسى ئارقىلىق ئەھۋال ئىگىلەش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردىم. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، 48% ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيىدە كومپيۇتېر بار، 17% ئوقۇغۇچى كومپيۇتېر بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغان، كومپيۇتېر بىلىملىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى 21% بولغان. تەكىتلەشكە ئەرزىيدۇكى بۇ 21% ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە، نۇرغۇنلىرى office يۇمشاق دېتالىنى ئىشلىتىش، سۈرەت بىر تەرەپ قىلىش، تور بەت لاھىيىلەش قاتارلىق قابىلىيەتلەرگە ئىگە ئىكەن. تەكشۈرۈشتىن يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ كومپيۇتېر ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، نېمە قىلىشىنى قانداق ئۆگىنىشنى بىلەلمەي تېمىسقىلاپ يۈرگەنلىكىنىمۇ بايقىدىم.

تېخىمۇ ئېچكىرىلىگەن ھالدا ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن، تېكەس ناھىيەسىدىكى بىرقەدەر تىپىك بولغان ئىككى مەكتەپتە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. تەكشۈرۈشتىن يەنە شۇنى بايقىدىمكى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كۆپ قىسىملىرى يۇقىرى بىلىم يۇرتىغا كىرىش بېسىمىنى ئۆزىگە يۈك قى-

لىۋېلىپ، كومپيۇتېر دەرسىنى رولى چوڭ بولمىغان پەن دەپ قاراپ، دەرستىن قاچىدىغان يامان ئىللەتلەرمۇ كۆپ ئىكەن.

**2. ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا مەكتەپ كومپيۇتېر ئوقۇتۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر**

بىرىنچى، ئىمتىھان ئۈچۈن دەرس ئاڭلاش. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزدە ئوتتۇرا مەكتەپ كومپيۇتېر دەرسلىكى مۇستەقىل بولغان ئاساسىي پەن ئەمەس. دەرسلىك قۇرۇلمىسىدا، بەزى يىللىقلارنىڭ دەرس ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولماسلىق، دەرس مەزمۇنى ئوخشاشماسلىقتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئاساسىي قاتلامدىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئىمتىھان نەتىجىسىنى يۇقىرى چىقىرىش ئۈچۈن كومپيۇتېر مەشغۇلات تەجرىبە ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ كۆنۈكمە مىسال تەقلىدىي سوئالى ئىشلەپ، كومپيۇتېر دەرسلىك ماھارىتى تەكىتلەۋاتقان ئۆگەنگەننى جانلىق ئىشلىتىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى يېتىلدۈرۈش دېگەنلەرگە زىت ئىش قىلىۋاتىدۇ.

ئىككىنچى، يۇقىرى بىلىم يۇرتىغا كىرىش بېسىمى سەۋەبلىك كومپيۇتېر دەرسلىكىنىڭ چەتلىنىشى. ئاساسىي قاتلامدا نۇرغۇنلىغان ئوتتۇرا مەكتەپتە كومپيۇتېر دەرسلىكى ئۆتۈلۈۋاتىدۇ. مەيلى نوقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ياكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بولسۇن، كومپيۇتېر دەرسىنى قۇرۇق جازا قىلىپ قويۇۋاتىدۇ، مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ، كۆپ قىسمى يەنىلا شەكىل ئۈچۈن ئەپلەپ ـ سەپلەپ تەكشۈرۈشلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنى مەقسەت قىلىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە كومپيۇتېر دەرسلىكىنىڭ تولۇق ئوتتۇرىغا كۆچۈش ۋە ئالىي مەكتەپكە كۆچۈش ئىمتىھانلىرى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشى بولمىغانلىقتىن، مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تەمىنات ۋە ئۈستۈرۈش جەھەتلەردە كومپيۇتېر ئوقۇتقۇچىلىرىغا كۆپرەك ئېتىبار بېرىلمىگەنلىكتىن، ئوقۇتقۇچىلاردىمۇ ئاكتىپچانلىق سۇسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئۈچىنچى، ئوقۇتۇش مېتودى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمايۋاتىدۇ. نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئوقۇتۇش جەريانىدا، بىر قىسىم ئاساسىي ئۇقۇم ۋە مەشغۇلاتلارنى مۇنداقلا سۆزلەپ ئۆتۈپ، ئاساسلىق ئوقۇتۇشنى ئىشخانا يۇمشاق دېتاللىرىنى ئىشلىتىشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشنى جەمئىيەتتىكى بىر خىل كومپيۇتېردىن تەربىيەلەش سىنىپلىرىغا ئوخشىتىپ قويۇۋاتىدۇ. ئوقۇغۇچىلاردا بولسا دەرس ۋاقتى قىس بولۇش، ئۆيىدە كومپيۇتېر بولماسلىق، يۇقىرى ئۆرلەش بېسىمى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ مەزمۇنلارنى قوبۇل قىلىش تەسكە توختاۋاتىدۇ. ئەگەر ئەمەلىي مەشغۇلاتقىلا ئەھمىيەت بېرىپ ئاساسىي ئۇقۇم پىرىنسىپلاردىن چۈشەنچە بېرىلمىگەندە، بىلىم قاتلىمىنىڭ يۈزەكى بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ ئىلىم ـ پەن ماھارىتىنىڭ روھىغىمۇ زىتتۇر.

**3. ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا مەكتەپ كومپيۇتېر ئوقۇتۇشىدىكى ئىسلاھ**

بىرىنچىدىن، ئوقۇتقۇچىلار كەسپىي بىلىمىنى يېڭىلاپ تۇرۇشى كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار ھەر ۋاقىت كومپيۇتېرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىشلىتىش ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى، كەسپىي بىلىمىنى يېڭىلاپ تۇرۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا دەرسلىكتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كومپيۇتېرغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇچۇر دەۋرىگە ماس قەدەمدە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارالايدۇ. ئەلۋەتتە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي بىلىم ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشىدىن سىرت، مەكتەپلەرمۇ بىلىم ئاشۇرۇش، بىلىم يېڭىلاشتەك سىرتقا چىقىپ ئۆگىنىش شارائىتلىرى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئوتتۇرا مەكتەپ كومپيۇتېر ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا ئىسلاھ ئېلىپ بېرىش كېرەك. بىز دەرسلىك مەزمۇنىنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە باغلاپ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېشىغا ماس بولغان، ئەمەلىي تۇرمۇشى ۋە ئۆگىنىشىدىكى مىساللارغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاددىي ھەم ئەتراپلىق بولغان دەرسلىك مەزمۇن لاھىيەسىنى تۈزۈپ چىقىشىمىز كېرەك. دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ئاساسىي ئۇقۇم ۋە پىرىنسىپنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش ئاساسىدا، كۆپ ۋاسىتىلىق دەرسلىك ماتېرىياللىرى، ئوقۇتۇش سىنئالغۇ پىلاستىنكىلىرى قاتارلىق ئوقۇتۇش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى ئۆگىنىش، چۈشىنىش ۋە ئەمەلىي قوللىنىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى تۈپتىن ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئوقۇتۇش نىشانىنى ئاساس قىلىپ، بىلىم ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلىشتىن سىرت، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ۋە يېڭىچە پىكىر قىلىشىنى يېتىلدۈرۈشنى ئوقۇتۇش مەقسىتى قىلىشى زۆرۈردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتا ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئىلھاملاندۇرۇشتەك ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشى، بىلىم نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ سوئال ـ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قوشۇمچە زۆرۈر بولغان يېشىم پىكىرلىرىنى سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئاكتىپ ئۆگىنىش ۋە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە يېتەكلىشى كېرەك، ھەمدە مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈش ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا مۇكەممەل ھالدا مەسىلىلەرنى تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم.

تۆتىنچىدىن، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار ئۆتۈلۈۋاتقان نەزەرىيەۋى بىلىمنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەننى ئۇنىۋېرسال ئىشلىتىش، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. ئوقۇتقۇچى كۆرسەتمە شەكلىدىكى تەجرىبە مەزمۇنىنى ئازايتىپ، ماھارەت لايىھە ۋە ئۇنىۋېرسال شەكلىدىكى ئەمەلىي ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى كۆپەيتىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاتقىلى، تەجرىبە دەرسلىكىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پاسسىپ ئوقۇش ھالىتىدىن ئاكتىپ ئوقۇش ھالىتىگە ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

بەشىنچىدىن، دەرس ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. ئادەتتە ئوتتۇرا مەكتەپ كومپيۇتېر دەرسلىكىدەWindows مەشغۇلات سىستېمىسى ۋە office يۇمشاق دېتالى كۆپرەك سۆزلىنىدىغان بولۇپ، ئەمەلىي ئىشلىتىلىشچانلىقى يۇقىرى بولىدۇ. نەزەرىيەۋى دەرس بىلەن تەجرىبە دەرس نىسبىتى 1:1 بولسا ئەڭ مۇۋاپىق، بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى قول تۇتۇپ ئەمەلىي مەشغۇلات قىلىپ ھەقىقىي چۈشىنىش ۋە جانلىق ئىشلىتىش ئۇنۇمىگە ئېرىشىش، ھەمدە يۇقىرىدا ئېيتىلغان نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز.

ئالتىنچىدىن، دەرسخانىدىن سىرتقى مەشغۇلات تەجرىبە دەرسلىكىنىڭ لاھىيىسىنى ياخشى قىلىش كېرەك. ئوتتۇرا مەكتەپلەردە كومپيۇتېر ئۆگىنىش جەريانىدا نۇرغۇن ھەۋەسكارلار مەيدانغا چىقىدۇ، بۇ ئوقۇغۇچىلار دەرسخانا ئۆگىنىشىگىلا قانائەت قىلىپ قالماستىن، كومپيۇتېرنىڭ نۇرغۇنلىغان بىلىملىرى ۋە ئەمەلىي تېخنىكىلىرىغا ھەۋەس قىلىدۇ، ئوقۇتقۇچىلار تەشكىللىك ۋە پىلانلىق بولغان دەرسخانا سىرتىدىكى ئەمەلىي تەجرىبە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈپ توغرا يېتەكلەپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. دەرسخانا سىرتقى ئوقۇتۇشتا بىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن، ئۇلارنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى يارىتىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىشىمىز ۋە ئۇلارنى يېتەكلىشىمىز لازىم. مەسىلەن، تور بەت لاھىيەلەش پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلۈكىدىن تەبىئىي ھالدا ئۆگىنىش قاينىمىغا ئېلىپ كىرىپ، مۇناسىۋەتلىك بىلىم ۋە تېخنىكىلارنى ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولىمىز، ھەمدە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشىنى يېتىلدۈرەلەيمىز.

ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا مەكتەپ كومپيۇتېر ئوقۇتۇشى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىزدىنىشىگە ئېھتىياجلىق. كومپيۇتېر ئوقۇتۇشىدا ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئەلۋەتتە بۇ بىر ئىككى سائەتلىك دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلە بولماستىن، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىزچىل ۋەزىپىسى بولۇپ، ھەربىر سائەت دەرس ۋە ھەربىر ئوقۇتۇش لاھىيەسىدە تەكىتلەپ تۇرىدىغان مەزمۇندۇر. ئوتتۇرا مەكتەپ كومپيۇتېر ئوقۇتۇشىدا ئوقۇتقۇچىلار يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، مەسىلەن، ئەركىن پىكىر قىلىدىغان، زېھنى ئوچۇق، قىزىقىشى كەڭ، ئۆگىنىشنى ئاسان قوبۇل قىلىدىغان خاراكتېرىنى تۇتۇپ، مۇۋاپىق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز. ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا مەكتەپ كومپيۇتېر دەرسلىكىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبە ئوقۇتۇشىدا ئوقۇتقۇچىلار ئەمەلىيەتكە بولغان سەزگۈر تونۇشىمىز بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق ئالاھىدىلىكىمىزدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىمىزگە خاس بولغان ئوقۇتۇش ئۇسلۇبىنى يارىتىپ، كومپيۇتېر ئوقۇتۇشىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تىرىشىشىمىز لازىم.

تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپجان مەتىمىن

نەۋائى

دەير بازاركى پەندنى گوش ئەيلەگىل

بادەيى بىشتەك ساقىنى پۇر نوش ئەيلەگىل

سىپىر چەرە قاچانكىم نۇرۇ نگەيتى قوياش

تەرپا چيت پانىڭ چېھرەسىدىن باردى ياش

راشد

www.uyghurkitap.com




# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG

国内统一刊号：CN65-1147/C
邮发代号：58-137
地址：乌鲁木齐市金银大道新闻大厦9楼《新疆社科论坛》杂志社
邮政编码：830002
E-mail:munberim@sina.com
电话：(0991) 7879735
定价：6.00元
印刷：新疆新华印刷厂

دۆلەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65_1147/C
مۇشتەرى قوبۇل قىلىش نومۇرى: 137_58
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتۇن-كۈمۈش يولى ئاخبارات سارىيى 9-قەۋەت «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» تەھرىراتى
پوچتا نومۇرى: 830002
E_mail : munberim@sina.com
تېلېفون: 0991_7879735
يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ISSN 1673-1476

08